دۇنيادىكى ئون چوڭ ئېپوس

# شىرمەت باتۇر گېسىر شاھ

(جۇڭگو)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

15
I247.5
108

دۇنيادىكى ئون چوڭ ئېپوس

# شىرمەت باتۇر گېسىر شاھ

ئەسلىي ئاپتورى : گې شۇېن ( جۇڭگو )
تەرجىمە قىلغۇچى : ئىبراھىم ئىمىن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

雄师格萨尔王/葛诗文著；伊不拉音·伊明译.
—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2005.8
ISBN 7-228-09528-6

Ⅰ.雄… Ⅱ.①葛… ②伊… Ⅲ.长篇小说-中国
-当代-维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2005)第091220号

责任编辑：木尼拉·木沙江
责任校对：玛依努尔
出版策划：艾尔肯·伊不拉音·飞达

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号 邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆隆益达印务有限公司印刷
850×1168毫米 32开本 8.125印张
2005年8月第1版 2005年8月第1次印刷

印数：1—4000

ISBN 7-228-09528-6
单价：11.00元（总定价：110.00元）

بۇ كىتاب جىلىن فوتو سۈرەت نەشرىياتىنىڭ 1994 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1994 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据吉林摄影出版社 1994 年 4 月第 1 版 1994 年 4 月第 1 次印刷本翻译出版。


مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇنىرە مۇساجان

مەسئۇل كوررېكتورى: ماينۇر

پىلانلىغۇچى: ئەركىن ئىبراھىم پەيدا


دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ ئېپوس

**شېرمەت باتۇر گېسېر شاھ**

تەرجىمە قىلغۇچى: ئىبراھىم ئىمىن

*


شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

شىنجاڭ لوڭيىدا باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى

850×1168 مم، 32 فورمات، باسما تاۋىقى: 8.125

2005 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

2005 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

تىرازى: 1—4000

ISBN7—228—09528—6

يەككە باھاسى: 11.00 يۈەن (ئومۇمىي باھاسى 110.00 يۈەن)

# قىسقىچە مەزمۇنى

«دۇنيا ئۆگزىسى»گە تارقالغان بۇ ئېپوس خۇددى ئۆزىنى ياراتقان ھىمالايا تېغىغا ئوخشاش ھەيۋەتلىك ۋە ئېگىز، ئۇزۇن ۋە كەڭ، شۇنداقلا بەكمۇ كۆركەم بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن «بۈيۈك ئېپوس» دەپ ئاتالغان.

ئۇنىڭدا مۇنۇلار بايان قىلىنىدۇ: پروتېروزوي ئېراسىدا، يەر - زېمىندا ئالۋاستىلار زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغاچقا، پۇقرا- لار چەكسىز بالايىئاپەت، جەبرى - جاپالارغا دۇچار بولىدۇ. ئەرشتىكى ئالەمپانا بۇدساتتۋا بۇ ئىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، تەڭرد- قۇت براخما بىلەن بىللە ئالۋاستىلارنى يوقىتىش پىلانىنى كېڭد- شىپ، تەڭرىقۇتتىن تۆرەلگەن ئۈچ ئوغۇل ئىچىدىن بىرىنى پانىي ئالەمگە چۈشۈپ ئالۋاستىلارنى يوقىتىشقا ئەۋەتمەكچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، كەنجى ئوغۇل دۇنجۇغاربو بۇيرۇق بويىچە ئەرش- تىن پەرشكە چۈشۈپ قايتىدىن تۆرىلىش، پادىشاھ بولۇش، ئال- ۋاستىلار بىلەن ئېلىشىش، ئېلىنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇ- رۇش، خور شاھىنى يوقىتىپ لىڭ ئېلىنى يېڭىۋاشتىن قۇرۇش- تەك خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈرىدۇ.

ئېپوسنىڭ خور ئېلى بىلەن لىڭ ئېلى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇدا بىرنەچچە يىللىق ئۇرۇش بايان قىلىنغان قىسمىدا، يەنە خانىش ۋە لىڭ ئېلى قەھرىمانلىرىنىڭ مەردۇمەردانىلىقلىرى مەدھىيىلد- نىپ، ئۇلارنىڭ تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازلىرى يارىتىلىپ، ئې- پوس يارىتىشنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە چىقىلغان.

# مۇندەرىجە


| | |
|---|---|
| بىرىنچى قىسسە | قەھرىمانىنىڭ تۇغۇلۇشى ......... 1 |
| ئىككىنچى قىسسە | جۇماۋىنىڭ خانىش بولۇشى ...... 16 |
| ئۈچىنچى قىسسە | ئالۋاستىلارنى بويسۇندۇرۇش...... 35 |
| تۆتىنچى قىسسە | خورلارنىڭ تاجاۋۇزى .......... 73 |
| بەشىنچى قىسسە | ۋەتەن ئۇرۇشى ............... 128 |
| ئالتىنچى قىسسە | خانىشنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچ-- رىشى ..................... 160 |
| يەتتىنچى قىسسە | شىرمەت باتۇرنىڭ ھەيۋىسى...... 187 |
| سەككىزىنچى قىسسە | خور ئېلىنى بويسۇندۇرۇش ... 224 |

كۆز يەتكۈسىز قارلىق تاغ خۇددى پەرىلەرنىڭ چۈمپەردىسى-دەك يېپىلىپ تۇرىدۇ. كۆپكۆك يالىڭاچ ئارچىلار دالىلاردا خۇددى يېشىل كىمخاپلاردەك كۆرۈنىدۇ. ياۋروئاسىيا كىندىكى رايونىدىكى «دۇنيا ئۆگزىسى» دەپ ئاتالغان چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىدە نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان بىر ئاجايىپ خەلق ئېپوسى «گېسېر شاھ» تارقىلىپ كەلمەكتە. ئۇ خۇددى ھىمالايا تېغىدەك ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك بولۇپ، تارقىلىشى كەڭ ۋە بارغانسېرى كۆركەملىشىپ بارماقتا.

قارلىق تاغدا يېتىلگەن بۇ رىۋايەتتە، ئىپار ھىدلىق يايلاقتا تۆرەلگەن بۇ گۈزەل ئېپوستا، باتۇر ئەزىمەتلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ۋە ئاياللارنىڭ ھەسرەت - نادامىتى ئۇرغۇپ، بىر مىللەتنىڭ خاراكتېرى ۋە جەڭ ۋەزىيىتى نامايان قىلىنىدۇ...

## بىرىنچى قىسىم

# قەھرىمانىنىڭ تۇغۇلۇشى

ناھايىتى نۇرغۇن دەۋرلەردىن ئىلگىرى، ئەرشتىكى تەڭرى دەرگاھىدا بىر ئىدىقۇت براخما تۇراتتى. براخمانىڭ خانىشى بىڭ-

جۇڭجيېماۋ ئىدى. ئۇلاردىن ئۈچ ئوغۇل ئاپىرىدە بولغان، چوڭ ئوغۇلىنىڭ ئىسمى دۇنگا، ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى دۇنلېي، ئۈچىنچى ئوغلىنىڭ بولسا دۇنجۇغاربو ئىدى. دۇنجۇغاربو ئىككى ئاكىسىغا قارىغاندا ئەقىللىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى باتۇر ۋە قەيسەر، بىلەك كۈچى ھەممىدىن ئارتۇق، قورالىلىرى سەر خىل ۋە تولۇق، ماھارىتى ئاجايىپ ئىدى.

ئۇ چاغلاردا پانىي دۇنيادا ئالۋاستىلار زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان، ئاق كۆڭۈل گۇناھسىز پۇقرالار تۈگىمەس ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولغان، تۇرمۇشى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، كۈن بويى دەككە ـ دۈككىدە ئۆتەتتى. پانىي دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئادالەتسىزلىكلەرنى كۆرگەن مېھرى ـ شەپقەتلىك بۇدساتىۋا ئاخىرى بۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي، ئىدىقۇت براخما بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىر ئىلاھنى پانىي دۇنياغا ئەۋەتىش ئارقىلىق ئالۋاستىلارنى يوقىتىپ خەلقنى قۇتقۇزۇشنى قارار قىلدى.

تەڭرىقۇت براخما ئۆزىنىڭ ئۈچ ئوغلىدىن بىرنى تاللاپ پانىي ئالەمگە چۈشۈرۈش ئارقىلىق، ئالۋاستىلارنى يوقىتىپ خەلقنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا ماقۇل بولدى. ئەمما، قايسىسىنى ئەۋەتىش كېرەك؟ ئۇ سەل ئارىسالدى بولدى، چۈنكى ئۇ ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن ئايرىلىشقا قىيالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈچ ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ، ئەھۋالنى ئېنىق ئېيتىپ كىمنىڭ بېرىشىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە بەلگىلەتتىشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. لېكىن، كىممۇ بېرىشنى خالىسۇن؟ پانىي ئالەم ئەرشتىكىدەك ياخشى ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەرگە چۈشكەندە ئۆلۈپ قايتا تۆرىلىدىغان گەپ! بۇنىڭغا ئاكىلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئۈنىمىدى، ئاخىرى كىچىك ئىنىسى دۇنجۇغاربو:

— بىز مۇسابىقە ئارقىلىق تەقدىرىمىزنى سىناپ باقايلى، ئاۋۋال ئوقيا ئېتىش، ئاندىن تاش ئېتىش، ئاخىرىدا شىشىخال

ئويناش بىلەن بەسلىشەيلى، — دېدى.
ئىككى ئاكىسى بۇ ئۇسۇل بولىدىكەن دەپ قاراپ، خۇشال هالدا قوشۇلدى.
ئەتىسى تاڭ ئەمدىلا يورۇغاندا، ئۈچ ئاكا - ئۇكا ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسىنى باشلىدى. نەتىجىدە مۇسابىقە قائىدىسى بويىچە، پانىي ئالەمگە چۈشۈش ئىشى ئىنىسى دۇنجۇغاربوغا يۈك-لەندى. چۈشتە تاش ئېتىش مۇسابىقىسى قىلىنىۋېدى، نەتىجە يەنىلا ئوخشاش بولدى. كەچتە شىشىخال ئېتىشىۋېدى، دۇنجۇغاربو يە-نىلا ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. قارىغاندا خۇدانىڭ ئىرادى-سى شۇنداق بولسا كېرەك. شۇنىڭ بىلەن، پانىي ئالەمگە چۈشۈپ ئالۋاستىلارنى يوقىتىش ۋەزىپىسىنى كىچىك ئىنىسى دۇنجۇغاربو ئۈستىگە ئالدى. ئانىسى بىخجۇخجىيىماۋ ئىلاھىي كۈچ ئارقىلىق كىچىك ئوغلى دۇنجۇغاربونى بىر گۈزەل قۇشقا ئايلاندۇردى. بۇ قۇشنىڭ بەدىنىنىڭ يۇقىرىقى قىسمى سېرىق ئالتۇندىن، بەدىنى-نىڭ تۆۋەن تەرىپى قارىغاي قولاق تېشىدىن، بېلى قاردەك ئاق سەدەپ قۇلۇلىسىدىن، بارماقلىرى تۆمۈردىن، ئىككى كۆزى گۈللۈك ھېقىقتىن ياسالغانىدى. مەيلى ئەرشتە ياكى پانىي ئالەم-دە بولسۇن، بۇنداق قۇشنى ھېچكىم كۆرمىگەنىدى.
ئانىسى:
— سەن ئاۋۋال پانىي ئالەمگە ئۇچۇپ چۈشۈپ، مۇۋاپىق قايتا تۆرىلىش ئورنى تاپقاندىن كېيىن، بىزنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇپ ئاندىن چۈشكىن، — دېدى.
قۇش قانىتىنى بىرلا يېيىپ ئەرشتىن ئايرىلدى - دە، پانىي ئالەمگە كەتتى. قۇش كۆزىنى ئېچىشى بىلەنلا، ئۆزىنىڭ يۇقىرى لىڭگارغا كەلگەنلىكىنى ئىختىيارسىز هالدا سەزدى. بۇ يەر ناھا-يىتى گۈزەل، تۈز ۋە كەڭ كەتكەن يايلاق بولۇپ، خۇددى لېگەنگە تولدۇرۇلغان سېرىقمايدەك تۈز ئىدى، چارۋىچىلارنىڭ قارا كالا يۇڭىدىن قىلىنغان چېدىرلىرى خۇددى ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك



يايلاقنى قاپلىغانىدى. قۇش يەنىمۇ تۆۋەنگە ئۇچۇپ، چاتون ئىد-
ىسىملىك بىر كىشىنىڭ چېدىر ئىشىكى ئالدىغا چۈشتى. چاتون
بۇ غەلىتە قۇشنى كۆرۈپ، بۇنى شۇملۇقنىڭ بېشارىتى دەپ
ئويلىدى ـ دە، دەرھال خوتۇنى ئالوگجىنى ئوقيا ئېلىپ كېلىشكە
بۇيرىدى. چاتون بىر زەھەرلىك ئوقيا بىلەن ئاتاي دېگەندە، قۇش
ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ يەنە بىر چارۋىچى بايامېيسىگدانىڭ چېدىرىغا
ئۇچۇپ كېلىپ قوندى. بايامېيسىگدا بۇ چىللىمىغان مېھماننى
كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇ بۇنى بەخت ـ سائادەتنىڭ
ئالامىتى دەپ قاراپ، دەرھال ياخشى يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ كې-
لىپ ئۇنىڭغا بەردى. قۇش يەنە ئالغا قاراپ ئۇچۇپ، بىر چېدىر
ئالدىغا كېلىپ چۈشتى. سانتېنىرېجې بۇنى كۆرۈپلا، كۆڭلى بىر-
دىنلا يورۇپ، بۇنى ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى دەپ قارىدى، ئۇنىڭ
خوتۇنى گاسالاماۋمۇ ئۇنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇ-
نىڭ بۇ قۇشقا يېگۇدەك بىر نەرسە بەرگۇسى كەلگەن بولسىمۇ،
لېكىن ئۆزى سىرتتا ئىشلەۋاتقاچقا، يېنىدا يېگۇدەك بىر نەرسە
يوق ئىدى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ سۈتىنى سېغىپ يورۇپ، ئازراق
سۈت چىقاردى ـ دە، سۈتنى قۇشقا چاچتى. قۇش بىر تامچە
سۈتنىڭ تەمىنى تېتىغاندىن كېيىن، مانا بۇ مېنىڭ قايتىدىن
تۆرىلىدىغان ئانام ئىكەن، دەپ ئويلىدى. ئۇ دەرھال ئەرشكە
ئۇچۇپ چىقىپ، دادىسى براخما تەڭرىقۇت ۋە ئانىسى بىڭجۇگجېي-
ماۋغا ئۆزىنىڭ پانىي دۇنيادا كۆرگەنلىرى ۋە ئۆزى قايتا تۆرىلە-
دىغان جاينى ئېيتتى. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن
كېيىن، دۇنجۇغاربو دەرھال ئۆلۈپ، پانىي دۇنياغا قايتا تۆرۈد-
ىلىشكە كەتتى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، گېسېر شاھ ئەرشتە ئۆلگەندىن كې-
يىن، ئۇنىڭغا مېيىت مۇنارى ياسىلىپ، ئۇنىڭ جەسىتى ئاشۇ
مېيىت مۇنارى ئىچىگە قويۇلغانمىش. بۇ مېيىت مۇنارى ئەرشتە
تا ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقانمىش!

ئەرشتىكى دۇنجۇغاربو خۇاڭخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى «لىنڭ» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ قەبىلىدە قايتا تۆرىلىش ئۈچۈن پانىي دۇنياغا چۈشتى. بۇ چوڭ قەبىلە «لىنڭ ئېلى»، لىنڭ ئېلىنىڭ يۇقىرى قىسمى يۇقىرىقى لىڭگا دېيىلەتتى، بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل ئىدى. ھەرقېتىم باھار كەلگەندە، ئىللىق قۇياش نۇرى ئاستىدا گۈللەر ئېچىلىپ، خۇددى قورۇلغان يالىڭاچ ئارپىلار يېشىل يايلاقتا چېچىۋېتىلگەندەك كۆرۈنەتتى؛ قويلار يېشىل يايلاقتا خۇددى مەرۋايىتلاردەك مىغىلداپ يۈرەتتى. لىنڭ ئېلىنىڭ تۆۋەن قىسمى تۆۋەنكى لىڭگا دېيىلەتتى. ئۇنىڭ يەر شەكلى تۈز ۋە كەڭ بولۇپ، ئاپئاق دېڭىز تاشقىنىدەك قۇياش نۇرى ئاستىدا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان كۈمۈش نۇر چاچاتتى؛ لىنڭ ئېلىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى لىڭشيوڭ دېيىلەتتى، ئۇ يەردە پايانسىز يايلاق بولۇپ، ئوت ـ چۆپى مول، سۈيى ئەلۋەك، مەنزىرىسى سۈرەتتەك گۈزەل ئىدى. لىنڭ ئېلى ھەقىقەتەن باي ۋە گۈزەل بىر ياخشى جاي ئىدى!

بۇ يەردە بىر تاجا ئىسىملىك شاھ بار ئىدى. خانىشىنىڭ ئىسمى ناسېڭجېماۋ بولۇپ، بەش ئوغۇل تۇغقان. چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى سانتېنرېجې، ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى گالىگوڭچۇڭ، ئۈچىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى چاتون، تۆتىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى چاغادا، كەنجى ئوغلىنىڭ ئىسمى بانسېندې ئىدى. ئوغۇللىرى چوڭ بولغاندىن كېيىن، تاجا ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە ئات ـ ئۇلاغ ۋە مال ـ مۈلۈكلەرنى بۆلۈپ بېرىپ، ئۇلارنى ئۆز ئالدىغا تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئايرىۋەتتى. چوڭ ئوغلى سانتېنرېجې گاسادۇي قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى گوڭبانىڭ قىزى گاسالاماۋنى ئەمرىگە ئالدى. ئۇ ناھايىتى قابىل بولۇپ، سىرتتا يەر تېرىپ، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى قىلىپ، مال ـ چارۋىلارنى باقسا؛ ئۆيدە سۈت سېغىپ، چاي قايناتتى، ئۇن تارتىپ، رەخت توقۇيتتى. ئۇنىڭ مىجەزى مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل، كىشىلەر ئۇنى پەزىلەتلىك

ئايال دەيتتى. لېكىن، ئۇ ئەرگە تەگكەندىن كېيىن پەرزەنت كۆرەلمىگەچكە، سانتېنرېجې گاتمېن ئىسىملىك يەنە بىر خوتۇن ئالدى، ئۇمۇ تۇغمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە بىر خوتۇن ئالدى، ئۇنىڭ ئىسمى ناتمېن ئىدى، ئۇمۇ تۇغماس چىقتى.

گاسالاماۋ 50 ياشقا كىرگەن يىلى بىر كۈنى ئۆيدە سۈت سېغىپ ئولتۇراتتى، تۇيۇقسىز ئاسماندىن بىر يېقىملىق ۋە تەسىرلىك ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ، پۈتۈن بەدىنىدىن ئۈنچە - مەرۋايىت ۋە ئالتۇن - كۈمۈش چاقناپ تۇرغان، كىيىم - كېچەكلىرى ئىنتايىن گۈزەل بىر ئىلاھنىڭ بىر توپ ئەۋلىيا باللار ۋە ھۆر قىزلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاسماندىن ئاستا - ئاستا چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. دەل شۇ چاغدا، گاسالاماۋ تۇيۇقسىز ھوشسىزلىنىپ يىقىلدى. ئىنەكلەر بىر - بىرلەپ كېتىپ قالدى. گاسالاماۋ ھوشىغا كەلگەندە، ئىلاھ دۇنجۇغاربو ئاللىقاچان ئۇنىڭ قورسىقىدا تۆرەلگەنىدى.

كىم بىلسۇن، ناتمېن ئىنتايىن يامان ئايال ئىدى، ئۇ گاسالاماۋنىڭ بويىدا قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ھەسەتخورلۇقى تۇتۇپ، ئاستىرتىن يامان نىيەتكە كەلدى. ئۇنىڭ ئۈچىنچى تاغدىسى چاتونمۇ بىر قارا نىيەت ئىدى، ئىككىسى تىل بىرىكتۈرگەن ھالدا سانتېنرېجېگە ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ، ئۇنىڭ بويىدا قالغىنىنى ھارامدىن تاپقان بالا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. سانتېنرېجې ئۇلارنىڭ ئۆسەك سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، گاسالاماۋنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپ ئۇنىڭغا پەقەت ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن بىر ئەسكى چېدىر، بىر قېرى قېچىر، بىر قارىغۇ ئىنەك، بىر قېرى ئۆچكە، بىر توكۇر ئىت بەردى، يەيدىغان نەرسە بەرمىدى. تۇغۇتىغا ئاز قالغان گاسالاماۋ نائىلاج ئۆزى تاغقا چىقىپ ئوتۇن تېرىپ، ئۇنى زەمبا (زاڭزۇلارنىڭ يالىڭاچ ئارپىدىن قىلىدىغان بىر خىل تامىقى) غا تېگىشىپ كۈن كەچۈردى. گاتمېن بولسا كۆڭلى ياخشى ئايال ئىدى، ئۇ گاسالاماۋغا دائىم بەزى يەيدىغان

نەرسىلەرنى ئەكېلىپ بېرەتتى.
گاسالاماۋ ئۆزىنىڭ گۇناھسىز تۇرۇپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقى-
رىلغىنىدىن ئىنتايىن ئۇۋاللىق ھېس قىلىپ، يالغۇز ۋە تەنھا
قالغاندەك كەيپىياتتا ئىدى. ئۇ، مەن ھازىر بۇ پانىي ئالەمدە
تۇرۇۋاتىمەن، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى چۈشۈممىدۇ؟ دەپ ئوي-
لاپ، ئىختىيارسىز ۋارقىراپ يىغلىۋەتتى. دەل شۇ چاغدا گاتمېن
بەزى يېمەكلىكلەرنى كۆتۈرۈپ، ھەدىسى گاسالاماۋنى كۆرگىلى
كەلدى. گاسالاماۋغا ياردەملىشىپ بەزى ئۇششاق - چۈششەك
ئىشلارنى قىلغاچ، ئۇنىڭغا مۇنداق تەسەللى بەردى:
— ئېرىم، ئۇچىنچى تاغام ۋە ناتمېنىنىڭ ئىشلىرىدىن ئازاب-
لانمايدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك، ئۇلارنىڭ بەكمۇ كۆڭلى قارا
ئىكەن. لېكىن ئاچا، غەيرەتلىك بولۇڭ، قورسىقىڭىزدىكى بالى-
نى ئاسراش بەك مۇھىم. مەن كۈچۈمنىڭ بارىچە ئىشلىرىڭىزنى
قىلىشىپ بېرىمەن!
گاسالاماۋ ئىنتايىن قەيسەر بولۇپ، ئەزەلدىن باشقىلارغا
يالۋۇرماي، دائىم ئۆزى جىلغىدىن ئوتۇن تېرىپ كېلەتتى. بىر
كۈنى ئۇ يەنە ئوتۇن تېرىشكە چىقىپ، ئۇزۇن يول مېڭىپ، بىر
قويۇق ئورمانلىققا كىرىپ قالدى. ئورمان قاپقاراڭغۇ ۋە ئىنتايىن
ۋەھىمىلىك ئىدى. ئەتراپ ئۆلۈكتەك جىمجىت بولۇپ، خۇددى
تاسادىپىي بىر ئىش يۈز بېرى-
دىغاندەكلا قىلاتتى. گاسالا-
ماۋ ئاستا - ئاستا تىنچىپ
قورقۇش ھېس قىلمايلا قال-
ماستىن، بەلكى يالغۇزلۇق-
مۇ ھېس قىلمىدى. ئۇ ئىل-
گىرىكى تۇرمۇشىنى ئەسلى-
دى. ئۇ چاغلاردا كىيىدىغى-
نى ئېسىل كىيىملەر، ئا-



سىدىغىنى كۆركەم زىننەت بۇيۇملىرى بولۇپ، ئىنتايىن كېرەك-لىك يۇرەتتى. ئۇ ھازىرقى ھالىتىگە قاراپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۆپكىدەپ يىغلىۋەتتى. شۇ ئەسنادا، تۇيۇقسىز قورسىقىدىكى بوۋاق:

— ئانا، ئازابلانما، مېنى تۇغىدىغان ۋاقتىڭ ئاز قالدى، كېلەر ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كەچتە تۇغۇلىمەن. مەن ساڭا بەخت ئېلىپ كېلىمەن، — دېدى.

گاسالاماۋ بۇنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى، ھەتتا بۇنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمەي خىيالىم بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى ـ دە، يىغقان ئوتۇنلىرىنى يۇدۇپ، ئۆيىگە ماڭدى.

كېيىنكى ئاينىڭ 15 ـ كۈنى دەل سۇ يىلىنى يىلى (كەبىسە يىلى 4 ـ ئاي) ئالۋاستىلار تۇنەك كۈنى ئىدى. شۇ كۈنى لىڭگادا ئەزەلدىن كۆرۈلمىگەن قېلىن قار يېغىپ، زېمىننى لەرزىگە سالدى. ئالاھازەل قاش قارايغان مەزگىلدە، گاسالاماۋ قورسىقىنىڭ قاتتىق ئاغرىغانلىقىنى ھېس قىلدى، كۆپ ئۆتمەي تەخمىنەن بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى چوڭ قارا يىلاننى تۇغدى. يىلان يەرگە چۈشۈپلا:

— مەن بىراخمانىڭ دوستى زەھەرلىك قارا يىلان بولىمەن، كېرەك بولغاندا كېلىمەن! — دەپلا غايىب بولدى. كەينىدىن بىر ئالتۇن رەڭلىك ئادەم تۇغۇلۇپ، يەرگە چۈشۈشى بىلەن:

— مەن ئاكىسى سېرىق چارپاقا بولىمەن، كېرەك بولغاندا كېلىمەن، — دەپلا غايىب بولدى. كەينىدىن يېشىل قاشتېشى رەڭلىك ئىنىسى يېشىل چارپاقا تۇغۇلدى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن يەتتە تۆمۈر بۇركۇت، يەنى تۆمۈر بۇركۇت يەتتە ئاكا ـ ئۇكا تۇغۇلدى؛ ئاندىن يەنە بىر يوغان باش تازقارا تۇغۇلدى؛ ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىر قىزىل مىس رەڭلىك ئىت تۇغۇلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئىسمىنى ئېيتىپ بولۇپ: «مەن كېرەك بولغاندا كېلىمەن» دەپلا غايىب بولدى.

بۇلار ئەسلىدە ئىلاھ دۇنجۇغاربو قايتا تۆرىلىش ئۇچۇن پانىي ئالەمگە چۈشكەندە، دادىسى براخما تەڭرىقۇت ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىغان بەزى ياردەمچىلىرى ئىدى.

ئەڭ ئاخىرىدا، گاسالاماۋ قوي قېرىنىغا ئوخشايدىغان بىر يۇمىلاق تۇخۇم تۇغدى. ئۇنىڭ ئىچىدە قانداق غەلىتە نەرسىنىڭ بارلىقى نامەلۇم ئىدى. گاسالاماۋ بەك كۆپ تۇغۇپ چارچاپ كەتكەنلىكتىن، گاراڭ هالدا ئۇخلاپ كەتتى.

گاسالاماۋ تۇغۇشتىن بىر ئاي ئىلگىرى، سانتېنرېچېنىڭ ئىككىنچى خوتۇنى گاتمېن بىر ئوغۇل تۇغۇپ، ئىسمىنى چاتىشاغېر دەپ قويغان. ئۇنىڭ ئانىسى گاتمېن خەنزۇ قىز بولغاچقا، «چاتس» — خەنزۇچە جىيەن دېگەن مەنىدە، «شاغىر» — ئاق يۈز دېگەن مەنىدە ئىدى، ئۇ تەبىئىي هالدا گېسېرنىڭ ئاكىسى بولاتتى.

ئىككىنچى كۈنى سەھەردە، يەنى قۇياش شەرقتىن كۆتۈرۈلگەندە، گاتمېن سېرىقماي چۆگۈننى ئېلىپ، زەمبا سېلىنغان خالتىنى يۈدۈگىنىچە، گاسالاماۋنى يوقلاپ كەلدى. ئۇنى ئىنتايىن هەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، ئەسلىدە گاسالاماۋغا بۆلۈپ بېرىلگەن قېرى قېچىر قۇلۇنلىغان، قارا ئىنەك موزايلىغان، قېرى ئۆچكە ئوغلاقلىغان، توكۇر ئىت كۈچۈكلىگەن بولۇپ، پارلاق قۇياش نۇرى ئاستىدىكى چېدىرنى، جىمجىت جىلغىنى شاد ـ خۇراملىق قاپلىغانىدى. ئۇ چېدىرغا كىرىشى بىلەنلا، گاسالاماۋنىڭ چۈشەكتە ياتقانلىقىنى، بىر تۇخۇم تۇرغانلىقىنى كۆردى. گاتمېن ئەهۋالنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن:

— بىز بۇ تۇخۇمنى يېرىپ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى كۆرۈپ باقايلى، — دېدى.

— سەن بۇنى مەن يولدىن تېپىۋالغان هېلىقى يا ئوقى بىلەن يېرىپ باق! — دېدى گاسالاماۋ.

گاتمېن يا ئوقى بىلەن ئۇنى يېرىپ، بىر چىرايلىق ئوغۇل

بوۋاقنىڭ ئۇنىڭ ئىچىدە يانى تارتىپ ئوق ئاتماقچى بولغانىدەك قىياپەتتە تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كۆزنى چاقنىتىدىغان قىزىل نۇر تارقىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— مەن قارا باشلىق كىشىلەرگە پادىشاھ بولىمەن، ۋەھشىي، رەزىل كىشىلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن! — دەيتتى بوۋاق.

گاتمېن ئىنتايىن ھەيران قالغان ھالدا:

— ئەمدىلا تۇغۇلغان بوۋاق ئەجەب سۆزلىدىغۇ؟ سەن قارا باشلىق كىشىلەرنىڭ پادىشاھى بولماقچىمۇ؟ ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر راستتىنلا زوراۋان ـ رەزىل كىشىلەر يوقىتىلسا، ئانا ـ بالا ئىككىمىزلارغا نىسبەتەن بىر ياخشى ئىش بولىدۇ! ـ دېدى.

گاتمېن ئۆزىنىڭ پۇركەنجىسىنى سېلىپ بوۋاققا يېپىپ قويدى ھەمدە گاتمېنغا قاراپ:

— سەن بالىنى ئەمدۇرگىن! — دېدى.

— مېنىڭ تېخى سۈتۈم يوق، بالىنى ـ شۇ يەرگە ـ قويۇپ



قويغىن، — دېدى گاسالاماۋ.

گاتمېن گاسالاماۋغا بىر چىنە سېرىقماي چېيى قۇيۇپ بەر-گەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ كەتتى.

گاتمېن يولدا كېتىۋېتىپ، چاتون بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— ئاكام ماڭا يەڭگەڭنى كۆرۈپ كەلگىن، دېگەن. ئادەتتە تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ئۇ چاي قاينىتىپ، ئۆي هايۋانلىرىنى بېقىپ بولاتتى. بۈگۈن بولسا جىمجىتلا تۇرىدۇ، نېمە ئىش بولدىكىن، شۇڭا ئالاھىدە مېنى ئەۋەتىپ، بالىنىڭ تۇغۇلغان - تۇغۇلمىغانلىقىنى كۆرۈپ كەل دېگەن، — دېدى چاتون.

— سەن بارمىساڭمۇ بولىدۇ، ئۇ يەڭگىپ بولدى، — دېدى گاتمېن.

— تۇغۇلغىنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ؟ — دەپ سورىدى چاتون.

— ئوغۇل ياكى قىزلىقىنى بىلمەيمەن. ئومۇمەن، بىر بىتەلەي بالا، — دەپ جاۋاب بەردى گاتمېن.

چاتون گاتمېننىڭ گېپىنى چۈشەنمەي، ئۇدۇل گاسالاماۋنىڭ چېدىرىغا قاراپ ماڭدى. چېدىر ئالدىغا كېلىشى بىلەنلا، ئۇ قېچىر، كالا، ئۆچكە، ئىتنىڭ تۇغقانلىقىنى كۆرۈپ هەيران بولدى ۋە بۇ ئۆلۈمتۆكلەر ئەجەب بىر كېچىدىلا تۇغۇپتىغۇ؟ دەپ ئويلىدى - دە، غەزەپلەنگەن هالدا چېدىرغا ئېتىلىپ كىرىپ:

— مەن چاتونمەن، بالا نەدە؟ ماڭا تېز كۆرسەت! — دەپ ۋارقىرىدى.

— ئاۋۇ يەردە، كۆرۈۋەر! — دېدى گاسالاماۋ ماغدۇرسىز هالدا.

چاتون بالىنى كۆرۈشى بىلەنلا كۆڭلىدە: ياپىر، بۇ نەدىمۇ يېڭىلا تۇغۇلغان بوۋاق بولسۇن، ئىلاهىي بالا ئىكەنلىكى ئېنىقلا تۇرمامدۇ! تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئادەتتىن تاشقىرى قامەتلىك كۆرۈنىدۇ، چوڭ بولغاندا چوقۇم قالتىس ئادەم بولىدۇ، دەپ ئويلىدى. ئۇ كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، كۆڭلىگە يامان نىيەتنى



پۈكتى. تويۇقسىز، ئۇ قاتتىق چۆ-
چۈگەن قىياپەتتە:

— ۋايجان، بۇ ھەرگىز بالا ئەمەس، بۇ بىر زەھەرلىك چايان!
— دەپ ۋارقىرىدى گاسالاماۋغا.

ئۇ سۆزلىگەچ، بالىنى سۆرەپ تېشىغا ئاچىقىپ، بىر چوڭ ۋە چوڭقۇر ئورەك كولىدى. ئورەكنىڭ ئىچىگە تىكەن سېلىپ، بالىنى تىكەننىڭ ئۈستىگە قويدى، پۇت - قولىغا ياغاچ قوزۇق قېقىپ، كۆكسىگە تىكەنلىك ئاكاتسىيە قويۇپ، بېشىنى چوڭ بىر تاش بىلەن باستۇردى، ئاخىرىدا لاي بىلەن ئورەكنى پۇختا ئەتتى. ئۇ شۇ چاغدىلا خاتىرجەم بولۇپ، يېڭى تۇغۇلغان قېچىر قۇلۇننى يېتىلەپ قايتىپ كەتتى. ئۇ تېخى يىراققا بارماي تۇرۇپلا، چاقماق چېقىلغاندەك بىر غەزەپلىك ئاۋاز بىلەن تەڭ بوۋاق ئورىدىن ئېتىلىپ چىقتى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ زېمىنمۇ لەرزىگە كەلدى. قۇلۇنمۇ چۆچۈپ كېتىپ، چاتوننىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ قاچتى، چاتون ئۇنىڭ تارتىشى بىلەن يىقىلىپ، يەتتە تال قوۋۇرغىسى سۇندى، ئۇنىڭ رەسۋاسى چىققان ھالدا ئۆز چېدىرىغا قاراپ قاچتى.

چاتون كەتكەندىن كېيىن، بالا بىردىنلا ئۆسۈپ، خۇددى سەككىز ياشلاردىكى بالىلاردەك بولۇپ قالدى، ئۇ ئانىسى گاسالاماۋنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆز ئىسمىنىڭ تەيبەيدالاڭ ئىكەنلىكىنى، ئانىسىنىڭ مېھىر - شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇرۇشقا كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ، تەيبەيدالاڭ ئۇچىسىغا قارا ئۆچكە تېرىسىدىن قىلىنغان بىر ئەسكى جۇۋا، پۇتىغا قىزىل رەڭلىك بىر جۇپ ئەسكى ئۆتۈك كىيىپ، بېلىگە ئالتە تۇگۈچلەنگەن بىر ئارغامچىنى باغلاپ، بېشىغا خۇددى بۇركۈت قانىتىدەك بىر ئۇچ-

لۇق تۇماق كىيىپ، دۇمبىسىگە بىر كىچىك بايراق سانجىپ، ھېلىقى بېشى كىچىك قۇلۇننى مىنىپ، ھەر كۈنى يۇقىرى جىل-غىدىن تۆۋەن جىلغىغا، تاغ تۇۋىدىن تاغ ئۈستىگە چېپىپ، يې-مەكلىك ئىزدەپ كېلىپ ئانىسىغا بېرەتتى. بىر كۈنى ئۇ ئانىسى-غا:

— تاغام بىزنىڭ مۇلۇكلىرىمىزنى تارتىۋالدى، بىز ئۇنىڭ-دىن ھەسسىلەپ قايتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك! — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ تاغىسى چاتوننىڭ قوتازلىرى ئىچىدىن بىرنى ئۆلتۈرۈپ ئانىسىنىڭ يېپىشىگە بەردى. كەينىدىن يەنە بىر قوينى يېتىلەپ كېلىپ ئۆلتۈرۈپ ئانىسىغا بەردى. ئۇ دائىم ئوۋغا چىقاتتى، بىر كۈنى ئۇ شىمال تەرەپتىن يوغان ۋە سېمىز بىر ياۋا كالىنى ئېتىپ كېلىپ، چېدىر ئىچىگە ياۋا كالا گۆشى ۋە مېيىنى دۆۋىلىۋەتتى. ئانىسى قۇۋۋەتلىك يېمەكلىكلەرنى يەپ، ئورۇق بەدىنى ئاستا سەمىرىپ، كەيپىياتى ياخشىلىنىپ كەتتى، چىرايىدىن كۈلكە جىلۋىلەندى. ئەتراپتىكى كىشىلەر بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ، ئانا - بالا ئىككىسىگە گۇمان بىلەن قارايدىغان بولۇشتى. تاغىلىرىمۇ بۇ ئەھۋالدىن شۈبھىلىنىپ:

— بىزنىڭ بۇ جىيەنىمىز بەلكىم ئادەتتىكى ئادەم بولمىسا كېرەك، ئۇنىڭ قابىلىيىتىگە قارىغاندا، ئەرشتىن پەرىشتە چۈش-كەن ئىلاھقا ئوخشايدۇ! — دەپ ئاستا مۇلاھىزىلىشىدىغان بول-دى.



## ئىككىنچى قىسسە

# جۇماۋنىڭ خانىش بولۇشى

يەنە بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، تەيبەيدالاڭ كىچىك ئاتىلىرىدىن مال ـ مۈلۈكلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشقا بەل باغلىدى. ئۇ نۇرغۇن ياۋا كالىلارنى ئېتىپ كېلىپ ئوتلاقتا زىياپەت تەييارلىدى ـ دە، تاغىلىرىنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. كۆپچىلىك يەپ ـ ئىچىپ، بىردەمدىلا غەرق مەست بولۇشتى. بۇ چاغدا، تەيبەيدالاڭ ئورنىدىن تۇرۇۋېپ مۇنداق دېدى:

— ھەرقايسى تاغىلىرىم، مەن جىيەنىڭلار سىلەرگە بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلاي. دادامنىڭ يېشى چوڭىيىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئازراقمۇ ھوقۇقى يوق، مەن بولسام ئۇنىڭ ئوغلى، مال ـ مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقۇم بار. شۇڭا، تاغىلىرىم ئانا ـ بالا ئىككىمىزگە بىر ئۈلۈش مال ـ مۈلۈك ئايرىپ بېرىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا، بىز تىلەمچىلىك قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولمايمىز! ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىز تىرىكچىلىك ئۈچۈن ھەممە يەردە تىلەپ يۈرسەك، تاغىلىرىمىزنىڭ يۈزىگىمۇ سەت!

چاتون ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ھىيلىگەرلىك بىلەن تىل ياغلىمىلىق قىلىپ مۇنداق دېدى:

— مەن سېنىڭ تاغاڭ، ساڭا مەن بەرمىسەم كىم بېرىدۇ؟ جىلغىنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئېگىز تاغنى، جىلغا ئايىغىدىكى كىچىك ياغاچ كۆۋرۈكنى، جىلغا ئوتتۇرىسىدىكى جوماخەينى ساڭا بېرەي.

سۆز تۈگىگەندىن كېيىن، تاغلىرىنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ئۆيلىرىگە قايتتى. ئىككىنچى كۈنى، تەيبەيدالاڭ بېشىغا بىر ئاق تاشنى، قولىغا بىر قارا تاشنى ئېلىپ، بېلىگە بىر چىپار تاشنى ئاستى ـ دە، يۇقىرىقى جىلغا، ئوتتۇرا جىلغا ۋە تۆۋەن جىلغىغا بېرىش ئۈچۈن ماڭدى. چاتون بولسا، چارۋىچىلارغا قوي ـ كالىلارنى ئېگىز تاغقا ئاپىرىپ بېقىشنى تاپىلىدى ھەمدە:

— سىلەر ھېلىقى كىچىك تىلەمچىنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى كۆزىتىڭلار! — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، چارۋىچىلار چاتوننىڭ گېپى بويىچە، مال ـ چارۋىلىرىنى ئېگىز تاغقا ھەيدىدى.

بۇ چاغدا، كەمبەغەل بالا تەيبەيدالاڭ تاغقا بېرىپ، مال بېقىۋاتقانلارغا يۇقىرى ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

— مەن تەيبەيدالاڭ بولىمەن. يۇقىرىقى جىلغىدىكى ئېگىز تاغنى، تۆۋەن جىلغىدىكى كىچىك ياغاچ كۆۋرۈكنى، ئوتتۇرا جىلغىدىكى جۇماخەيلەرنى تاغام چاتون ماڭا بۆلۈپ بەردى، سىلەر مال بېقىپ بۇ يەردىكى ئوت ـ چۆپلەرنى دەسسىتىپسىلەر، سۇلىرىنى بۇلغاپسىلەر، شۇڭا ئوت ـ چۆپ پۇلى ۋە سۇ پۇلى بېرىڭلار!

ئۇ سۆزلەپ بولۇپلا تاشتىن بىرنى ئېتىۋېدى، ئېگىز تاغدىكى چاڭ ـ توزانلار ئۇچۇپ، قوي ـ كالىلارنىڭ بەل ـ پۇتلىرى سۇندى. مال باققۇچىلار قورققىنىدىن چەكچەيگىنىچە، دەرھال ئوت پۇلى، سۇ پۇللىرىنى تاپشۇرۇپ، ماللىرىنى ھەيدىگىنىچە كېتىپ قېلىشتى. ئىككىنچى كۈنى، تەيبەيدالاڭ يەنە تۆۋەن جىلغىغا بېرىپ، كىچىك ياغاچ كۆۋرۈكتە توغرىسىغا يېتىۋالدى.

بۇ يېقىن ئەتراپتىكى بىر چوڭقۇر جىلغىدا چالودۇنبا ئىسىملىك بىر ئاقساقال ئولتۇرۇشلۇق ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسى ناھايىتى باي بولۇپ، ئايالى ئاجى بىر ئوغۇل، ئۈچ قىز تۇغقان. چوڭ قىزىنىڭ ئىسمى جۇماۋ، ئىككىنچى قىزىنىڭ ئىسمى سەيلو،



ئۈچىنچى قىزنىڭ ئىسمى دوڭلو ئىدى. ئاتا ـ ئانىسى چوڭ قىزنى داشىسەي شاھىغا، ئىككىنچى قىزنى بەنداخور شاھىغا، ئۈچىنچى قىزنى گۈگۈيۈ شاھىغا بەرمەكچى بولغان. بۇ ئۈچ شاھزادە قۇتلۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارغا ئۆيلەنمەكچى بولغاندى! بۇ كۈنى ئانىسى ئۈچ قىزنى جۆماخەيگە بېرىپ سارچى كولاپ كېلىشكە بۇيرۇغاچقا، ئۇلار سېرىقمايلىق زەمبا ئېلىپ يولغا چىققانىدى. ئۇلار كىچىك ياغاچ كۆۋرۈك بېشىغا كەلگەندە بىر كىچىك تىلەمچىنىڭ ياغاچ كۆۋرۈكتە توغرىسىغا يېتىۋېلىپ، يولنى توسۇۋالغانلىقىنى كۆرۈشتى.

تەيبەيدالاڭ قىزلارنىڭ شۇنچە چىرايلىق ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ چوڭ ھەدىسىنىڭ تېخىمۇ چىرايلىقلىقىنى كۆرۈپ:

— مەن بىر تىلەمچىنىڭ نامرات بالىسى، سالامەتلىكىم ئانچە ياخشى ئەمەس، ئاچ قالغىنىمغا ئۇزۇن بولدى. ئاچلىرىم ماڭا ئازراق يەيدىغان نەرسە بەرسەڭلار ئىكەن، — دېدى.

ئۈچىنچى قىز:

— ۋاي، ۋاي! گۇناھكار تىلەمچى! ئەجەبمۇ بىچارە ئىكەن!

— دېدى ـ دە، ئۆزى ئېلىپ كەلگەن سېرىقمايلىق زەمبانى ئۇنىڭغا بەردى.

تەيبەيدالاڭ سېرىقمايلىق زەمبانى يەپ بولغاندىن كېيىن، قولىنى سوزۇپ يەنە تەلەپ قىلدى.

— بۇ نامرات بالا بەك بىچارە ئىكەن! ئىككىنچى ئاچا، سېنىڭ سېرىقمايلىق زەمبايىڭنىمۇ ئۇنىڭغا بەرگىنە! — دېدى ئۈچىنچى قىز.

— بولىدۇ! — دېگىنىچە، ئىككىنچى قىز ئۆزى ئېلىپ كەلگەن سېرىقمايلىق زەمبانى ئۇنىڭغا بېرىۋېتىپ دېدى، — ئەمدى ئورنۇڭدىن تۇرارسەن؟ بىز كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ جۆماخەيگە بېرىپ سارچى كولىشىمىز كېرەك.

كىم بىلسۇن، تەيبەيدالاڭ سېرىقمايلىق زەمبانى يەپ بو-

لۇپ، يەنىلا قىمىر قىلماستىن:
— بۇنچىلىك زەمبا ماڭا يېتەمدۇ، ماڭا يەنە ئازراق بېرىڭ-لار، — دېدى.
ئۈچىنچى قىز ئامالسىز ھالدا چوڭ ئاچچىغدا:
— بىز سارچى يېسەكمۇ بولىدۇ، چوڭ ئاچا! سېنىڭ سې-رىقمايلىق زەمبايىڭنىمۇ بەرگىنە! ئۇ تېزرەك تۈرۈپ، بىزنى ئۆتكۈزۈۋەتسۇن، — دېدى.
چوڭ ئاچىسى جۇماۋ بۇنى ئاڭلاپ، ئۇمۇ سېرىقمايلىق زەمبا-يىنى ئۇنىڭغا بەردى، ئەمما تەيبەيدالاڭ كۆۋرۈك بېشىدا يېتىۋې-لىپ، ئۇلارنى ئۆتكۈزمىدى.
— نامرات بالا، تېز ئورنۇڭدىن تۇرۇپ بىزنى ئۆتكۈزۈۋەت، بىزنىڭ ساڭا بەرگەنلىرىمىز جىق بولدى، — دېدى ئۈچ قىز تەڭلا.
تەيبەيدالاڭ تۆۋەندىكى ناخشىنى ئوقۇدى:

*تاغام بەردى ماڭا بۇ*
*ياغاچ كۆۋرۈكنى.*
*ئۆتەلمەيدۇ ئۇنىڭدىن ،*
*ئۇچار قۇشتىن باشقىسى.*

قىزلار ياخشى گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېيتقان بولسىمۇ، تەيبەيدالاڭ قوپماي تۇرۇۋالدى. قىزلار ھېچبىر ئامال تاپالماي، ئاخىرى:
— بىز كۆۋرۈكتىن ئۆتەلمىگەندىكىن، سۇدىن كېچىپ ئۆ-تەيلى! — دېيىشتى.
شۇنداق دېگىنىچە، ئۇلار كۆڭلەكلىرىنى قايرىپ، قول تۇ-تۇشقان ھالدا دەرياغا چۈشتى. تەيبەيدالاڭ ئۇلارنىڭ سۇغا چۈش-كەنلىكىنى كۆرۈپ، بىر پارچە تاشنى سۇغا ئېتىۋېدى، دەريا



سۇيى شۇ ھامان دولقۇن كۆتۈردى، سۇ ئۇلارنىڭ بېلىدىن يۇقى-
رىسىغا چىقىپ، ئۇلارنى دولقۇن ئېقىتىپ كەتكىلى تاس قالدى.
ئۇچىنچى قىز بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ مۇنداق دېدى:
— بىز زورمۇزور ئۆتمەيلى، خەتەرلىك. چوڭ ئاچا، سەن
كىيىملىرىڭدىن بىرنى بېرىپ، ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزغىن، بىز-
نى كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈزۈۋەتسۇن!
چوڭ ئاچىسى ئامالسىز كىيىمىدىن بىرنى سېلىپ، تەيبەيدا-
لاڭغا بېرىپ دېدى:
— بۇنى ساڭا بېرەي، بىزنى كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈزۈۋەتكىن.
ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەستىنلا تەيبەيدالاڭ دەرياغا يەنە بىر تاش-
نى ئاتتى. بۇ چاغدا سۇ تېخىمۇ دولقۇنلاپ، ئېگىزلىكى مۇرىگە
يەتكەندى، قىزلار قورققىنىدىن بولالماي قالدى.
— بىز زورمۇزور ئۆتمەيلى، چوڭ ئاچا! بېشىڭدىكى يۇل-
تۇزدەك چاقنايدىغان تاش ئۈزۈمىنى ئۇنىڭغا بېرىپ، بىزنى ئۆتكۈ-
زۈۋەتكىن دېگىن! — دېدى ئۇچىنچى سىڭلىسى.
چوڭ ئاچىسى جۇماۋ بۇنىڭغا پەقەت قوشۇلمىسىمۇ، لېكىن
كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن نۇرلۇق تاش ئۈزۈمنى بېشىدىن
ئېلىپ تەيبەيدالاڭغا بەردى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى كۆۋرۈكتىن
ئۆتكۈزۈۋېتىشنى تەلەپ قىلدى.
تەيبەيدالاڭ جۇماۋ سۇنغان نۇرلۇق تاش ئۈزۈمنى ئالغان
بولسىمۇ، يەنىلا گېپىگە قۇلاق سالماي، قولىنى بىر سىلكىپ
دەرياغا يەنە بىر تاش ئېتىۋىدى، دەريا سۈيى دولقۇنلاپ ئۈچ
قىزنىڭ بوينىغىچە كېلىپ، ئۇلارنى ئىككى - ئۈچ گەز يىراققا
سۈرۈۋەتتى، ئەھۋال ئىنتايىن جىددىي ئىدى.
— چوڭ ئاچا! ئۈچىمىزنى سۇ ئېقىتىپ كېتەي دەۋاتىدۇ،
سەن بۇ نامرات بالىغا تېگىمەن دېگىن! — دېدى ئۈچىنچى قىز
ئالمان - تالمان.
ئۈچ قىز دەريادىن ئۆتۈپ كېتىشكىمۇ، قايتىپ چىقىشقىمۇ

ئامالسىز قالدى، ھە دېمەي ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى. چوڭ ئاچىسى جۇماۋ كۆڭلىدە: كىچىك سىڭلىمنىڭ گېپىنىڭمۇ داۋلد-سى بار، بۇ بالا گەرچە نامرات بولسىمۇ، لېكىن كۆرۈنۈشى ئالاھىدە، سۆز ـ ھەرىكىتى ئۆزگىچە، بىر ياخشى ئەر ئىكەن، دەپ ئويلىدى ـ دە، تەيبەيدالاڭغا:

— سەن بىزنى ئۇ قىرغاققا بىخەتەر ئۆتكۈزۈپ قويساڭلا، كېيىن مەن ساڭا ئۆمۈر بويى ھەمراھ بولىمەن، — دېدى.

تەيبەيدالاڭ يەنە جۇماۋغا بۇ جەھەتتە قەسەم قىلدۇرغاندىن كېيىنلا، ئاندىن مەغرۇرلانغان ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەتتى.

ئۈچ قىز ئاخىرى ياغاچ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، جۇماخەيگە بېرىپ سارچى كولاپ بولۇپ، ئاندىن ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۆيىگە يېتىپ باراي دېگەندە، ئۈچىنچى قىز:

— مەن ئاۋۋال ئۆيگە بېرىپ، بۈگۈن بولغان ئىشلارنى ئانامغا ئېيتاي، ئىككىڭلار كەينىمدىن بېرىڭلار، — دېدى.

ئۈچىنچى قىز ئۆيگە بېرىپلا، ئانىسىغا بۈگۈن يۈز بەرگەن



ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بەردى. ئانىسى بۇنى ئاڭلاپ ئاچچىقىدا چىرايى كۆكىرىپ كەتتى ـ دە، دەرھال ئىشكىنى ئېتىپ، جۇماۋنى ئۆيگە كىرگۈزمىدى ۋە جۇماۋنىڭ ئۇنىڭغا ئۆز ئالدىغا تېگىشكە ئۇنىغانلىقىنى «مېغىزىنى ئەمەس، شاكىلىنى تاللىغان» لىق، ئامىتىنى قاچۇرۇۋەتكەن ساراڭ قىز! دەپ ئەيىب-لىدى. جۇماۋ بولسا، سىرتتا تۇرۇپ ئۆزىنى ئاقلاپ: مېنىڭ ئۇنىڭغا تېگىشكە ماقۇل بولغىنىم، — «شاكالنى ئەمەس، مېغى-زىنى تاللىغىنىم» ، مۇشۇلا مېنىڭ ھەقىقىي ئامىتىم! — دېدى. لېكىن، ئانىسى ھەرقانچە قىلىپمۇ جۇماۋنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلغانلىقىنى پەقەت چۈشىنەلمىدى. جۇماۋ شۇنداق قىلىشىنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەنلىكىنى قايتا ـ قايتا چۈشەندۈرۈپ، ئانىسىغا بىكار ئاچچىقلانماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلدى. ئانىسى بولسا:

— سەن يېرىم يولدا ئۆزۈڭچە كۆيئوغۇل تاللاپسەن، بايلىق شاھى ئەمەس، بەلكى يالاڭتۆش تەيبەيدالاڭنى تاللاپسەن، سەن ھەقىقەتەن ياخشى ـ ياماننى ئىلغىمايدىكەنسەن، سەن مېنىڭ قىزىم بولۇشقا لايىق ئەمەس! — دېدى.

— مېنىڭ ئېسىل ـ پەسلىك، باي ـ كەمبەغەللىك بىلەن كارىم يوق، ماڭا ياخشى ئەر بولسىلا بولدى! — دېدى جۇماۋ.

ئانىسىنىڭ ئەيىبلەشلىرى ئالدىدا جۇماۋ ھەرگىز تىز پۈكمى-دى، ئۇ ئىزچىل تۇردە تاللىغىنىم توغرا، دەپ قارىدى. ئانىسى نائىلاج ئىشكىنى ئېچىپ، ئۇنى ئۆيگە كىرگۈزدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى خەيرلىك بىر سەھەردە، ئۈچ قىز چاچ-لىرىنى تاراپ بولغاندىن كېيىن، ھەرخىل زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاپ، خۇددى ئاسماندىكى پەرىلەردەك ياسىنىپ ئاتلىرىغا مىنىش-كىنىچە، ئۇدۇل جوماخەيگە قاراپ ماڭدى. داشىسەي شاھى، بەنداخور شاھى، گۇگۇيۇ شاھلارنىڭ ھەرقايسىسى يۈز مىڭ ئەس-كىرىي كۈچ باشلاپ، ئۇلارنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن جوماخەيدە بارگاھ قۇردى. ئۈچ شاھزادە تەختلىرىدە ئولتۇرۇشتى، ئۇلار-

نىڭ تاج ۋە بېزەكلىرى ھەشەمەتلىك، قورال ـ ياراغلىرى خىل ئىدى. يالاڭتۆش تەيبەيدالاڭنىمۇ يۈز مىڭ نامرات پۇقرا چۆرىدەپ تۇراتتى، قارىماققا ئۇلارمۇ قىلچە بوش كەلمەيدىغاندەك قىلاتتى. توي مۇراسىمى باشلانغاندا، ئىككىنچى قىز سەيلو ئەڭ ئالدىدا قۇشتەك يەڭگىل مېڭىپ بەنداخور شاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ توختىدى، ئاندىن ئاتقا مىنىپ، بەنداخور شاھ بىلەن يانمۇيان ماڭدى، ئەتراپتىن داقا ـ دۇمباق ئاۋازى ياڭرىدى. ئۇلار گۈلقەلىرى ئېچىلغان ھالدا ئۆز دۆلىتىگە قايتتى. ئۈچىنچى قىز دوڭلومۇ ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئاتقا مىنىپ، گۇگۇيۇ شاھ بىلەن بىللە ماڭدى. پەقەت چوڭ قىز جۇماۋلا ئالتۇن ئاياقتا لىق ھاراق تولدۇرغىنىچە، داشىسەي شاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— سەن ئەگەر بۇ ئالتۇن نوگايىغا قولۇڭنى، تىلىڭنى، لەۋلىرىڭنى، چىشلىرىڭنى تەگكۈزمەي ئىسسىل شارابنى ئىچەلىسەڭ، مەن سەن بىلەن بىللە ماڭىمەن! — دېدى.

داشىسەي شاھ بىر ھازا ئويلىنىپ، جىددىيلەشكىنىدىن تەرگە چۆمدى، ئاخىرى تەڭلىكتە قالغان ھالدا:

— مەن شارابنى بۇنداق ئىچەلمەيمەن، چوقۇم شۇنداق قىلىش كېرەك بولسا، ئالتۇن ئاياقنى باشقىلارغا بەرگىن! — دېدى.

ئەمما، ھاراقنى كىممۇ بۇنداق ئىچەلىسۇن؟ ئاخىرى، جۇماۋ شارابنى يالاڭتۆش تەيبەيدالاڭنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى.

— ئاچا، ئەگەر سەن ھاراقنى ماڭا شۇنداق ئىچۈرمەكچى بولساڭ، ئۇنداقتا ھاراقنى بوشلۇققا چاچقىن! — دېدى تەيبەيدالاڭ.

جۇماۋ ھاراقنى كەسكىن تۈردە ئاسمانغا چېچىۋېدى، تەيبەيدالاڭ ئالدىغا بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ، بېشىنى ئاسمانغا قىلىپ كۆچەپ بىر سۇمۇرۇۋېدى، ھاراق بىر تامچىمۇ يەرگە چۈشمەي ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئەتراپتىكىلەر ھەيران قالدى.

جۇماۋ بولسا باشقا گەپ قىلماي، يالاڭتۆش تەيبەيدالاڭنىڭ قېشىغا بېرىپ تۇردى. داشىنسەي شاھ قىزنى ئالالماي، مەيۇسلەنگەن هالدا ئادەملىرىنى باشلاپ ئۆز دۆلىتىگە قايتتى.

جۇماۋ يالاڭتۆش تەيبەيدالاڭغا:

— مەن بايا بىر ئاتقا مىنىپ كەلگەن، ئىككىمىز شۇنىڭغا مىنىپ، ئاۋۋال بىزنىڭ ئائىلىگە بارايلى! — دېدى.

ئىككىسى بىر ئاتقا مىنىپ، چالودۇنبا ئاقساقالنىڭ ئىشىكىدىگە كەلدى. ئۆيدىكى ئەر ـ ئايال مالايلارنىڭ ھەممىسى بىردەك:

— چوڭ ئاچىمىز جۇماۋ ھەقىقەتەن ئىش ئۇقمايدىغان ساراڭ قىز ئىكەن، داشىنسەي شاھ پۇلىمۇ، كۈچىمۇ بار پادىشاھ تۇرسا، قېرىشقاندەك پادىشاھنى ئەمەس، بەلكى بىر تىلەمچىنى تاللاپتۇ، تېخى ئۇنىڭ ئىزا تارتماي ئۇنى ئۆيگە باشلاپ كەلگىنىنى قاراڭلار! — دېيىشتى.

كۆپچىلىك غەيۋەت ـ شىكايەت بىلەن مۇنازىرىلىشىۋاتقاندا، جۇماۋ تەيبەيدالاڭنى باشلاپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئانىسى يىغلىغان هالدا ۋارقىراپ تىللاشقا باشلىدى:

— پۈتۈن ئائىلىمىز، پۈتۈن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىزنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرگەن سەن قارا يۈز بۇ يەردە تۇرغۇچەرمەي تېز يوقال!

ئۇ هارغۇچە تىللاپ قارغىغاندىن كېيىن، جۇماۋ بىلەن تەيبەيدالاڭنى ئىشىكتىن ئىتتىرىپ چىقاردى.

جۇماۋ تەيبەيدالاڭنى ئۆز خانىسىگە باشلاپ كىردى. ئۇ كۆڭلىدە، ئەمدى مەن ئۇنىڭغا تەگدىم، بۇ ئىرادەمدىن ھەرگىز يانمايمەن، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزەرمەن؟ دەپ ئويلىدى.

ئىككىسى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇرۇشتى. كەچتە جۇماۋ نۇرغۇن ياخشى يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ كېلىپ تەيبەيدالاڭغا بەردى. مۇشۇنداق بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن



كېيىن، تەيبەيدالاڭنىڭ چىرايىغا ئاستا - ئاستا قان يۈگۈرۈپ، ئىلگىرىكىدىن كۆپ سۈلكەتلىشىپ كەتتى. شۇ كۈنى كېچىدە، ئۇنىڭ ئەرشتىكى چوڭ ئاپىسى گوڭمىنجيېماۋ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، ئىنتايىن يېقىملىق ئاۋاز بىلەن تەيبەيدالاڭغا مۇنداق دېدى:

— براخما تەڭرىقۇتنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، ئەمدى سېنىڭ ئۆز كارامىتىڭنى كۆرسىتىدىغان ۋاقتىڭ كەلدى، ئەتە سېنىڭ توي قىلغىنىڭنىڭ 15 - كۈنى بولىدۇ، بۇ بىر قۇتلۇق كۈن. قوغداش ئىلاھى گېجونگباۋ بىلەن براخمانىڭ دوستى بولغان يەتتە ئاكا - ئۇكا سېنىڭ ئۇچۇن مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن لەشكەرلەرگە ئايلىنىدۇ، سەن قارا باشلىقلارنىڭ پادىشاھىغا ئايلىنىپ، ئۇلارنى باشلاپ ئەتراپتىكى ئالۋاستىلارنى يوقىتىشىڭ كېرەك.

بۇ چاغدا جۇماۋ ئويغاندى، ئۇ ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ:

— تەيبەيدالاڭ، ئۆيگە ھېچكىم كىرمىسە، نەدىن كەلگەن ناخشا ئاۋازى بۇ؟ بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى ھەيران بولغىنىچە.

تەيبەيدالاڭ ئەپلەپ - سەپلەپ بىر نەرسىلەرنى قىلىۋېدى، جۇماۋ يەنە ئۇخلاپ قالدى. تەيبەيدالاڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئاستا ئورنىدىن تۇردى - دە، ئىشىكنى ئېچىپ، ئانىسى گاسالاماۋنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ باردى. چېدىر سىرتىدا تۇرۇپ جىلغىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن ھەممە يېرى لەشكەرلەرگە تولغانلىقىنى، سانسىز، خىلمۇخىل قورال - ياراغلارنىڭ كۆزنى چاقنىتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. تەيبەيدالاڭ بۇنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدى، ئۇ يەنە دەرھال ئۆز چېدىرىغا قايتىپ، كونا ئۆتۈكىنى يىرتىپ پارچە - پارچە قىلىپ يەرگە تاشلىدى. ئاندىن يەنە ئانىسىنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ، ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى. ئۇ بەدىنىنى بىرلا ئۆزگەرتىپ، چىرايى قىزغۇچ، مەردانە قىيا-

پەتلىك ئىلاھقا ئايلاندى. ئېسىل يا شەكىللىك تاش ئىچىدىن يانى، ئىگەرگە ئوخشايدىغان تاش ئىچىدىن ئات ئىگىرىنى ئالدى، تۇلپارغا ئوخشايدىغان تاش ئىچىدىن تۇلپارنى يېتىلەپ چىقتى؛ لىڭ ئېلىنىڭ يۇقىرىقى لىڭگا دېگەن يېرىگە خۇددى پاقىغا ئوخشايدىغان بىر چوڭ بارگاھ بەرپا قىلدى، ئۇنىڭ نامى يېشىل قاشتېشى كۆشۈگە چوڭ بارگاھى دەپ ئاتالدى. بارگاھ ئۈستى خۇددى شىرغا ئوخشاش تىك تۇراتتى، چېدىرنىڭ ئاستى تەرىپى خۇددى ئەجدىھاغا ئوخشاش يۆگەلگەن، بارگاھنىڭ ئوتتۇرا قىسمى خۇددى ئالماسقا ئوخشاش قەۋەتلەنگەن، بارگاھنىڭ كەينى تەرىپىدە لىڭ دۆلىتىنىڭ مەبۇدىسى بولۇپ، يەنە بىر تەرىپى خانىشلارنىڭ ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئورنى؛ بارگاھنىڭ بىر تەرىپى باتۇر ئەزىمەتلەرنىڭ مەشىق مەيدانى؛ يەنە بىر تەرىپىگە ئۈچ مىڭ چوڭ ئوچىقى بار ئاشخانا ياسالغانىدى. يېشىل قاشتېشى



كۆشۈگە چوڭ بارگاھىدا تەيبەيدالاڭنىڭ پادىشاھلىقى تەبرىكلىنى-
دىغان ئالتۇن قەسىر، شۇنداقلا جۇماۋنىڭ ئويۇن مەيدانى، قىزىل
زىل توشقانقۇلاق ئات ئېغىلى بار ئىدى. لىڭ ئېلىنىڭ چېگرىسى-
دا يەنە تۆت چوڭ قەلئە ياسالغان، بۇنىڭ بىرىدە لىڭگانىڭ قوغ-
داش ئىلاھى جۇكاڭچاماۋ؛ يەنە بىرىدە ئەرش ئىلاھى، قار ئىلا-
ھى، بوشلۇق ئىلاھى چۇڭكامۇبىاۋ تۇراتتى؛ يەنە بىرى
دۇبۇلغا ـ قالقان ۋە بارلىق قورال ـ ياراغلار قويۇلىدىغان جاي
بولۇپ، ئىسمى ساڭكادەنبۇ؛ ئاخىرقى بىرى مەخسۇس لىڭگا
پۇقرالىرى ئۇسسۇل ئويناىدىغان قەلئە بولۇپ، ئىسمى گاڭلاگۇز-
چوڭ ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، لىڭگانىڭ ھەرقايسى تاغ جىرالى-
رىدا ئات، كالا، قوي قاتارلىق سان ـ ساناقسىز مال ـ چارۋىلار
بېقىلغاندى.

بۇلار بىردىنلا زىلزىلە قوزغىۋەتكەنىدى. تاغىلىرى بۇنى كۆ-
رۈپ، بەزىلىرى ھەيران قالسا، بەزىلىرى خۇشال بولدى. كۆپ-
چىلىك مۇلاھىزىگە چۈشۈۋىدى، تاغىسى گالىگوڭچوڭ كۆتىرەڭ-
گۇ روھلۇق ھالدا مۇنداق دېدى:

— ھاۋا شۇنچە ئوچۇق، شەپەق رەڭگارەڭ تۇسكە كىرگەن،
ئىلاھلار ھاۋا بوشلۇقىغا يىغىلغان، دېڭىز ئەجدىھاسىنىڭ قىزلى-
رى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان كىيىملەرنى كىيىپ، ئادەتتىكىدىن
تاشقىرى گۈزەللىشىپ كېتىپتۇ. بۇ ئالامەتلەردىن قارىغاندا، بەل-
كىم ھېلىقى تىلەمچى يالاڭتۆش كارامىتىنى كۆرسىتىپ، قارا
باشلىقلارنىڭ پادىشاھى بولۇپ، شىزاڭنىڭ قارلىق يەرلىرىگە
ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئوخشايدۇ! جورۇڭلار، ئۇنىڭغا باش
قويايلى!

شۇنىڭ بىلەن، تاغىلىرى ۋە لىڭگا پۇقرالىرى كەينى ـ
كەينىدىن بېرىپ باش قويۇپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنىدى-
غانلىقىنى بىلدۈردى. تەيبەيدالاڭ شۇنىڭدىن تارتىپ شىرمەت
باتۇر گېسېر شاھ دەپ ئاتالدى.

ئەتىسى سەھەردە جۇماۋ ئويغانغاندا، شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى ئۆيگە چۈشكەندى، جۇماۋ ئولتۇرۇپ ئەتراپىغا قاراپ، تەيبەيدالاڭنىڭ يوقلۇقىنى كۆردى، پەقەت ئۇ-نىڭ كىچىك ئۆتۈكى پارچە - پارچە قىلىنغان هالدا ئۆيگە تاشلاق-لىق تۇراتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ تالاغا چىقتى، ئەتراپ جىمجىت ئى-دى. ئۇ، تەيبەيدالاڭنى بەلكىم كىچىدە بۆرىلەر يەپ كەتكەن ئوخشايدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ ئۆتۈكلىرىمۇ پارچىلىنىپ كېتىپتۇ، دەپ ئويلىدى. جۇماۋ ئىچى سىيرىلغان ۋە قورققان ھالدا ئېسە-دەپ يىغلىۋەتتى، ئاخىرى نائىلاج ئاتا - ئانىسىنىڭ قېشىغا بې-رىپ، ئانىسىغا:

— ئانا! تۇنۇگۈن كېچە مېنىڭ ھېلىقى يالاڭتۆش ئېرىمنى بۆرە يەپ كېتىپتۇ، بەك ئۇۋال بولدى! بۇ بەختسىزلىككە مەن قانداق قىلىمەن؟ — دېدى.

— گەپ ئاڭلىمايدىغان ئەخمەق قىز، قانداق، مېنىڭ گېپىم توغرا چىقتىمۇ؟ ياخشى ئادەمنى تاللىماي، قەستەن مۇشۇنداق ئۆمرى كۆتەنى يارىتىپ قالدىڭ. ئەمدى ئۇنى بۆرە يەپتۇ، بۇ يالغۇز بەختسىزلىك بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە بالايىئاپەتمۇ كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ تاغىلىرى ھازىر لىڭگانىڭ چوڭ ھوقۇقىنى قولىغا ئالدى، ئۇلار ئەگەر بۇ يەرگە كېلىپ ئادەم تەلەپ قىلسا، ئىش تېخىمۇ چاتاق بولىدۇ! — دېدى ئانىسى.

جۇماۋ چەكسىز ئازابلىنىپ كەچكىچە ئۆيدە ئولتۇردى، بې-رەرى بىلەن كۆرۈشۈشنىمۇ خالىمىدى.

بۇ چاغدا، گېسېر لىڭ ئېلىدە تەختكە چىقىپ، قارا باشلىق-لارنىڭ پادىشاھى بولدى، ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئاۋام پۇقرالار ئىتائىتىنى بىلدۈرۈپ، سوۋغا تەقدىم قىلىپ بەيئەت قىلىشتى، جۇماۋنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بۇنىڭدىن تېخى خەۋەرسىز ئىدى. شىرمەت باتۇر گېسېر شاھ ھەشەمەتلىك ئالتۇن تەختتە ئولتۇ-رۇپ، تاغىلىرىنىڭ ئەمەل - ۋەزىپىلىرىنى ئايرىم ھالدا بەلگىلە-

دى. تاغنىسى چاتون بىلەن ھامىنىسنىڭ قىلمىغان ئەسكىلىكلى-
رى قالمىغاچقا، ئۇلارنى مال بېقىشقا قويدى، ۋەزىرلەر ئۇنىڭ
ئالدىغا كېلىپ مۇنداق دېيىشتى:
— ئەمدى پادىشاھ ئالىيلىرى ئالتۇن تەختتە ئولتۇردىلا،
كىم خانىشلىققا تاللىنىپ، خانىشلىق ئورنىدا ئولتۇرىدۇ؟ —
دېيىشتى.
بۇنى ئاڭلاپ، گېسېر شاھ تاغنىسى گالىگوڭچۇڭغا بۇيرۇق
بېرىپ، مۇنداق دېدى:
— تاغا، ئادەم باشلاپ تېزلىكتە گالودۇنبا ئائىلىسىگە بې-
رىپ، خانىش جۇماۋنى ئېلىپ كەلگىن، ئۇنىڭغا مېنى ئەركەك
شىر پادىشاھ تەيبەيدالاڭ ئەۋەتتى دېگىن.
تاغنىسى پادىشاھ پەرمانى بويىچە ئېتىغا مىنىپ، قامچىسىنى
ئويناتقان ھالدا، قول ئاستىدىكى ئادەملەر بىلەن گالودۇنبا تۇر-
غان يەرگە ئۇچقاندەك چاپتى. ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە،
جۇماۋنىڭ ئانىسى قورقۇپ رەڭگى ئۆچكەن ھالدا:
— دادىسى، دەرۋازا ئالدىغا گالىگوڭچۇڭ ئادەملىرىنى باش-
لاپ كەلدى! — دېدى.
— ئۆتكەندە دېمىگەنمىدىم؟ ئۇ چوقۇم خۇن داۋاسى قىلىپ
كەلگەن گەپ. بىز بالا - قازاغا ئۇچرىدۇق، لېكىن قانداقلا
بولمىسۇن، ئۇنى قارشى ئېلىپ مېھمان قىلىشىمىز كېرەك، —
دېدى ئېرى.
گالىگوڭچۇڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىشنىڭ جەريانىنى
باشتىن - ئاياغ ئېيتىۋېدى، جۇماۋنىڭ ئاتا - ئانىسى ھەيران
قالغان ۋە خۇشاللانغان ھالدا، دەرھال جۇماۋنى چاقىرىپ چىقتى.
جۇماۋ چىقىپ گالىگوڭچۇڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن،
ئۇنىڭ بىللە گېسېر شاھ ئوردىسىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ
ئىلگىرىكى يالاڭتۆش تەيبەيدالاڭنىڭ ئەمدى سەلتەنەتلىك، جاسا-
رەتلىك ئەركەك شىر گېسېر شاھقا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق



هاياجانلاندى.

شۇنىڭدىن تارتىپ، ئۇ پادىشاھنىڭ خانىشى بولۇپ ئالتۇن تەختتە ئولتۇردى.

بۇ چاغدىكى لىڭ ئېلىنىڭ داڭقى يىراقلارغا كەتكەن، باي ۋە گۈللەنگەن، ئادەملىرىمۇ، مال - چارۋىلىرىمۇ كۆپەيگەنىدى، پۇقرالىرى شاد - خۇرام، بەختلىك ياشايتتى. شىرمەت باتۇر گېسىر شاھ ھەممىلا جايدا ھۆرمەتكە ئېرىشكەنىدى. ئۇ يۇقىرى تەرەپتىكى باڭلوڭتولودىن مىسابىڭجىيېنى ئىككىنچى خانىشلىققا؛ گۇيدۇيدىن رولاڭسەيئېرسونى ئۈچىنچى خانىشلىققا؛ جاڭنېي دېگەن يەردىن چىجاڭبەيزىنى تۆتىنچى خانىشلىققا؛ ئېرۋودىن گوڭجاڭجوزىنى بەشىنچى خانىشلىققا؛ شىمالدىكى موڭغۇلىيىدىن گاسادەنمانى ئالتىنچى خانىشلىققا؛ شياڭشيوڭدىن جىۋابايىنسونى يەتتىنچى خانىشلىققا؛ تۆۋەن تەرەپتىكى لوڭ دۆلىتىدىن لۇجاڭزىمانى سەككىزىنچى خانىشلىققا؛ مىنچىڭ شەھىرىدىن ماۋجىنى

توققۇزىنچى خانىشلىققا؛ لامولوڭدىن لولامبوچىنى ئونىنچى خانىشلىققا؛ شەرقتىكى چىچاۋ شەھىرىدىكى توڭزىنى ئون بىرىنچى خانىشلىققا؛ غەربتىكى پېڭچىڭ شەھىرىدىن گاۋاجوڭبانى ئون ئىككىنچى خانىشلىققا؛ نېپالدىكى سارى شەھىرىدىن ئاجېداجىنى ئون ئۈچىنچى خانىشلىققا ئالدى. مانا بۇلار مەشھۇر ئون ئۈچ خانىشتۇر. چوڭ خانىش جۇماۋدىن باشقا 12 خانىشنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز چېدىرى بار ئىدى، ئۇلار خۇددى بىر توپ ئاي ـ يۇلتۇزلاردەك گېسېر شاھنىڭ يېشىل قاشتېشى كۆشۈكلۈك چوڭ بارگاھىنى چۆرىدەپ تۇراتتى. چوڭ خانىش جۇماۋ گېسېر شاھقا ھەمراھ بولۇپ، پەرمانلارنى چۈشۈرەتتى، كۆچلۈكلەرنى تىزگىنلەپ، ئاجىزلارنى يۆلەپ، لىڭ ئېلىگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى.



## ئۇچىنچى قىسسە

# ئالۋاستىلارنى بويسۇندۇرۇش

ۋاقىت خۇددى ئاتقان ئوقتەك ئۆتۈۋاتاتتى. گېسىر لىنىڭ ئېلىنىڭ پادىشاھى بولۇپ ئىككىنچى يىلى ئۇ ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەنىدى. 16 ياشلىق گېسىر شاھ تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە قاۋۇل بولۇپ، جاسارەتكە تولغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى باتۇرلۇق ۋە ئەقىل - پاراستى ئارقىلىق دۆلەتنى ناھايىتى ياخشى باشقۇرغاچقا، دۆلەت باي، خەلق خاتىرجەم ئىدى.

بىر كۈنى شىرمەت باتۇر گېسىر شاھ خۇددى تۇيۇقسىز يىمىنىدۇر ئالدىن سەزگەندەك، مىجەزى غەلىتە بولۇپ قالدى. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە يىلقىلارنى يۇقىرى چوققىدىكى جىلغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، قېچىرلارنى جىلغىنىڭ سول تەرىپىدە، قوي - كالىلارنى جىلغا ئوتتۇرىسىدا بېقىشنى بۇيرۇدى. ئاندىن ئۇ ئۇدۇل مېڭىپ جۇماخەيدە توختىدى. ئۇ ئاۋۋال تۆت ئەتراپقا، ئاندىن ئاسمان گۈمبىزىگە تىكىلگىنىچە، خىيالغا پاتتى. ئۇ بېشىنى ئوڭ يېڭى ئىچىگە، پۇتلىرىنى سول يېڭى ئىچىگە قويۇپ، بەدىنىنى يۇمىلاقلاشتۇرۇپ، خۇددى شىر بەخىرامان ھالدا ئۇيقۇغا كەتكەندەك، تاتلىق ئۇخلاپ كەتتى - دە، ئاستا - ئاستا چۈش قوينىغا كىردى. چۈشىدە، ئەرشتىكى چوڭ ئانىسى گوڭمىنجېيماۋ كېلىۋاتقانمىش. ئۇ سول پۇتى بىلەن چوڭ بىر پارچە رەڭلىك بۇلۇتنى دەسسىگەن، ئۇ بۇلۇت شەپەقتەك گۈزەلمىش؛ ئوڭ پۇتى بىلەن چوڭ گۈلنى دەسسىگەن، ئۇ گۈل ھاياتىي كۈچكە تولغان

بولۇپ، خۇش پۇرىقى تارىلىپ تۇرغىدەك. ئۇ گېسېرنىڭ ئالدىغا چۈشكەندە، كەيپىياتى جىددىي ھالدا:

— دۇنجۇغاربو، بالام، سەن ئەمدى ئۆسۈپ چوڭ بولدۇڭ، چوڭ ئىشلارنى قىلىشىڭ ئۈچۈن شەرقتىكى جوكاڭچاماۋ ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ بېكىنىۋېلىپ ئىبادەت قىلىشىڭ لازىم، بېرىشتا مىسابىڭجىيېنى چوقۇم ئېلىپ بار، — دەيمىش.

ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ، بىر ئۆرۈلۈپلا كۆزدىن غايىب بوپتىمىش. گېسېر ئېغىز ئېچىپ ئەمدىلا سۆزلەي دېگەندە، تۇيۇقسىز ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئېتىغا مىنىپ، ئوردىغا قايتىپ كەلدى ھەمدە بايا چوڭ ئانىسى گوڭمىنجيېماۋنى چۈشىدە كۆرگەن ئىشلارنى خانىش جۇماۋغا سۆزلەپ بەردى. جۇماۋ گېسېر شاھنىڭ ئۇزۇن سەپەرگە چىقىدىغانلىقىنى، ئۆزىنى بولسا ئۆيدە قالدۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى باشقىچە بولدى.

— ۋاي ـ ۋۇي شاھىم، نېمىلەرنى دەۋاتىسەن! سەن بېكىنىۋېلىپ ئىبادەت قىلساڭ، مەن بارمىسام قانداق بولىدۇ؟ مەن ساڭا ھەمراھ بولماي قالسام، سېنى سېغىنىپ ساراڭ بولۇپ قالىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مىسابىڭجيې ئۆيدىن ئايرىلسا، ئۇنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى كىم بىر تەرەپ قىلىدۇ؟ ئىككىمىز بىللە بارايلى، — دېدى ئۇ.

گېسېر كىمنى بىللە ئېلىپ بارسا ئوخشاشقۇ دەپ ئويلاپ، جۇماۋغا ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، ئەتىسى شەرقتىكى جوكاڭچاماۋدىكى ئىبادەتخانىغا ئىبادەت قىلىشقا ماڭدى.

ئارىدىن يەتتە كۈن ئۆتۈپ، ئىككىنچى خانىش مىسابىڭجيې يۇقىرىقى لىڭگادا بىر يامان چۈش كۆردى. ئۇ بۇنىڭ شۇملۇقتىن بېشارەت بېرىشىدىن ئەنسىرىدى ـ دە، چۈشىدە كۆرگەن ئەھۋالنى گېسېر شاھقا ئېيتىشقا ئالدىراپ، شەرقتىكى جوكاڭچاماۋ ئىبا-



دەتخانىسىغا ئاتلاندى. يول بويى ئۇ تالا ـ تۈزدە يېتىپ ـ قوپۇپ، جاپانى يەتكۈچە تارتتى. كۆزلىگەن يەرگە يېتىپ كېلەي دېگەندە، ئۇ بىر بۇلاق بويىدا ھاردۇق ئېلىپ ماڭماقچى بولدى. دەل شۇ چاغدا ئۇ جۇماۋنىڭ سۇ ئېلىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. جۇماۋ ئۇنى كۆرۈپ كۆڭلى دەككە ـ دۈككىگە چۈشتى ـ دە، ئالمان ـ تالمان:

— مىسابىڭجيې، نېمىگە كەلدىڭ، نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟ — دەپ سورىدى.

— جۇماۋ ئاچا! مەن ئالدىنقى كۈنلىرى بىر يامان چۈش كۆرۈپتىمەن، بۇنىڭدىن بىر شۇملۇقنى سېزىپ، ئالاھىدە گېپىڭىز شاھتىن تەبىر سوراي دەپ كەلدىم. ئاچا، مېنى پادىشاھنىڭ قېشىغا باشلاپ بارغىن.

جۇماۋ: «نەدىكى چۈش بولسۇن، مېنىڭچە، ئۇ باھانە تېپىپ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن. دەسلەپ پادىشاھ مېنى ئەمەس، ئۇنى ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. پادىشاھ ئۇنى ئەكەلمىگەچكە ئۆزى قوغلىشىپ كەپتۇ، يەنە تېخى يالغان گەپ بىلەن مېنى ئالداۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدى ـ دە، مىسابىڭجيېگە:

— ھازىر پادىشاھ بېكىنىۋېلىپ ئىبادەت قىلىۋاتىدۇ، ئۇنى ئاۋارە قىلماسلىق لازىم. يەنىلا مەن ئۆزۈم بۇنى پادىشاھقا مەلۇم قىلاي، — دېدى.

ئەمما، جۇماۋ ئۇنداق قىلمىدى، بەلكى قايتىپ كېلىپ مىسابىڭجيېگە مۇنداق دېدى:

— مەن بۇنى پادىشاھقا مەلۇم قىلدىم، پادىشاھ، چۈشنىڭ ئاساسى يوق، ھەممىسى قۇرۇق گەپ، مېنىڭ ئايالىرىنىڭ چۈشىنى ئۆرۈشكە ۋاقتىم يوق، ئۇ خاتىرجەم ھالدا قايتىپ كەتسۇن! دېدى.

مىسابىڭجيې نائىلاج:

— ئۇنداق بولسا ئاچا، بۇ يېمەكلىكلەرنى پادىشاھقا تەقدىم

قىلغىن. شۇنداقتىمۇ مەن ھېلىقى بىر قاتار يامان چۈشلىرىمدە شۇنى كۆردۈمكى، يۇقىرىقى جىلغىدا قىزىل قۇيۇن، تۆۋەنكى جىلغىدا قارا قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ مېنى بوشلۇقتا يۆگەپ ئەپكەتكەندەك. بۇ چۈش ئاجايىپ غەلىتە، ئۇنىڭدا ياخشىلىقتىن يامانلىق تولا، قانداقلا بولمىسۇن سەن بۇنى پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ قويغىن، — دېدى.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ مېڭىشقا تەمشەلدى. جۇماۋ مىسابىڭجېيىۋېلىپ كەلگەن يېمەكلىكلەرنى گېسېر شاھقا ئاپىرىپ بەردى. پادىشاھ ئۇنى يەپ تېتىپ كۆرگەندىن كېيىن:

— بۇ يېمەكلىكنى مىسابىڭجېي ئەتكەندەك قىلىدىغۇ، سەن قەيەردىن ئەكەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

جۇماۋ دەرھال خاپا ھالدا:

— شاھىم، سەن نېمە مىسابىڭجېينى ئەسلەپ قالدىڭ، ئۇ قىلغان يېمەكلىككە ئالتۇن سېلىنامدۇ؟ گۆھەر سېلىنامدۇ يا؟ ئۇ قىلغان نەرسىنى باشقىلار قىلالامدۇ؟ بۇ يېمەكلىكلەرنى ئانام ماڭا ئەۋەتكەن، — دېدى.

گېسېر شاھ بۇنى ئاڭلاپ، گېپىنىڭ راستلىقىغا ئىشەندى - دە، قايتا سۈرۈشتۈرمىدى.

مىسابىڭجېيغا كەلسەك، ئۇ گېسېر شاھ بىلەن كۆرۈشەلمىگەچكە، قايتىپ كېتىۋېتىپ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى. ئۇ كۆڭلىدە: «پادىشاھنىڭ چۈشۈمنى ئۆرۈپ بەرمىگەنلىكى راستمىدۇ؟ بەلكىم جۇماۋ راست گەپ قىلمىغاندۇر!» دەپ ئويلىدى. ئويلاپ، ئويلا يۇقىرىقى لىڭگاغا قايتىپ كېلىپ، ئۆز چېدىرى ئالدىدا رەخت توقۇشقا باشلىدى. تۇيۇقسىز، ئاسمان - زېمىن قاراڭغۇلۇققا چۆكۈپ، قارا بوران چىقىپ، قۇم - تاشلارنى ئۇچۇردى. خۇددى ئۆزى چۈشىدە كۆرگەندەك، يۇقىرىقى جىلغىدا بوران چىقىپ توسقىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى، تۆۋەنكى جىلغىدىمۇ تەڭلا شىددەتلىك قارا بوران چىقىپ، چاڭ - توزانلار-

نى يۆگەپ ماڭدى. قارا قۇيۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا چىرايى بەتبەشىرە، يوغان بۆرە چىشلىق قارا ئالۋاستى پەيدا بولدى، ئۇ ئىنتايىن يىرتقۇچ ھەم ۋەھشىي ئىدى. مىسابىڭجىيى نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە، ھېلىقى قارا ئالۋاستى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى، ئۇ قۇيۇن ئىچىدىن قوللىرىنى سوزۇپ مىسابىڭجىيىنى تۇتىۋالدى ـ دە، توختىماي شىمال تەرەپكە ئۇچتى. مىسابىڭجىيىنىڭ قانچىلىك ئېلىشىشىدىن قەتئىينەزەر، ھېچقانداق ئامال بولمىدى، ھەتتا ئۇنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازلىرىنىمۇ قارا قۇيۇن يۆگەپ كەتتى.

بۇ قارا ئالۋاستىنىڭ ئىسمى ئۇزۇن بىلەكلىك چىيابالارىن زەھەرلىك ئەجدىھا بولۇپ، شىمالدا تۇراتتى. دائىم قارا بوران چىقىرىپ، خەلققە زىيان سالاتتى.

ئالۋاستىنىڭ مىسابىڭجىيىنى تۇتۇپ كەتكەنلىكىنى دېدەك قىز مالىگۇيگۇي كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ، دەرھال بىر تېز چاپىدىغان ئاتقا مىنىپ جۇكاڭچاماۋغا يېتىپ باردى.

گېسېر شاھ مىسابىڭجىيىنى ئالۋاستىنىڭ تۇتۇپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ، خۇددى ئاسماندا چاقماق چاققاندەك، بېشى ئايلانغاندەك بولۇپ، قاتتىق غەزەپكە كەلدى! ئۇ دەرھال ساۋۇت ۋە ئالتۇن دۇبۇلغىسىنى كىيىپ، بېلىگە ئوقيانى ئاستى، قولىغا قىلىچ ئېلىپ ئاتقا مىندى ـ دە، ئالغا قاراپ چاپتى. ئەمما، ئالۋاستىنى نەدىن تاپقىلى بولسۇن؟ ئۇ ئامالسىز لىڭگاغا قايتتى. گېسېر بىردىنلا ئۆيىدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى چوڭ ئانىسىنىڭ تاپىلىغانلىرىنى ئەسكە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ شۇ چاغدا مىسابىڭجىيىنى ئېلىۋالمىغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى، لېكىن ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە پۇشايمانمۇ ئەسقاتمايتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆزى بىۋاستە ئاتلىنىپ شىمالغا بېرىپ ئالۋاستىنى يوقىتىپ، مىسابىڭجىيىنى قۇتقۇزۇشقا بەل باغلىدى.

لىك ئېلىدىكى پۇقرالار پادىشاھنىڭ يىراققا سەپەر قىلىپ ئۇرۇشىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، كەينى ـ كەينىدىن كېلىپ جەڭگە قاتنىشىشنى ئىلتىماس قىلدى، ئۇلار لىڭگادىكى مارشىـ يۇڭغا يىغىلىپ، پادىشاھ بىلەن ھايات ـ ماماتتا بىللە بولۇشقا قەسەميات قىلدى. جۇماۋ باشچىلىقىدىكى 12 خانىشمۇ پادىشاھنى چۆرىدەپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي، بىللە بارماقچى بوـ لۇشتى. گېسېر شاھ بۇ چاغدا بېشىغا ئالتۇن دۇبۇلغىسىنى، ئۇستىگە جەڭ تونىنى كىيگەن، بېلىگە ئالۋاستىنى تىز پۈكتۈردـ دىغان خەنجىرىنى قىستۇرغان، قولىغا كرىستال ئاق ساپلىق قىلىچىنى تۇتقان، مۇرىسىگە سۇمۇرغ پېيىدىن قىلىنغان ئوق خالتىسى ئاسقان، ئۇنىڭ ئىچىگە بىر دانە ئىلاھىي ئوقنى سالـ غان، يەنە بىر نۇر چېچىپ تۇرغان قالقان، شۇنداقلا خۇددى كالا مۇڭگۈزىدەك ئېگىلگەن يا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. ئات باقار قىزىل توشقانقۇلاق ئاتنى يېتىلەپ كېلىپ، بىر چەتتە تىك تۇردى. گېسېر شاھ جەسۇر، قامەتلىك بولۇپ، روھى ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇ ئاممىغا كۆز يۈگۈرتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاتقا سەكرەپ مىنىپ، تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچ بىلەن دۆلەت ئىشلىرىنى تاپشۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ تەنتەنىلىك ھالدا خانىش جۇماۋغا مۇنداق دېدى:

— مەن ئالۋاستىلارنى تەسلىم قىلىپ، مىسابىڭجىيېنى قۇتۇلدۇرۇش سەپىرىگە ئاتلىنىۋاتىمەن. مەن كەتكەندىن كېيىن، دۆلەت ئىشلىرى ۋە ئائىلە ئىشلىرىنى سەن باشقۇر، ئاكام چاتىشاغىر بىلەن لىڭ ئېلىنىڭ ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى كۆچىنىڭ بارىچە دۆلىتىمىزنى، سېنى ۋە پۇقرالارنى قوغدايدۇ!

گېسېر سۆزىنى تۈگىتىپ، قامچىسىنى ئويناتقىنىچە يولغا چىقماقچى بولۇۋېدى، چوڭ خانىش جۇماۋ ئوڭ قولىدا بىر ئالتۇن تاۋاقنى، سول قولىدا بىر ئاياق شارابنى كۆتۈرگەن ھالدا پادىـ شاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇنداق دېدى:

— شاھىم، سەن يىراق سەپەرگە چىقىپ ئالۋاستىلارنى يوقىتىشقا كېتىۋاتىسەن، مەن سېنىڭ بىلەن بىللە بارالمىغاچقا، بۇ شارابنى ئىچىۋەت، يالىڭاچ ئارپىدىن قىلىنغان بۇ شارابنى ئىچسەڭ، بىر خىل ئىلاھىي كۈچكە تولىسەن، غەيرىتىڭ ئېشىپ، ئالۋاستىلارنى يوقىتىشتا چوقۇم غەلىبە قىلىسەن. سېنىڭ تېز بېرىپ تېز قايتىشىڭنى، بىر يىللىق يولنى بىر ئايدا، بىر ئايلىق يولنى بىر كۈندە، بىر كۈنلۈك يولنى بىر قېتىمدا بېسىپ بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

گېسېر شاھ شارابنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى، بىردىنلا بىر ئىسسىق ئېقىم ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى قاپلىدى. جۇماۋ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پادىشاھقا شېرىن سۆزلەر بىلەن دۆلەتتىن ئايرىلماسلىق، يىراققا كەتمەسلىكنى نەسىھەت قىلدى. لېكىن، گېسېر شاھ سەپەرگە بەل باغلىغاچقا:

— ئالۋاستىنى يوقاتمىغۇچە، ئائىلىنىڭ، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداپ، خەلقنىڭ مۇشكۈلىنى ئاسان قىلمىغۇچە قايتمايمەن! — دېدى.

جۇماۋ شۇنچە قىلىپمۇ گېسېرنى قايىل قىلالماي، كۆڭلى بەكمۇ تىت - تىت بولدى، ئۇنىڭ گېسېر شاھتىن پەقەت ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. ئاخىرى، ئۇ ئاتنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇۋېلىپ قويۇۋەتمىدى ھەمدە ئۇنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرىدىغان نۇرغۇن گەپلەرنى قىلدى. گېسېر قامچىسىنى ئۈينىتىپ ئاتنى بىر ئۇرۇۋېدى، قىزىل توشقانقۇلاق ئات ئىگىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ بىرلا چاپچىپ ئوقتەك ئۇچتى، جۇماۋ كۆزىنى ئېچىپ يۇمغىچە نەچچە ئون مېتىر يىراقتا قالدى. پادىشاھ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولغانىدى. ئۇ قارا قېچىرغا مىنىپ، دەرھال كەينىدىن قوغلىدى.

جۇماۋنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن گېسېر شاھ، كۆز ئالدىدىكى بىر پارچە يەرنى بىر چوڭ دەرياغا



ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ يولىنى توستى؛ ئۇ يەنە بېشىغا سېرىق تۇماق، ئۇستىگە سېرىق جەندە كىيگەن ئادەم قىياپىتىدە قارشى قىرغاقتا ئولتۇردى.

جۇماۋ دەريا بويىغا كېلىپ، بېشى قېتىپ تۇرغاندا، قارشى قىرغاقتىكى كىشىنى كۆرۈپ يۇقىرى ئاۋازدا سورىدى:

— بايا بىر يىگىت قىزىل توشقانقۇلاق ئاتنى مىنىپ، بېشىغا ئالتۇن دۇبۇلغا كىيىپ بۇ يەردىن ئۆتتىمۇ؟

— بايا شۇنداق بىر يىگىت بۇ يەردىن ئۆتتى، لېكىن ئەمدى بەك يىراقلاپ كەتتى، ھەرقانچە قىلساڭمۇ يېتەلمەيسەن. قىزچاق، مېنىڭچە سەن دەرھال قايتىپ كەتكىن. بولمىسا ساڭا ئوخشاش گۈزەل قىز ئاسانلا ئالۋاستىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ!

— دېدى ئۇ كىشى.

جۇماۋ ئامالسىز ئاتنى كەينىگە بۇرىدى.

جۇماۋ قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، گېسېر شاھ يەنە ئەسلىي ھالىتىگە ئۆزگىرىپ ئاتقا مىندى ـ دە، سەپىرىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ قاتمۇقات تاغلاردىن، نۇرغۇن دەريالاردىن ئۆتۈپ، خۇددى بۆرە يۇرىكىگە ئوخشايدىغان بىر تاغ چوققىسىغا كەلدى. بۇ تاغ ئۇستىدە بىر چاسا تۆمۈر قەلئە بولۇپ، قەلئە ئەتراپىدا ئادەم سۆڭەكلىرىدىن قىلىنغان بايراق سۇپىسى بار ئىدى. قارىماققا ئىنتايىن سۈرلۈك، قورقۇنچلۇق بولۇپ، پۈتكۈل تاغ ئىچى ئالۋاستى ھىدىغا تولغانىدى. گېسېر شاھ كۆڭلىدە: «بۇ ئالۋاستى قانچىلىغان ئادەملەرنى ئۆلتۈرگەندۇر ـ ھە!» دەپ ئويلىدى ـ دە، بۇ ئالۋاستىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقماقچى بولدى. بۇ چاغدا كەچ كىرىپ قالغانىدى، ئۇ قەلئە دەرۋازىسى سىرتىدا ئاتتىن چۈشۈپ، دەرۋازىنى چەكتى. دەرۋازا ئېچىلىپ، ئىچىدىن بىر ئادەم چىقتى. گېسېر شاھ چۆچۈپ كەتكىنىدىن «ۋاي» دەپ قالدى. ئەسلىدە چىققىنى ئالۋاستىمۇ ئەمەس، ئەزرائىلمۇ ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن گۈزەل بىر قىز ئىدى. قىز



لاتاپەتلىك ۋە لېۋەن بولۇپ، خۇددى جەننەتنىڭ
هۆر - پەرىلىرى پانىي ئالەمگە چۈشكەنگە ئوخشايتتى.
بۇ قىز دەرۋازىدىن چىقىپ، گېسىر شاھنى كۆرۈشى بىلەن
قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى. ئۇ ئەسلىدە تەڭداشسىز زەھەرلىك
ئەجدىهانىڭ قىزى بولۇپ، راسا بويىغا يەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى
ياخشى بولسىمۇ، لېكىن دادىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئالۋاستى
قەلئەسىنىڭ دەرۋازىسىنى ساقلاپ، ئىرادىسىگە خىلاپ ئىشنى
قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئۇ بىراۋنىڭ دەرۋازىنى قاققانلىقىنى
ئاڭلاپ، ئۆلگىسى كەلگەنلەردىن بىرەرى كەلگەن بولسا كېرەك
دەپ ئويلىغانىدى، ئويلىمىغان يەردىن قەددى - قامىتى كېلىشكەن
بۇ گېگانت ئەرنى كۆرۈپ روھى چىقىپ كەتكەندەك بولدى.
گېسىر شاھ كېلىش مەقسىتىنى ئېيتقاندىن كېيىن، قىز
ئۇنىڭ ئالۋاستىنى يوقاتقىلى كەلگەنلىكىنى بىلدى - دە، چىرايى
بىردىنلا ئۆزگەردى. ئۇ مۇشتۇمىنى تۈگۈپ، يەرگە كۆچەپ تېپىد-
ۋېدى، ئۇستىدىكى ئۇنچە - مەرۋايىت نەقىشلەنگەن قالقىنى جا-
راڭلاپ كەتتى.
گېسىر شاھ قىلچە بوش كەلمىدى، ئىككىسى ئۇ بىر مۇشت
ئېتىپ، بۇ بىر تېپىك ئۇرۇپ، ئېلىشىشنى باشلىۋەتتى. قىزنىڭ
ماھارىتى قالتىس بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بەرىبىر گېسىرنىڭ رەقى-

بى بولالمايتتى، بىرنەچچە قېتىم ئېلىشا ـ ئېلىشمايلا، مۇشت ئاتقۇدەك ماغدۇرى قالماي، بۇرۇلۇپ قاچماقچى بولۇۋىدى، گېـ سېر شاھ ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتقىنىچە يەرگە يىقىتىپ، قىلىچىـ نى كۆتۈرگەن ھالدا:

— مەيلى ئەر ياكى ئايال ئالۋاستى بولسۇن، قولۇمغا چۈشـ كىنىنى ئۆلتۈرمەي قويمايمەن، تەڭرىنىڭ ئەمرى بويىچە ئالۋاسـ تىلارنى جازالايمەن، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان ھېلىقى ئالـ ۋاستىمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ! — دېدى.

قىز قورققىنىدىن جالاقلاپ تىترەپ، ھەدەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— مەن ئۇزۇن بىلەكلىك ئالۋاستىنىڭ سىڭلىسى ئادالاماۋ بولىمەن، ھازىر ئاكامغا ۋاكالىتەن قەلئەنى ساقلاۋاتىمەن. شاھىم مېنى ئۆلتۈرمىسىلا، يامان ئىشلارنى قىلماسلىققا، ئۆمۈر بويى شاھىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىمەن.

گېسېر شاھ قىزنىڭ قەسىمىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا، ئاندىن قىلىچىنى قويۇپ، ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى.

ئادالاماۋ گېسېرنى قەلئە ئىچىگە باشلاپ كىرىپ، ئۇنىڭغا تائاملارنى تەييارلاپ بەردى، گېسېر شاھ ھۇزۇرلىنىپ غىزالانـ دى. ئۇ ئادالاماۋنى يېڭى خانىشلىققا ئالدى ھەمدە بۇ يەردە بىرـ نەچچە كۈن تۇردى، ئاندىن دەرھال يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇزۇن بىلەكلىك ئالۋاستىنى يوقىتىشقا ماڭدى. مېڭىشتىن ئىلـ گىرى، ئادالاماۋ گېسېر شاھقا بىر ئۈزۈك تەقدىم قىلدى ھەمدە ئۇنىڭغا:

— بۇ يەردىن ماڭساڭ، يولدا بىر قارا كۆلدىن ئۆتىسەن، كۆل ئوتتۇرىسىدا بىر ئالۋاستى ئىت بار، ئىسمى گۇگۇرېزا. ئۇ كېلىپ سېنى چىشلىمەكچى بولغاندا، سەن ئۇنىڭغا بۇ ئۈزۈكـ نى كۆرسىتىپ: «مەن ئادالاماۋنىڭ ئېرى» دېسەڭ، ئۇ سېنى ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ، — دېدى ھەمدە يول بويى ئۆتىدىغان يەرلەرنى

ئۇنىڭغا بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بەردى.

گېسىر شاھ ئادالاماۋ كۆرسەتكەن يول بويىچە مېڭىۋەردى، كۆپ ئۆتمەي ئۇ بىر ئاق تاغ ئالدىغا كەلدى. بۇ تاغ خۇددى بىر كىشى ئۇ يەردە يېتىۋالغاندەك يولنى توسىۋالغانىدى. يەنە ئۇلۇك تەرەپ بىلەن ماڭغاندا بىر كۆۋرۈك، كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندە خۇددى چوشقا تۆكلىرىدەك بىر تاغ تۆپىلىكى بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا خۇددى زەھەرلىك قانغا ئوخشايدىغان بىر قارا كۆل بار ئىدى. گېسىر شاھ كۆل بويىغا كەلگەندە كۆل تۇيۇقسىز دولقۇنلىدى، كەينىدىنلا ئۇنىڭ ئىچىدىن كۆرۈنۈشى بەتبەشىرە، قورقۇنچلۇق بىر ئالۋاستى ئىت سەكرەپ چىقتى، ئۇ كالا باش، ئات يۈزلۈك، بەللىرى ئېيىقنىڭكىدەك، تەڭنىدەك يوغان ئاغزى قانغا تولغان بولۇپ، گېسىر شاھقا ۋەھشىيلەرچە ئېتىلىپ كەلدى. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئىشتىن گېسىر شاھنىڭ بەدىنىنى سوغۇق تەر بې-سىپ، كەينىگە چېكىندى. ئۇ بۇ يەرگە ماڭىدىغان چاغدا ئادالا-ماۋنىڭ تاپىلىغانلىرىنى يادىغا ئېلىپ، دەرھال ھېلىقى ئۈزۈكنى چىقىرىپ ئالۋاستى ئىتقا كۆرسەتتى ۋە:

— مەن ئادالاماۋنىڭ ئېرى بولىمەن، بۇنىڭغا مانا بۇ ئۈزۈك گۇۋاھ! — دېدى.

بۇنىڭ بىلەن، ئالۋاستى ئىت ھۇجۇمىنى توختىتىپ، دوس-تانە ھالدا بىر - ئىككىنى قاۋىدى - دە، قۇيرۇقىنى قىسقىنىچە تاقلاپ - تاقلاپ كۆل ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

گېسىر ھاڭۋېقىپ تۇرغىنىچە، بۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ھە-قىقەتەن تەس ئىكەن، بەختىمگە يارىشا ئادالاماۋ بەكمۇ ئەتراپلىق ئويلاپتۇ، دەپ ئويلىدى.

ئۇ يەنە ئاتقا مىنىپ چاپتۇرغىنىچە كەتتى. خېلى ماڭغاندىن كېيىن، ئاق، قىزىل ئىككى ئاچا يول پەيدا بولدى، ئالدىدا بىر قارا تاغ بولۇپ، تاغدا ئۈچ بۇرجەك شەكىلدىكى بىر قەلئە بار ئىدى. گېسىر شاھ قەلئە تۈۋىگە كەلگەندە، ئۈچ باشلىق بىر



ئالۋاستى چىقىپ يولنى توستى، ئۇ ئالۋاستى ئۈچ بېشىدىكى ئۈچ
ئېغىزى ئارقىلىق ئوخشاشمىغان سوئاللارنى سورايتتى، گېسېر
شاھ ئادالاماۋنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە بىرمۇبىر جاۋاب بەردى.
بۇ ئالۋاستى ئۇنىڭ ئادالاماۋنىڭ ئېرىمەن دېگىنىنى ئاڭلاپ،
دەرھال قەلئە دەرۋازىسىنى ئېچىپ، گېسېر شاھنى ئىچىگە باشلا-
پ كىردى. تېزلا قاراڭغۇ چۈشۈپ، ھېلىقى ئالۋاستى تاتلىق
ئۇيقۇغا كەتتى. يېرىم كېچە بولغاندا، گېسېر شاھ ئاستا ئورنى-
دىن تۇرۇپ، ئۇ ئالۋاستىنىڭ بىر چوڭ باسما پىچاقنى ئۈستىگە
توغرىسىغا قويۇپ ياتقانلىقىنى كۆردى، بۇ ئۇنىڭ قورالى بولۇپ
ئادەم ئۆلتۈرۈشتە دەل مۇشۇ باسما پىچاقنى ئىشلىتەتتى. گېسېر



شاھ ئۇنىڭ تەييارلىقسىز تۇرغىنىدىن پايدىلىنىپ، «مۇشتقا مۇشت بېرىش» ئۇسۇلى بويىچە بۇ باسما پىچاقنى ئېلىپ، ئۇ ئالۋاستىنىڭ ئۈچ بېشىنى بىراقلا ئۈزۈپ تاشلىدى، قانلار خۇددى ئۈچ ئېرىقتەك ئۇ ئالۋاستىنىڭ ئۈچ بويىنىدىن ئېتىلىپ چىقتى. گېسېر ئۈچ باشلىق ئالۋاستىنى يوقاتقاندىن كېيىن كەينىگىمۇ قارىماي ئاتقا مىنىپ، ئالغا قاراپ ماڭدى. تاڭ سۈزۈلگەندە، ئۇ خۇددى بەش بارماق تىزىلغاندەك تۇرغان بىر تاغ باغرىغا كەلدى. ئۇ يەردە كەڭ بىر يايلاق بولۇپ، توپ - توپ قوي، كالىلار ئوتلاپ يۈرەتتى. مالچى بەش بېشى بار چىنئىن ئىسىملىك بىر ئالۋاستى ئىدى، ئۇ گېسېرنى كۆرۈپلا:

— سەن ئۆمرى كۆتە پاكار بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— مەن مەخسۇس سەن ئالۋاستىلارنى يوقاتقىلى كەلدىم، سەن بەش باشلىق ئالۋاستى يەنە غالجىرلىق قىلالامسەن، — دەپ جاۋاب بەردى گېسېر شاھ.

بەش باشلىق ئالۋاستى بۇنى ئاڭلاپ، سالغا بىلەن بىر چوڭ تاشنى ئېتىۋېدى، يايلاقتا توپا - چاڭ كۆتۈرۈلۈپ، تاشلار قالايمىقان ئۇچتى. ئاندىن ئۇ كەينىدىن يانى چىقىرىپ:

— سېنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ تەلۋىلىك قىلغۇدەك قانداق كارامىتىڭ بار؟ سەن مەن بىلەن ئوق ئېتىشتا سىنىشالامسەن؟ — دەپ قاتتىق كۈلدى.

گېسېر ھېلىقى غەلىتە ئادەم كۆرسەتكەن ئۈچ قارىغا قارىدى، بۇنىڭ بىرى توققۇز قوشقار، بىرى توققۇز ساغلىق، بىرى توققۇز ئەركەك قوي ئىدى. ئۇ يەتتە ئاكا - ئۇكىنىڭ ئىلاھىي ئوقلىرى ئىچىدىن بىرنى تارتىپ چىقىرىپ، يانى تارتىپ ئېتىۋىدى، بۇ ئوق ھەقىقەتەن كارامىتى ۋە سېھرى بىلەن ھەممە نىشانلارنى يىقىتىپ دەل جايىغا تەگدى، ئاندىن ئوق يەنە ئۇچۇپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئوق خالتىسىغا چۈشتى.

بەش باشلىق مالچى هاڭ ـ تاڭ بولۇپ، بۇنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىشكە جۇرئەت قىلالمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ گېسېرنىڭ رەقىبى بولالمايدىغانلىقىنى هېس قىلىپ، يۇۋاشلىق بىلەن ئۇنىڭغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شۇنىڭ بىلەن، گېسېر شاھ بەش باشلىق مالچى بىلەن دوست بولدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن مىسابىڭجىيېنىڭ بەزى ئەھۋاللىرىنى، شۇنىڭدەك ئۆزۈن بىلەكلىك ئالۋاستىنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى، هازىر ئۆيدە يوقلۇقىنى بىلدى. گېسېر شاھ ئادەم قۇتقۇزۇشقا ئالدىراپ، مالچى ئۇنىڭغا تەييارلىغان شاراب ـ تائاملارغىمۇ ئېغىز تەگمەي، مىسابىڭجىيېنى ئىزدەپ ماڭدى. مالچى ئۇنىڭغا:

— مىسابىڭجىيې بېشىغا ئارغۇت كالا تېرىسىدىن قىلىنغان



تۇماق، ئۇچىسىغا ئارغۇت كالا تېرىسىدىن جۇۋا كىيگەن بولۇپ، ئىشىك سىرتىدا سېنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ، مەن ئۇنىڭغا ئېيتقان، سەن تېزراق بارغىن! — دېدى.

گېسېر شاھ بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئاتقا مىندى - دە، ئۇدۇل مىسابىڭجيې تۇرۇشلۇق جايغا قاراپ ماڭدى. ئۇ مىسابىڭجيېنىڭ چېدىرىدىن يىراق بولمىغان يەرگە كەلگەندە، ئۇنىڭ خۇددى بىر ئازغۇن ئىنەكتەك چېدىر ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى گېسېر شاھنى كۆرەلمەيتتى، ئۇ ئۇنى ئالۋاستى بولاپ كەتكەندىن كېيىن ئەما بولۇپ قالغاندى. بۇ مەزگىلدە، ئۇ ئۇزۇن بىلەكلىك ئالۋاستىغا خوتۇن بولغان بولسىمۇ، لېكىن تۇرمۇشى ئىنتايىن جاپالىق ئىدى، ئائىلىسى ۋە ئۆز ئېرى گېسېر شاھنى دائىم ئەسلەيتتى. شۇ تاپتا گېسېر شاھنىڭ ئۆز يېنىدا تۇرغىنىغا ئۇنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئۇ گۇمانسىرىغان ھالدا مۇنداق دېدى:

— ئۇ ۋىجدانسىز راستتىنلا كېلىپ مېنى قۇتقۇزارمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا ئۇ مېنىڭ چۈشۈمنى ئۆرۈپ بەرمىگەچكە، مەن مۇشۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندىم، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئاللىقاچان ئۆلۈپ، سۆڭەكلىرىنى ئوت - چۆپ قاپلاپتىمىش. سەن بەلكىم مېنى ئالداش ئۈچۈن گېسېر شاھ سىياقىدا كەلگەنسەن؟

گېسېر شاھ مىسابىڭجيېنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، يۈرىكىنى پىچاق بىلەن تىلغاندەك بولدى - دە، مىسابىڭجيېگە:

— ئەر - خوتۇنلار كۆرۈشكەندە تونۇيالماسلىقنى مەن كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئەمدى مەن سېنى قۇتۇلدۇرۇپ، سەۋەنلىكىمنى يۇيۇشقا كەلدىم، — دېدى.

مىسابىڭجيې يەنىلا خاتىرجەم بولالماي، گېسېرغا يەنە بەزى سوئاللارنى قويۇپ، ئۇنىڭدىن جاۋاب ئالماقچى بولدى.

— سەن ئەگەر راستتىنلا لىڭ ئېلىدىكى گېسېر شاھ بولساڭ، لىڭ ئېلىدىكى ئۈچ ئىلاھ، ئۈچ بۇتخانا، ئۈچ پىچاق،

ئۈچ خانىش، ئۈچ قالقان، ئۈچ ئات، ئۈچ قۇش، يەنە ئون ئۈچ ئاتنىڭ ئىگىسى سەككىز بۈيۈك باتۇر، يەتتە پالۋان، تۆت چوڭ شەھەرنى ئېيتىپ بەر.

گېسېر شاھ بۇلارنى ئەلۋەتتە بەش قولدەك بىلەتتى، ئۇ قىلچە خاتالاشماي بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بەردى.

— ئەمدى ساڭا ئىشەندىم، ئېيتقانلىرىڭنىڭ ھېچقايسىسى يالغان ئەمەس، — دېدى مىسابىڭجىيې خۇشال بولۇپ. بۇ قېتىم ئۇ ئارزۇ قىلغان قۇتقۇزغۇچىسى كەلگەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە قۇتقۇزغۇچىسى ئۆزىنىڭ ئەڭ سېغىنغان كىشىسى بولغاچقا، ھاياجانلانغىنىدىن بىر ھازاغىچە گەپ قىلالمىدى.

مىسابىڭجىيې تۇمىقىدىن ئاچقۇچىنى ئالدى، ئاندىن گېسېر شاھنى چېدىرغا باشلاپ كىردى. ئۇ بىر تەرەپتىن گېسېر شاھقا غەمخورلۇق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئارغۇت كالا تېرىسىدىن قىلىنغان تۇمىقىنى تاشلاپ، كالا خۇرۇمى كىيىملىرىنى سېلىپ، ئەسلىدىكى گۈزەل قىياپەتكە كىردى. ئۇ گېسېر شاھنى قۇچاقلاپ ھەسرەت بىلەن يىغلىدى، گېسېر شاھمۇ ئۆزىنى تۇتالماي، ئىككىسى قۇچاقلىشىپ بىر ھازا يىغلاشتى. تۇيۇقسىز، مىسابىڭجىيېنىڭ كۆز ئالدى يورۇپ كەتكەندەك بولدى، ئۇ خۇددى چۈشىدىن ئويغانغاندەك يورۇقلۇقنى يېڭىۋاشتىن كۆردى.

مىسابىڭجىيېنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ دەرھال ياخشى يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ كېلىپ، ھاراق قۇيدى ـ دە، گېسېر شاھنى راسا مېھمان قىلدى. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ مۇنداق دېدى:

— شاھىم، سەن ئەمدى دەرھال مالچىنىڭ قېشىغا قايتىپ كېتىپ ئەتە سەھەردە كەل، ئالۋاستى قايتىپ كېلەي دەپ قالدى. سەن ئۇنى تەسلىم قىلماقچى بولساڭ، ئەقىل بىلەن ئىش قىل.

گېسېر جاھىللىق قىلىپ، ئۆزۈن بىلەكلىك ئالۋاستى كەلگەندە ئۇنىڭدىن ھېساب ئالىمەن، دەپ تۇرۇۋالدى. مىسابىڭجىيې

گېسېرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن زورمۇزور ئېلىشتىشىغا قوشۇلماي، ئال-
ۋاستىنى ھىيلە بىلەن يوقىتىش ئوڭايراق بولىدۇ، دەپ قارىدى.
گېسېر شاھ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئاتتىن
مىندى ـ دە، ئالۋاستى ئائىلىسىدىن ئايرىلدى.
شۇ كۈنى كەچتە، مىسابىڭجىي ئالۋاستىغا مۇنداق دېدى:
— مەن بايا ئۇخلاۋېتىپ بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە
بىر قىز مېنىڭ ئوڭ تەرەپتىكى چېچىمنى كېسىۋاپتىمىش. مەن
سېنىڭ بىرەر ھادىسىگە ئۇچرىشىڭدىن ئەنسىرەپ قالدىم. ئەگەر
سەن بىرەر ھادىسىگە ئۇچراپ قالساڭ، مېنىڭ ئاسمان ـ زېمىن-
دىن باشقا يۆلەنگۈدەك بىرەر يېقىنىم يوق، قانداق قىلارمەن؟
— خانىشىم، ئەنسىرىمە، مەن بولسام‌لا ھېچ ئىش بولماي-
دۇ. كارامىتىمنى كۆرسەتسەم‌لا ئاسمان ـ زېمىن مېنىڭ بولى-
دۇ، — دېدى ئالۋاستى پىسەنتىمۇ قىلماستىن ھالدا.
مىسابىڭجىي يەنە مۇنداق دېدى:
— سەن سالامەت بولساڭلا، مەن خۇداغا مىڭ شۇكۇر دەي-
مەن، لېكىن لىڭ ئېلىدىكى ھېلىقى گېسېر قانداقتۇر بىر نەر-
سىگە ئۆزگىرىپ بۇ يەرگە كەلسە، نېمە ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى
كىم بىلسۇن! سېنىڭ جان تومۇرۇڭ قارا كۆل، جان تومۇرۇڭ
دەرەخ، جان تومۇرۇڭ ياۋا كالا قوغدىيالارمۇ! كۆپرەك ئېھتىيات
قىلغان تۈزۈك!
ئۇزۇن بىلەك ئالۋاستى خانىشىم ماڭا كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ،
دەپ قاراپ، كۆرەڭلەشكە باشلىدى:
— قالايمىقان خىياللاردا بولما. مېنىڭ جان تومۇرۇم قارا
كۆلنى ھېچكىم قۇرۇتالمايدۇ. ئامبىرنىمدىكى باش سۆڭەككە
قاچىلانغان زەھەرلىك دورىنى كۆلگە تۆككەندىلا، ئاندىن ئۇنى
قۇرۇتقىلى بولىدۇ؛ مېنىڭ جان تومۇرۇم دەرەخنى ئامبىرنىمدىكى
ئالتۇن پالتا بىلەن ئۇچىنى چاپقاندىلا، ئاندىن كەسكىلى بولىدۇ؛
مېنىڭ جان تومۇرۇم ياۋا كالىنى ئامبىرنىمدىكى يا ئوقى ئارقىلىق-



لا ئۆلتۈرگىلى بولىدۇ. مېنىڭ ئاچام جۇمانىڭ جان تومۇرى بىر ئىلاھىي بوتۇلكىدىكى قارىغاي ھەرىسى، شۇ ھەرىنى ئۆلتۈرگەندىلا، ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈرگىلى بولىدۇ؛ سىڭلىم ئادالاماۋنىڭ جان تومۇرى بىر كاجىپۇت يىلىنى، ئاشۇ يىلاننى ئۆلتۈرگەندىلا ئۇنى ئۆلتۈرگىلى بولىدۇ؛ مېنىڭ پېشانەمدە بىر كىچىك كرىستال بېلىق بار، ئۇ پەقەت ئۇخلىغان چېغىمدىلا چاقناپ تۇرىدۇ، نۇر چاچقاندا بىر ئوق ئېتىلسىلا جېنىم چىقىدۇ. خانىشىم، سەن مەخپىيەتلىكنى ھەرگىز ئاشكارىلاپ قويما، باشقىلار بۇ مەخپىيەتلىكنى بىلمىسە، مېنى ھەرگىز ئۆلتۈرەلمەيدۇ.

مىسابىڭجىي ئىچىدە خۇشال بولدى، ھەي ئالۋاستى، سەن

ئاخىرى قاپقانغا چۈشتۈك. ئەمدى قىسمىتىڭ پۈتتى، جىنايىتىڭ-دىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن، دەپ ئويلىدى. ئۇ شۇلارنى ئويلى-غاچ، خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

— سېنىڭ بايلىقلىرىڭ شۇنچە كۆپ، ئەگەر سەن كۆتۈلمە-گەن پالاكەتكە يولۇقساڭ، مەن بايلىقلىرىڭنى يۆتكەيمەن دەپمۇ يۆتكەپ بولالمايمەن!

— ئەگەر راستتىنلا شۇنداق ئىش بولۇپ، گېسىر بۇ يەرگە كەلسە، بىز پەقەت ساندۇقنى ئېلىپ ماڭساقلا، بارلىق بايلىقلار-نىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېتەلەيمىز، — دېدى ئالۋاستى.

مىسابىڭجىي قەدەممۇقەدەم چوڭقۇرلاپ، ئەستايىدىل قىيا-پەتكە كىرگەن ھالدا:

— مەن راستتىنلا ئانچە خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن، ئەتە ئەتىگەندە سەن ھەممە يەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، قانداق شەپە بارلىقىغا قاراپ باقساڭ ئارتۇق كەتمەس دەيمەن! — دېدى.

ئالۋاستى گەرچە پىسەنت قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن تاڭ يورۇشى بىلەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپنى تەكشۈرۈشكە كەتتى.

گېسىر شاھ مىسابىڭجىينىڭ قېشىغا يەنە كەلدى.

— ئەمدى مەن قانداق قىلغاندا ئالۋاستىنى ئۆلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم، — دېدى مىسابىڭجىي ئۇنىڭغا ئاستا-غىنا.

ئۇ ئاخشام ئالۋاستىدىن ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى گې-سىر شاھقا ئېيتىپ بەردى. ئىككىسى مەسلىھەتلەشكەندىن كې-يىن، ئىشىك سىرتىغا چىقىپ، توققۇز قات چوڭقۇرلۇقتا بىر ئورا كولىدى. گېسىر شاھ ئەڭ ئاستىغا يوشۇرۇندى، ئۈستىگە غايەت چوڭ بىر لىگەننى يېپىپ ئۈستىگە ئۈچ پۈتلۈق ئوچاقنى قويۇپ، ئۇنىڭغا سۇ تولدۇرۇلغان قازان ئاستى، قازان ئىچىگە تىكەن باستى، تىكەن ئۈستىگە ھەر خىل بۇركۈت پەيلىرىنى چېچىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇم دۆۋىلىدى، ئاندىن قۇم دۆۋىلىر-

دىن توققۇز تاغ، توققۇز جىلغا ياساپ، ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ سۆڭەكلىرىنى قۇملار ئۈستىگە قويىدى، ئۇنىڭ بىر تەرىپىگە يېشىل ئوت - چۆپلەرنى قويىدى، مۇشۇنداق قەۋەتمۇقەۋەت ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈستىنى يەنە ياغاچ قاپقاق بىلەن ياپتى. ئالۋاستى ئۆيگە قايتىپ كېلىشى بىلەنلا، ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇياق - بۇياققا قاراپ پۇراپ كۆرگەندىن كېيىن:

— ۋاي - ۋۇي، نېمە ئىش بولدى؟ ئۆيگە كىرىشىم بىلەنلا ئەنسىزلىككە چۇشۇۋاتىمەنغۇ، گېسىر كەلمىگەندۇ؟ مىسابىڭجيې سەن ھېلىقى رەڭلىك رەمنى ئېلىپ كەلگىنە، مەن بىر رەم سېلىپ كۆرەي، — دېدى.

ئالۋاستى ئادەتتە رەم سالمايتتى، چۈنكى رەم سېلىشقا بىرمۇنچە ئەجىر قىلىشقا توغرا كېلەتتى. لېكىن، ئامالسىز قالغاندا رەم سالسا ئومۇمەن ناھايىتى توغرا چىقاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەتتا قۇتۇلۇش ئۇسۇللىرىنىمۇ تاپالايتتى. ئۇ ئېھتىيات ئۈچۈن، ئەپسۇن ئوقۇپ رەم سېلىشقا باشلىدى:

— يا ئىلاھىي بۇتلىرىم، مەن سىلەرگە تاۋاپ قىلىۋاتىمەن! سىلەر مېنىڭ سالغان رەملىرىمگە مەدەت بەرگەيسىلەر. تۇنجى رەمدە ئېيتىلىشىچە، گېسىر ماڭا تاجاۋۇز قىلىپ كەپتۇ. ھە، ياخشى! ئىككىنچى رەمدە ئۇ بىر چوڭ يايلاقنىڭ نېرىسىدا دېگەندەك قىلىدۇ! يەنە قاراپ باقسام، ئۇ تېخى بىر چوڭ دېڭىز، توققۇز تاغ، توققۇز جىلغا بىلەن ئايرىلىپ تۇرۇپتۇ. ھە، توغرا، ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىدىن ئوت - چۆپلەر، دەل - دەرەخلەر ئۈنۈپ چىقىپتۇ، بۇ ئۇنىڭ تېخى ۋاقتىنچە كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردۇ، ئۇ چوقۇم ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن!

شۇنىڭ بىلەن ئالۋاستى رەمنى قويىدى - دە، خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتتى. ئەتىسى سەھەردە ئالۋاستى ئادىتى بويىچە تۆۋەن جىلغىغا ئەھۋالنى كۆزىتىشكە بارىمەن، دەپ قويۇپ چىقىپ كەتـ



تى.
ئالۋاستى كېتىشى بىلەنلا، مىسابىڭجىيې دەرھال چېدىردىن چىقىپ، گېسىرنى ئورىدىن چىقاردى. تاماق يەپ بولغاندىن كې-يىن مىسابىڭجىيې ئالۋاستىنىڭ ئامبىرىدىن لىق زەھەرلىك دورا قاچىلانغان باش سۆڭىكىنى ئېلىپ چىقىپ گېسىر شاھقا بېرىپ، ئۇنىڭغا بۇنى تۆۋەن جىلغىغا ئېلىپ بېرىپ، ئالۋاستىنىڭ جان تومۇرى بولغان قارا كۆلگــە قــۇيــۇشنــى ئېيتتى ھەمدە ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، قايرىلىپ قارىماستىن، ئۇدۇل ئۆيگە قاي-تىپ كەل، دەپ تاپىلىدى.
گېسىر شاھ قىزىل توشقانقۇلاق ئاتنى مىنىپ، تۆۋەن جىل-غىغا باردى ـ دە، زەھەرلىك دورىنى قارا كۆلگە قۇيۇپ قوچۇۋەت-كەندىن كېيىن، مىسابىڭجىيېنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە، كەينىگىمۇ قارىماستىن، ئاتنى چاپتۇرغىنىچە قايتىپ كەلدى.
ئاندىن خۇددى ئالدىنقى كۈندىكىگە ئوخشاش ئورىغا كىرىپ ئۇستىگە ئىلگىرى ياپقان نەرسىلەرنى ياپتى. كەچتە ئالۋاستى قايتىپ كەلدى، ئۇ ئۆيگە كىرىپلا:
— ۋايجان، مېنىڭ جان تومۇرۇم قارا كۆل ئەجەب تېزلا قۇرۇپ كەتتىغۇ! ئۆزۈمنى تاۋىم يوقتەكلا سېزىمەن! گېسىر شاھ راستتىنلا كەلگەنمىدۇر؟ مىسابىڭجىيې، رەڭلىك رەمنى تېز كەلتۇرگىن! — دېدى.
ئالۋاستى يەنە رەم سېلىشقا باشلىدى، سېلىپ بولغاندىن كېيىن:
— رەمدىن قارىغاندا، ئۇ تېخى ناھايىتى يىراق جايدا ئىكەن، ئۇ كېلەلمەيدۇ، — دېدى.
ئالۋاستى يەنە ئامبارغا كىرىپ باش سۆڭىكىگە قاراپ، ئۇ-نىڭ يەنىلا شۇ يەردە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى، چۈنكى شۇ باش سۆڭىكى بولسىلا، ئۇنىڭ جان تومۇرى بولغان قارا كۆل قۇرۇپ كەتمەيتتى. ئالۋاستى ئۇخلاشتىن ئىل-

گىرى سەل بىئارام بولۇپ، مىسابىڭجىيىگە:
— ئەتە مەن يۇقىرى جىلغىغا جان تومۇرۇم دەرەخنى كۆ-رۇشكە بارىمەن، — دېدى.

ئەتىسى كۇن چىقىشى بىلەنلا ئالۋاستى كەتتى. مىسابىڭجىيې گېسېر شاھنى ئورىدىن چىقىرىپ، ئالۋاستىنىڭ ئالتۇن پالتىسى-نى بېرىپ:

— سەن دەرھال يۇقىرى جىلغىغا بېرىپ، ئالتۇن پالتا بىلەن ئالۋاستىنىڭ جان تومۇرى دەرەخنى كېسىپ تاشلا، ئاندىن يەنىلا ئىلگىرىكىدەك كەينىڭگە قارىماي، ئۇدۇل ئۆيگە قايتىپ كەل! — دېدى.

گېسېر شاھ ئالۋاستىنىڭ ئالتۇن پالتىسىنى ئېلىپ، ئېتى-نى چاپتۇرغىنىچە ئالۋاستى ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى يۇقىرى جىلغىغا بېرىۋالدى ھەمدە ئالۋاستىنىڭ جان تومۇرى بولغان دەرەخنى تېپىپ، ئازمۇ ئەمەس كۆپمۇ ئەمەس پەقەت ئۇچ پالتا چېپىش بىلەنلا، ھېلىقى دەرەخ غاراسلاپ يىقىلدى. ئاندىن ئۇ دەرھال مىسابىڭجىيىنىڭ قېشىغا بېرىپ، خۇددى ئىلگىرىكى-دەكلا ياخشى يوشۇرۇندى. مىسابىڭجىيې ئالتۇن پالتىنى ئالۋاستى-نىڭ ئامبىرىغا ئەكىرىپ قويدى.

ئالۋاستى كەچتە قايتىپ كېلىشى بىلەنلا:

— ۋاي - ۋاي، يامان بولدى، گېسېر راستتىنلا كەلگەن ئوخشايدۇ، مېنىڭ جان تومۇرۇم دەرەخمۇ كېسىلىپ كېتىپتۇ. ئۇ كەلمىسە، بۇنى كىم قىلىدۇ؟ — دېدى.

ئەمدى ئالۋاستى بىرنەچچە قېتىم پال بېقىپ نۇرغۇن يۇرەك قېنى سەرپ بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە جان تومۇرى قارا كۆل قۇرۇپ، جان تومۇرى دەرەخ ئۆرۈلگەنلىكتىن، ئۇنىڭ روھى چۈشۈپ كەتكەن، بەدىنىمۇ ئاجىزلاشقانىدى. ئۇ ئىشنىڭ سەۋەب-نى تېپىش ئۇچۇن يەنە بىر قېتىم پال سېلىپ باقماقچى بولدى. كىم بىلسۇن، نەتىجىسى ئاۋۋالقىدەكلا بولۇپ، گېسېرنىڭ كەل-

مىگەنلىكى ئېنىق ئىدى. بۇ زادى قانداق ئىشتۇ؟ ئۇ ئەتە ئوتتۇرا جىلغىغا بېرىپ قاراپ باقماقچى بولدى.

ئالۋاستى ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ، يول ھازىر-لىقلىرىنى قىلدى - دە، ئۇدۇل ئوتتۇرا جىلغىغا قاراپ كەتتى.

بۇ چاغدا، مىسابىگجىي ئورنىنى ئېچىپ گېسېر شاھنى چىقاردى، ئاندىن ئالۋاستىنىڭ ئامبىرىدىن ئېلىپ چىققان ئوقيانى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئوتتۇرا جىلغىغا قانداق بېرىشنى، ئالۋاستىنىڭ جان تومۇرى ياۋا كالىنى قانداق ئۆلتۈرۈشنى چۈشەندۈردى.

گېسېر شاھ يەنە ھۇجۇمغا ئۆتتى، ئۇ ئالۋاستىنىڭ ئوقياسى-



ـنى ئېلىپ ئوتتۇرا جىلغىغا كەلدى. بۇ جاينىڭ يەر شەكلى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، بىر تەرىپى تەكشى چىملىق بولسا، بىر تەرىپى تىك يار بولۇپ، تۆپىلىكتە غەلىتە تاشلار قەد كۆتۈر-گەن، غەلىتە دەرەخلەر ئۆسكەن، غەلىتە قۇشلار ھەممە يەرنى قاپلىغانىدى. تۇيۇقسىز قەيەردىندۇر غەلىتە ئاۋازلار چىقىپ، تەننى شۈركەندۈرەتتى. گېسېر بۇلاردىن ئانچە قورقۇپ كەتمىد-ـدى، پەقەت ھوشيارلىقى ئۆستى خالاس. ئۇ ئەتراپنى تەپسىلىي كۆزىتىپ، نۇرلۇق قارا كۆزلىرى ئارقىلىق ئالۋاستىنىڭ جان تومۇرى بولغان ھېلىقى ياۋا كالىنى ئىزدىدى. تۇيۇقسىز، قۇلاق-ـنى يارغۇدەك بىر خىل چىرقىراق ئاۋاز بىلەن تەڭ، ناھايىتى زور بىر مەخلۇق يىراق بولمىغان بىر ياردىن چىقىپ، گېسېر شاھقا قاراپ غالجىرانە ھالدا شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كەلدى. ئەلپازىدىن خۇددى گېسېرنى بىر يالماپلا يۇتۇۋېتىدىغاندەك قىلات-ـتى. گېسېر بۇ ياۋايى ھايۋاننى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆزۈن بىلەك ئالۋاستىنىڭ جان تومۇرى ياۋا كالا ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ دەرھال ھېلىقى ئوقيانى قولىغا ئېلىپ ئاتماقچى بولىۋېدى، لېكىن ئوق ئېتىلماستىن تۇرۇپلا يا «پاق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ سۇنۇپ ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى. گېسېر بۇنى ئۆزۈم بەك كۈچەپ تارتىۋەتكەنلىد-ـكىمدىن سۇندى دەپ ئويلاپ، ئۇنى بىر چەتكە تاشلىدى ـ دە، قولىنى كەينىگە سوزۇپ، ئۆزىنىڭ كالا مۈڭگۈزىدەك ئېگىلگەن ھېلىقى ياسىنى ئالدى، ئاندىن سۇمۇرغ پېيىدىن ياسالغان ئوق خالتىسىدىن ھېلىقى ئىلاھىي ئوقنى چىقىرىپ ئاتتى. بۇ چاغدا ھېلىقى مەخلۇق گېسېرنىڭ قېشىغىلا كېلىپ قالغان، يوغان قانلىق ئېغىزلىرىنى ئېچىپ، ئۇنى بىر ۋاخلىق مەززىلىك تاماق قىلماقچى بولۇۋاتاتتى، لېكىن ئۇ بىر ئۆتكۈر ئوقنىڭ ئۆزىگە ئېتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئالدى، ئىلاھىي ئوق ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن ئۇچۇپ كەتتى.

ئۇ بۇ ئوقتىن قۇتۇلۇپ تۇرۇشىغا، ھېلىقى ئىلاھىي ئوق بىردىنلا نىشانىنى ئۆزگەرتىپ، قايرىلىپ ئۆزىگە داۋاملىق ئېتىلىپ كەل-دى. ئۇ بۇ قېتىم ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى، ئۇنىڭ كاسىسىغا ئۆزى ھۇزۇرلىنالمايدىغان نەرسە چوڭقۇر ئېتىلىپ كىردى. بۇ ئەبلەخ ئىشنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ، بۇرۇلۇپلا قاچ-تى، لېكىن ئوق تەگكەن بۇ ياۋا كالا نەگە قېچىپ قۇتۇلا-لىسۇن؟! ياۋا كالا ئانچە يىراققا بارمايلا جان بەردى. گېسېر شاھ ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىلاھىي ئوقنى ئالدى ـ دە، قىزىل توشقانقۇلاق ئېتىنى مىنىپ، ئۇدۇل مىسابىگجىيىنىڭ قې-شىغا قايتىپ كەلدى.

گېسېر شاھ ئالۋاستىنىڭ جان تومۇرى ياۋا كالىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش جەريانىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردى. مىسابىگجىيى ئالۋاستىنىڭ ياسىنىڭ سۇنغانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇنىڭدىن ئانچە گۇ-مان قىلمىدى، ئۇ گېسېر شاھنىڭ ئىلاھىي كۈچىنىڭ قانداقلى-



قى، ئۇنىڭ بىر يانى سۇندۇرۇۋېتىشى نورمال ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ گېسېر شاھقا:

— بۈگۈن كەچ ئالۋاستى تەسلىم قىلىشنىڭ ياخشى پەيتى، — دېدى.

گېسېر بۇ پەيتنىڭ كېلىشىنى خېلىدىن بېرى كۈتۈپ كەلگەنىدى! مىسابىڭجىيې گېسىر شاھنى ئالۋاستى قايتىپ كەلگۈچە يوشۇرۇپ قويدى.

كەچ كىرىشى بىلەنلا، ئالۋاستى دەلدەڭشىگىنىچە ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا:

— مىسابىڭجىيې، مەن بولالمىدىم، مېنىڭ جان تومۇرۇم ياۋا كالىمۇ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. مەن رەم سالالمايدىغان بولدۇم. ئەمدى ئىككىمىز جىلغا بىلەن ئېقىن سۇغا ئوخشاپ قالدۇق، قارىغاندا چوقۇم ئايرىلىپ كېتىدىغان بولساق كېرەك! — دەپ ۋارقىرىدى.

مىسابىڭجىيې ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگەن بولۇپ ياتقۇزۇپ، ئۆزى بىر چەتتە ئولتۇرۇپ يىپ ئىگىرىشكە باشلىدى. ئالۋاستىنىڭ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئالدىن تەييارلانغان ياغاچ كۆمۈرنى ئالۋاستىنىڭ يېنىغا قويدى، ياغاچ كۆمۈر رەزىللىكنى ھەيدەيتتى. بۇ چاغدا، گېسېر شاھ يوشۇرۇنغان يېرىدىن ئېتىلىپ چىقتى ـ دە، ئوقنى ياغا سېلىپ ئالۋاستىنى ئېتىپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. ئالۋاستى ئۆرۈلۈپ، خۇددى چۈشەكىگەندەك:

— نېمە، خۇددى ئوق سالغان ئاۋازغا ئوخشايدىغۇ؟ — دەپ گۇدۇڭشىدى.

مىسابىڭجىيې دەرھال بۇنىڭ يىپ ئىگىرگەندىكى ئاۋاز ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئالۋاستى يەنە ئۇخلاپ قالدى. گېسېر شاھ پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ، ئوقيانى كۈچەپ تارتىۋېدى، ئالۋاستى

يەنە ئويغىنىپ:
— مەن ئوقيانىڭ تارتىلىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتىمەنغۇ! —
دېدى.
— كاللەك يىپىمنىڭ يەرگە چۈشكەندە چىقارغان ئاۋازى،
— دېدى مىسابىگجىيې دەرھال.
— كاللەك يىپ يەرگە چۈشتى! خۇددى يانىڭ چىڭ تارتىل-
غان ئاۋازىدەك مېنى قورقىتىۋەتتى، — دېگىنىچە ئالۋاستى يەنە
ئۇخلاپ قالدى. بۇ چاغدا، ئۇنىڭ پېشانىسىدە كرىستال بېلىجان
پەيدا بولۇپ، پارىلداپ سوغۇق نۇر چىقاردى. مىسابىگجىيې پەيت
كەلگىنىنى بىلىپ، گېسېر شاھقا:
— چاقىنغان يەرگە تېز ئات! — دەپ ۋارقىرىدى.
ھەش - پەش دېگۇچە، ۋىڭىلدىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر
ئىلاھىي ئوق ئالۋاستىنىڭ پېشانىسىگە ئېتىلدى.
كىم بىلسۇن، ئالۋاستى ئۇچقاندەك ئۆرۈلىۋېدى، ئوق تەگ-
مىدى. ئەسلىدە ئالۋاستى ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى قوللانغاند-
كەن. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ جان تومۇرى بولغان ياۋا كالىمۇ ئۆلمىد-
گەن، گېسېر ئېتىپ ئۆلتۈرگەن ھېلىقى مەخلۇقمۇ ئالۋاستى
قۇرغان قاپقان بولۇپ، ئۇ سېھرىي كۈچ ئارقىلىق ئۇنى ئۆزىنىڭ
جان تومۇرى بولغان ياۋا كالىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇش ئارقى-
لىق گېسېرنى ئالدىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ ھېلىقى ياسىمۇ
گېسېرنىڭ كۈچلۈك تارتىشى بىلەن سۇنغان بولماستىن، بەلكى
ئۇ ئالۋاستىنىڭ ھىيلىسى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ جان تومۇرى
دەرىخىنىڭ يىقىتىلغانلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن، مىسابىگجىيې-
دىن گۇمانلانغان، چۈنكى باشقىلار ئۆزىنىڭ جان تومۇرى قارا
كۆلنى قۇرۇتالمايتتى، جان تومۇرى دەرىخىنىمۇ يىقىتالمايتتى،
لېكىن گېسېرنى يېڭىش ئۈچۈن، ئالۋاستى مىسابىگجىيېنى يوقى-
تىشقا ئالدىرىمىدى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ رەقىبى گېسېر ئىكەنلى-
كىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ چاندۇرماي ئۆز يولى بىلەن ئۆزىنى

بابلىماقچى بولغان ھەمدە ئاچىسى جوْماۋنى چاقىرىپ كەلگەن، ئوْموْ يوشوْروْنوْپ، ئىنىسىغا كوْچىنىڭ بارىچە يارىدەم قىلماقچى بولغانىدى.

گېسېر بىلەن مىسابىڭجىي ئالۋاستىنىڭ ھەرىكىتىدىن ھەيـ-ران قالدى. ئوْلار بوْنداق بولوْشنى پەقەت ئويلىمىغانىدى.

ھېلىقى ئىلاھىي ئوق ئوْچوْپ چىققاندىن كېيىن، نىشانغا تېگەلمەي، ئالۋاستىنى ئايلىنىشقا باشلىدى، ئوْ يوْقىرى ـ تۆۋەن ئوْچاتتى. ئالۋاستى ئوْياق ـ بوْياققا يوشوْروْنوْپ، خوْددى موْشوْكـ-تەك قاچاتتى. گېسېر يەنە بىر سېھرىي كوْچ ئارقىلىق ئالۋاستىغا زەربە بەرمەكچى بولغاندا، ئالۋاستى بىردىنلا قاتتىق كوْلوْپ كەتـ-تى. بوْ كوْلكە ئاۋازى خوْددى زور قوڭغوْراق ئاۋازىدەك مىساـ-بىڭجىيېنىڭ بېشىنى ئايلاندوْروْپ، ھوشىدىن كەتكوْزوْۋەتتى. ھېـ-لىقى قوْدرەتتى چەكسىز ئىلاھىي ئوقموْ خوْددى قالقانغا تەگكەندەك يەرگە سانجىلىپ قالدى.

گېسېر شاھ بوْ ئەھۋالنى كۆروْپ، بىردىنلا غەزىپى تاشتى، ئوْ ئوقيانى ئويناتقان ھالدا بىر تاقلاپلا ئېتىلىپ باردى. ئالۋاستىـ-موْ بوش كەلمەي جەڭگە چوْشتى. ئىككىسى قاتتىق تىركىشىپ كەتتى. گېسېر ئېلىشقانسېرى باتوْرلىشىپ كەتتى. ئالۋاستى گەرچە جان تومۇرى قارا كۆل ۋە جان تومۇرى دەرىخىدىن ئايرىلـ-غان بولسىموْ، لېكىن جادوْگەرلىكى تېخى بار ئىدى. ئوْ ئاپئاق كۆزلىرىنى تىكىپ كۆز نوْرلىرىنى خوْددى خەنجەرگە ئوخشاش گېسېرنىڭ يوْرىكىگە سانجىدى؛ گېسېرنىڭ ماھارىتىموْ قالتىس ئىدى، ئوْنىڭ ئوْستىگە ئوْ ئالتوْن ساۋوْت كىيگەن، قولىدا ئوقياـ-نى ئويناتقان بولغاچقا، ئالۋاستىنىڭ رەزىل نوْرلىرىنى يېقىن يولاتمىدى. ئالۋاستى تىت ـ تىت بولوْپ، ئاغزىدىن يالقوْن پوْركىدى. ئىككى ئوْزوْن بىلىكى خوْددى چېقىنغا ئوخشاش ھەر تەرەپكە ھوْجوْم قىلىپ، گېسېرنىڭ ھازىرلا جېنىنى ئالىدىغاندەك قىلاتتى.



ئۇلار ئۆي ئىچىدىن تالاغا چىقتى. بۇ چاغدا ئالۋاستىنىڭ ئاچىسىمۇ قوغلاپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ بەردى. بۇ ئايال ئالۋاستى يالماچ بولۇپ، ئۇزۇن چاچلىرى مۇرىلىرىنى ياپقان، ئەمچەكلىرى خۇددى ئىككى تۆپىلىكتەك كۆتۈرۈلگەنىدى. چوڭ ئېغىزلىرى بولسا يوغان ئېچىلغان، ھىڭگاك چىش بولۇپ، بار-ماقلىرى پولاتتەك ئىدى.

گېسەر بۇنى كۆرۈپ بىراقلا يېڭىشىنىڭ تەسلىكىنى ھېس قىلىپ، كۆڭلىگە ئەقىل كەلدى - دە، يېڭىلگەندەك بولۇپ قاچتى. ئىككى ئالۋاستى بۇنىڭغا يول قويسۇنمۇ؟! ئۇلار غەلىبە-سېرى قوغلاپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئوتتۇرا جىلغىغا كېلىپ قېلىشتى. گېسەر ئالۋاستىنى يوقىتىشتا ئاۋۋال ئۇنىڭ جان تومۇرى بولغان ياۋا كالىنى يوقىتىشى كېرەك، ئالۋاستى يوقى-تىلسا ئاچىسىنى يوقىتىش ھېچ گەپ ئەمەس، دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر تەرەپتىن ئەر ئالۋاستىنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن كەينى ياقىسىدىن ئۈچ تال ئاق يالماچ ئارپىنى چىقىرىپ، ئاسمانغا قارىتىپ ئاتتى. بۇ ئۈچ تال يالماچ ئارپا چۇشۇۋاتقاندا، ئالۋاستىنىڭ جان تومۇرى بولغان ياۋا كالا پەيدا بولدى ھەمدە خۇددى ئاچ بۆرىدەك ئېتىلىپ كېلىپ ئۈچ تال ئارپىنى يۇتۇۋالدى. ياۋا كالا يالماچ ئارپىنى يېگەندىن كېيىن، نېمە ئۈچۈندۇر يەرگە يىقىلدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئالۋاستىمۇ قورسىقىنى تۇتۇپ ۋايىۋايلاشقا باشلىدى، گېسەر پۇر-سەتتىن پايدىلىنىپ ئىلاھىي ئوقتىن بىرنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئۇ-نىڭ جان تومۇرى ياۋا كالىغا قارىتىپ ئاتتى. ئوق خۇددى كۆزى باردەك ياۋا كالىنىڭ دەل يۈرىكىگە بېرىپ تەگدى، بۇ قېتىم ياۋا كالا قايتا قىمىرلىيالمىدى. ئالۋاستىنىڭ جان تومۇرى ياۋا كالا تۈگەشكەچكە، ئالۋاستىنىڭمۇ دەرمانى قالمىدى، سېھرىي كۈچى زور دەرىجىدە ئازايدى. گېسەر ئۇنىڭ تەييارلىقسىز تۇرغان ۋاق-تىدىن پايدىلىنىپ، ئوقيانى كۈچەپ تارتىپ ئالۋاستىنىڭ بويىنىغا

ئاتقانىدى، ئالۋاستى ھوشسىزلىنىپ يىقىلدى ھەمدە پېشانىسىدە چاقناپ تۇرغان كرىستال بىلىجان پەيدا بولدى، ئالۋاستىنىڭ ئاچىسىنىڭ بۇ چاغدا ماغدۇرى قالمىغاچقا يىقىن كېلەلمىدى. گېسېر ئىلاھىي ئوقنى ئالۋاستىغا توغرىلاپ، ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى چاقناپ تۇرغان يېرىگە ئاتتى.

ئالۋاستى ئاغرىققا چىدىماي دومىلاپ، ئۇمىدسىزلەنگەن ھالدا:

— مىسابىڭجىي مېنى ئالداپتۇ، مەن ئۇنىڭ گۆشىنى يەيمەن! — دەپ ۋارقىرىدى - دە، دېمى ئۈزۈلدى.

مىسابىڭجىي ئالۋاستىنىڭ قاتتىق كۈلكىسىدىن ھوشسىزلىنىپ يىقىلغاندىن كېيىن، خۇددى دەسلەپ ئالۋاستىنىڭ ئۆزىنى بۇلاپ كېتىشتىن ئىلگىرى كۆرگەن چۈشىدىكىدەك قويۇن كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنى بوشلۇقتا گويا بىر تال يوپۇرماقنى ئۇچۇرغاندەك ئۇچۇرۇپ كەتتى، تۇيۇقسىز شامال توختاپ ئۇ يەنە بوشلۇقتىن يەرگە چۈشۈپ كەتتى - دە، ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئالۋاستى بىلەن گېسېر شاھنىڭ جەڭ قىلىپ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالۋاستىنىڭ ئامبىرىغا كىردى - دە، ئۇنىڭ ھەرە قاچىلانغان بوتۇلكىسىنى تېپىپ يەرگە تۆكتى. بۇ چاغدا گېسېر شاھ ئايال ئالۋاستىنىڭ رەسۋاسىنى چىقارغانىدى. مىسابىڭجىي تېزلىكتە ھەرىنى ئۆلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ گېسېرمۇ ئايال ئالۋاستىنى ئۆلتۈردى.

گېسېر شاھ ئىككى ئالۋاستىنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ، مىسابىڭجىينىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ مىسابىڭجىينىڭ ئۆلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى، چۈنكى ئەرشتىكى چوڭ ئانىسى گوڭمېنجىيما ئۇنى قوغدايتتى.

ئالۋاستىلار ئاخىرى يوقىتىلدى، گېسېر شاھ بىلەن مىسابىڭجىي بىر قېتىملىق ناھايىتى غەلىبىلىك بولغان ماسلىشىش جېڭى ئېلىپ باردى، ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىيات تېخى-



مۇ چوڭقۇرلاشتى.

گېسېر شاھ ئىككى ئالۋاستىنىڭ بېشىنى ئوتقا سېلىپ كۆيـ‌دۈرۈۋەتتى، شۇنداقلا يەنە نۇرغۇن گەۋدىلىك، گەۋدىسىز يالماۋۇز ـ ئالۋاستىلارنى ئۆلتۈرۈپ بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، مالچى چىنئىنىنى ۋەزىر قىلىپ، گېسېر شاھقا ھەمكارلىشىپ ئالۋاستىلار يېرىنى باشقۇرۇشقا قويدى، ئادەم يېيىش ئادەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇنىڭدىن تارتىپ، پۇقرالار شاد ـ خۇرام، تىنچ ـ ئامان كۈن كەچۈرۈشكە باشلىدى. كۆپچىلىك داخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، گېسېر شاھنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىگە رەھمەت ئېيتتى!

گېسېرنىڭمۇ بۇ يەرگە مېھرى ـ مۇھەببىتى قوزغىلىپ،

دۆلىتىگە قايتىشقا ئالدىرىمىدى، ئۇ مىسابىڭجىي، ئادالاماۋ بىلەن بىللە ئالۋاستى ئوردىسىدا بەختلىك كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.





### تۆتىنچى قىسسە

# خورلارنىڭ تاجاۋۇزى

ئاپئاق قارلىق تاغلار ۋە پايانسىز يايلاقلار ئارىسىدا گويا بىر پارچە رەڭگارەڭ ياقۇتتەك، ئويما نەقىشتەك ئاجايىپ گۈزەل نۇر چاقنىتىپ تۇرىدىغان، شېئىرغا، سۈرەتكە ئوخشايدىغان، پەرىلەر يۇرتىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان ماكان — شىرمەت باتۇر گېسېر شاھ ئىگىدارلىقىدىكى لىڭ ئېلى. بۇ دۆلەت باي ۋە كۈچلۈك، تىنچ ۋە كۆڭۈللۈك، ئەمما دۇنيادىكى ئىشلار ئۆزگىرىشچان، لىڭ ئېلىنىڭمۇ مەڭگۇ تىنچ، بەختلىك ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس.

گېسېر شاھ شىمالغا ئالۋاستىلارنى يوقاتقىنىغا كەتكىنىگە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بىر يىل بولدى. بەختسىزلىك ۋە ئاپەت خۇددى كۈتۈپ تۇرغىنىغا ئۇزۇن بولغان ئالۋاستى قۇمايدەك، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇ دۆلەتكە كىرىشكە باشلىدى.

لىڭ ئېلىنىڭ غەربىي تەرىپىدە خور ئوردا جەمەتى هۆكۈمرانلىقىدىكى بىر دۆلەت بولۇپ، لىڭ ئېلىگە قوشنا ئىدى. بۇ دۆلەتنىڭ ئەسكەرلىرى كۈچلۈك، قورال - ياراغلىرى خىل بولۇپ، نۇرغۇن جايلارنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغىنىغا قارىماي يەنە تېخى هەدەپ كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، قوراللىق تاجاۋۇز قىلاتتى. خور ئوردا جەمەتى ئۈچ تارماق جەمەتكە ئايرىلغان بولۇپ، هەربىر تارماق جەمەتتە بىر شاهزادە بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى ئۆز چېدىرلىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلاتتى: بىرى، سېرىق بارگاھ شاهى؛ يەنە بىرى، ئاق بارگاھ شاهى؛ ئۇندىن قالسا، قارا

بارگاھ شاھى دېيىلەتتى. ئۇلار بىر ئانىدىن تۇغۇلغان ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا ئىدى. بۇ ئۈچ شاھزادە ئىچىدە، سېرىق بارگاھ شاھزادىسىنىڭ كۆچى ئەڭ زور بولۇپ، زور ھوقۇقنى ئۇستىگە ئېلىۋالغان بولغاچقا، ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ، زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىپ، تېرىسىگە پاتماي قالغانىدى، يامان نىيىتى بارغانسېرى ئېشىۋاتاتتى.

شۇ يىلى قىشتا لەپىلدەپ قار يېغىۋاتقان ۋاقىتتا، سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ خانىشى — خەنزۇلار يېرىدىكى گاللاگۇگۇڭنىڭ مەلىكىسى گاسىلاماۋ تۇيۇقسىز قازا قىلدى. ئىككىنچى يىلى 1 ـ ئايدا جەڭگە چاقىرغان داقا ـ دۇمباقلار خور ئېلى بوشلۇقىدا ياڭرىدى. ۋەزىر ـ ۋۇزرالار سېرىق بارگاھ ئالدىغا ئالدىراش يىغىلىشتى، ئۇلار قانداق زور ۋەقە يۈز بەرگىنىنى بىلەلمەي مۇلاھىزە قىلىشاتتى.

بۇ چاغدا، سېرىق بارگاھ شاھى مەغرۇرانە ھالدا چىقىپ، بارگاھ ئالدىدىكى شاھزادىلەر ۋە ۋەزىرلەرگە يۇقىرى ئاۋازدا مۇڭداق دېدى:

— گاسىلاماۋ خانىش پانىي ئالەمدىن ئايرىلىپ جەننەتكە كىرىپ، مەن پادىشاھنى يېتىم قىلىپ قويدى، شۇڭا مەن بىر تەڭداشسىز ساھىبجامالنى تېپىپ ئۆمۈرلۈك ھەمراھ قىلماقچىمەن. سىلەر دەرھال تەييارلىق كۆرۈڭلار.

كۆپچىلىك سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ مەقسىتى بويىچە مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق بۇ ۋەزىپىنى ئاق كەپتەر، سېغىزخان، قىزىل تۇمشۇق قاغا، قارا قاغىغا تاپشۇرۇشنى قارار قىلدى.

بۇ قۇشلار پەرمان بويىچە قاناتلىرىنى قېقىپ، ھەر تەرەپكە ئۇچۇپ باردى. ئۇلار سانسىز تاغ ـ دەريالاردىن، چوڭ ـ كىچىك ئەللەردىن ئۇچۇپ ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن خانىشلىققا لايىق بىر گۈزەل ساھىبجامالنى ئۇچرىتالمىدى.

بىر كۈنى قارا قاغا لىڭ ئېلىگە ئۇچۇپ بېرىپ، گېسېر



شاھىنىڭ چوڭ بارگاھى ئالدىغا چۈشتى. بۇ چاغدا، گېسىر شاھىنىڭ خانىشى جۇماۋ چاچلىرىنى تاراپ ياسىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭ گۈزەل قىياپىتى، زىلۋا قامىتى، ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان كۆلكىسى نېلۇپەرنى چەتتە قالدۇرۇپ، پەرىلەرنى خىجىل قىلاتتى. قارا قاغا ئۇنى كۆرۈپلا كۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ، دەرھال جۇماۋغا يېقىنلاپ، بىر قېرى مومايغا ئايلاندى ـ دە، ھىيلىگەرلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

— مەن خور سېرىق بارگاھ ئەلچىسىمەن، خانىش ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلدىم. مەن سېنىڭ شۇنچە چىرايلىق بولساڭمۇ، تېخىچە ئۆيدە يالغۇز تۇرغانلىقىڭنى كۆرۈپ بەكمۇ ئەپسۇسلاندىم. گېسىر شىمال دۆلىتىنىڭ خانىشىدىن ئايرىلالمايدىغان ھالەتكە كەلدى، ئۇ ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ، سېنىڭ خور سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ قېشىغا بارغىنىڭ تۈزۈك.

خانىش جۇماۋ بۇنى ئاڭلاپ، ئاچچىقىدىن چىرايى تاتارغان ھالدا ئادەم چاقىراي دەپ تۇراتتى، قارا قاغا دەرھال ئەسلىي ھالىتىگە ئۆزگىرىپ، كۆرەڭلىگەن ھالدا خور دۆلىتىگە خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇچۇپ كەتتى. ئاق كەپتەر، سېغىزخان ۋە قىزىل تۇمشۇق قاغىلار ئاللىقاچان قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇلار سېرىق بارگاھ شاھىغا:

— بىز ھەممە يەرگە بېرىپ، پادىشاھ ئۈچۈن خانىش ئىزدىگەن بولساقمۇ، ھەتتا ئۆلچەمگە توشىدىغان بىرەر قىزنىمۇ ئۇچرىتالمىدۇق، — دەپ مەلۇم قىلىشتى.

قارا قاغا مەغرۇرلانغان ھالدا بويىنىنى سوزۇپ مۇنداق دېدى:

— مەن خانىشلىققا ئەڭ لايىق كېلىدىغان نامزاتنى تاپتىم، ئۇ گۈزەللىكتە تەڭداشسىز، ئۇ پانىي دۇنيادىكى ئادەتتىكى قىزلارغا پەقەتلا ئوخشىمايدۇ، گۈزەللىكى پەرىلەردىن ئېشىپ چۈشىدۇ. ئۇ لىڭ ئېلىدىكى گېسىر شاھىنىڭ چوڭ خانىشى، ھازىر



گېسپىر ئالۋاستىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن شىمالغا كەتتى، بىز پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنى بۇلاپ كېلىشىمىز كېرەك!

سېرىق بارگاھ شاھى بۇنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدىن ئېغىزلىرىنى يۇمالماي قالدى ـ دە، دەرھال لىڭ ئېلىگە يۈرۈش قىلىپ، خانىشنى بۇلاشنى قارار قىلدى. ۋەزىرلەر ئىلگىرى باشقا كىچىك بەگلىك پۇقرالىرىنى بوزەك قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەچكە، لىڭ ئېلىنى پەقەتلا كۆزگە ئىلمايتتى، ئۇلار يەڭلىرىنى شىمايلاپ، ئادەملەرنى چۆپ ئورۇغاندەك قىرىدىغان سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ پەرمانى بويىچە لىڭ ئېلىگە يۈرۈش قىلىشقا تەييار بولۇشتى.

ئالدىنقى رەتتىكى تاۋار چۇشەكتىكى بىرىنچى ئورۇندا ئولتۇرغان قېرى ۋەزىر بارلىق ۋەزىرلەرنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئىسمى سەيجىڭراڭشار ئىدى. ئۇ كۆڭلىدە قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ، تەكرار مۆلچەرلەپ چىقتى. ئۇ: «كۈچلۈك لىڭ ئېلىگە تاقابىل تۇرۇشتا باشقا كىچىك ئەللەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك ئۇنداق يەڭگىللىك قىلىشقا بولمايدۇ. شىرمەت باتۇر گېسپىر شاھ بىلەن دۇشمەنلىشىش — خور ئېلىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىنىڭ ئالامىتى. سېرىق بارگاھ شاھى بىر ئۆكتەم، تەكلىپنى قوبۇل قىلىدىغان ـ قىلمايدىغانلىقى نامەلۇم، ئەمما خور ئېلى ئۈچۈن بۇ مۇھىم پەيتتە يەنىلا جىم تۇرۇۋېلىشقا بولمايدۇ» دەپ ئويلىدى ـ دە، ئالدىغا چىقىپ ئويلىغانلىرىنى سېرىق بارگاھ شاھىغا قىلچە يوشۇرماي ئېيتتى. كىم بىلسۇن، سېرىق بارگاھ شاھى بۇنى ئاڭلاپ غەزەپلەندى، ئۇ بۇنى دۇشمەننىڭ ھەيۋىسىنى ئاشۇرۇپ، ئۆز ئادەملىرىنىڭ ئىرادىسىنى چۈشۈرگەنلىك، دەپ قارىدى. سەيجىڭراڭشار شاھىنىڭ زورلاۋانلىقىدىن قورقۇپ ئۈندىمەي ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى. سېرىق بارگاھ شاھى دەرھال ئۈچ ۋەزىر ۋە 30 نەپەر باتۇرغا خور ئېلىدىكى بارلىق قىران لەشكەرلەر ۋە ئارغىماقلارنى، ئۆتكۈر قورال ـ ياراغ قاتارلىقلارنى بىر ـ بىرلەپ تىزىملاشقا پەرمان بەردى.

ئەتىسى تاغ چوققىسىدا قىزىل شەپەق نۇرى ئەمدىلا كۆتۈرۈل-
گەندە، ياڭراق بۇرغا ئاۋازى جىلغا ئىچىنى قاپلىدى، خور قو-
شۇنلىرىنىڭ چېدىرلىرى خۇددى قارا بوران دېڭىز دولقۇنىنى
يۆگىگەندەك بىردەمدىلا يىغىشتۇرۇلدى، جەڭ ئاتلىرى ئىگەرلەن-
دى، ھەركىم ئۆز ئاتلىرىنىڭ يۈگەنلىرىنى تۇتۇپ رەتكە تىزد-
لىپ، يۈرۈش بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى.

يۈرۈش بۇرغىسى دۇدۇتلەپ چېلىندى، خور ئاۋانگارت ئەترد-
تىدىكى 23 مىڭ لەشكەر باشلىرىغا قىزىل پۆپۈك تاقىغان بو-
لۇپ، قوشۇندىن تەخمىنەن بىر ئوق ئېتىم يىراقلىقتا ئىدى.
سانغۇن داخۇاڭبۇجېكاڭ قوشۇن ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى، كەينىدىن
تەخمىنەن بىر ئوق ئېتىم يىراقلىقتاشىنبامىرۇز سەپنى تىزگىن-
لەپ تۇراتتى، ھەيۋەت بىلەن قوزغالغان پۈتكۈل قوشۇن خۇددى
چىڭ چىگىلگەن ئارغامچىدەك، لىڭ ئېلىگە قاراپ داغدۇغا بىلەن
يۈرۈپ كەتتى.

لىڭ ئېلى خورنىڭ تاجاۋۇزچى قوشۇن ئەۋەتكەنلىكىدىن
تېزلىكتە خەۋەر تاپتى، خانىش جۇماۋ چۆرىلىرى ئاچۇڭجى بىلەن
خېچۇڭجىنى لىڭ ئېلىنىڭ پۇقرالىرىغا يىغىلىشنى ئۇقتۇرۇشقا
بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن، لىڭ ئېلىنىڭ پۇقرالىرى يىغىلىپ
دۈشمەنىنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئورتاق مۇ-
ھاكىمە قىلدى. تاغىسى گالىگوڭچۇڭ ۋە چوڭ باتۇرلاردىن پا-
لېي، بۇچىڭلار بېرىپ، ئەھۋال ئۇقۇش، توسۇپ زەربە بېرىشكە
ئەۋەتىلدى.

ئۈچ باتۇر رەتلىك كىيىنىپ جەڭ ئاتلىرىغا مىندى، خانىش
جۇماۋ ئۇلارنى ئۇزىتىشقا چىقتى ھەمدە ئۆز قولى بىلەن ئۇزاق
يىللار ساقلانغان ئېسىل شارابنى قۇيۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئېلى
ئۈچۈن دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ، غەلىبە قۇچۇشنى تىلىدى. ئاندىن
ئۇلارغا چېگرىنى قوغداشتا ئىنتايىن ئېھتىياتچان بولۇشنى تاپد-
لىدى. ئۇلار شارابنى ئىچىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئۈمىدىنى چوقۇم



يەردە قويمايدىغانلىقىنى، ئۆز ئېلىگە چەكسىز سادىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئاندىن ئۇلار قامچىلىرىنى ئوينىتىپ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ، چېگرىدىكى ئاسەيسەي تاغ ئېغىزىغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار تاغ ئېغىزىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، تاغ ئۈستىدىكى ھەرقايسى جايلارنى كۆزىتىپ، يىراقتا خور قوشۇنلىرىنىڭ بارلىقىنى بايقىدى.

ئەلقىسسە، خور قوشۇنلىرى يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى پال سالدۇرۇپ، بۇ قېتىمقى يۈرۈشنىڭ ياخشىلىقتىن بېشارەت بېرىدىغان - بەرمەيدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولغانىدى. پالچى چېزۇنيىشى ئىسىملىك بىر گۈزەل قىز بولۇپ، شاھزادە گارۋاۋۇنانىڭ قىزى ئىدى. ئۇ سالغان پال سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ پەقەت كۆڭلىگە ياقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھوشىنى تاپالماي، لىك ئېلىگە يۈرۈش قىلىشتا چىڭ تۇردى.

چېزۇنيىشىنىڭ ئىنىسى داياخۇمۇ پەرمان بويىچە سېرىق بارگاھ شاھى بىلەن جەڭگە ماڭغانىدى. چېزۇنيىشى ئىنىسىنىڭ قايتىپ كېلىشىنىڭ تەسلىكىنى بىلگەچكە، ئىنىسىنى ئاتا - ئانىسىغا قاراش ئۈچۈن ئۆيدە قالدۇرۇپ، ئۆزى ئەرەنچە ياسىنىپ ئۇنىڭ ئورنىدا بارماقچى بولدى. ئىنىسى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلسىمۇ، لېكىن ھەربىي بۇيرۇق قاتتىق تۇرسا، بۇنىڭغا قانداقمۇ جۈرئەت قىلالىسۇن؟ ئاچىسى ئامالسىز قولىدىن ئالتۇن ئۈزۈكنى چىقىرىپ ئىنىسىغا بېرىپ، ئىنىسىنى ئامان ساقلىشىنى تىلىدى.

ئىنىسى ئاچىسىنىڭ يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە يەنە قاراشقا چىدىيالماي، ئاتنى قامچىلىغىنىچە كەينىگىمۇ قارىماي يۈرۈپ كەتتى.

خور لەشكەرلىرى لىك ئېلىدىكى ئاسەيسەي تېغىغا كەلگەندە، ئۇلارنى گالىگوڭچۈك باشلىق تاغا - جىيەن ئۈچ باتۇر كۈرۈپ قالدى. تاغىسى گالىگوڭچۈك كۆڭلىدە، پالىي بىلەن



بۇچىلىك تېخى چوڭ ئۇرۇشلارنى كۆرمىگەن ياش بالىلار، بۇگۈن ئۇلار مېنىڭ بىلەن بىللە ھۇجۇمچى بولۇپ كەلدى، يېقىنلاشساق، دۇشمەندىن قورقارمۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ ئانچە خاتىرجەم بولالمىدى ـ دە، ئۇلارنى سىناپ باقماقچى بولۇپ:

— خور ئېلىنىڭ شۇنچە زور قوشۇنى ئېلىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كەلسە، خانىش يالغۇز تاغا ـ جىيەن ئۇچىمىزنىلا ئالدى ھۇجۇمچى قىلىپ ئەۋەتتى، قاراڭلار ئاۋۇ تاغ باغرىدىكى قارا، ئاق، سېرىق بارگاھلارغا، ئۇلارنىڭ كېلىشى ھەقىقەتەن يامانلىقتىن بېشارەت! ئەسلىي بۇلۇتسىز تاغ ئۇستىنى تۇتەك ـ تۇمانلار قاپلاپتۇ، ئەسلىدە دولقۇنسىز دېڭىزدا زور دولقۇنلار كۆتۈرۈلۈپتۇ، ئەسلىي تىنچ ۋە تازا يايلاقنى ئەمدى چاڭ ـ توزانلار قاپلاپتۇ، مەن خور قوشۇنلىرىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەسلىكىدىن ئەنسىرەيمەن! — دېدى.

پالېي تاغىسىدىن بۇنداق ئىرادىسىز گەپلەرنى ئاڭلاپ، كۆڭلى بىر قىسما بولدى، ئۇ تاغىسىنىڭ بۇگۈن نېمانچە توخۇ يۈرەك بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنەلمەي:

— مېنىڭچە، خور قوشۇنلىرىنىڭ تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غال، ئۇلار تېرە تاراقشىتىش ئارقىلىق بىزنى ئۇرۇشمايلا قېچىشقا مەجبۇرلىماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئېلىمىزدە سانسىز باتۇر ئوغلانلار تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ بېسىۋالالىسۇن؟! تاغا، سەن ياشىنىپ قاپسەن، سەن بىزنىڭ دۇشمەننى قانداق يوقاتقانلىقىمىزنى كۆرۈپ تۇر! — دېدى.

بۇچىكمۇ مۇنداق دېدى:

— كۆپچىلىك ئادەتتە مېنى قورقماس باتۇر دەيتتى، ئەمدى دۇشمەن بېسىپ كىرىپ ئېلىمىز قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ، مېنىڭ ئاتاكىغا ئۆتىدىغان ۋاقتىم كەلدى! — دېدى ـ دە، ئېتىنى شاپىلاقلاپ تۇرۇپ، — ئادەتتە جەڭدە ئىشلىتىمەن دەپ سېنى باقتىم، ئەمدى كارامىتىڭنى بىر كۆرەي!

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا ئاتقا سەكرەپ مىندى ـ دە، قىلىچىنى ئوينىتقاچ، پۈتلىرى بىلەن ئاتنى دېۋىتىپ، «ئالغا!» دەپ ۋارقىراپ ۋارقىرىدى. ئات خۇددى سالاردىن ئېتىلغان ئوقتەك دۈشمەن لاگىرىغا قاراپ ئېتىلدى.

بۇ چاغدا، پالېي بىلەن تاغىسى گالىگوگچۇگمۇ قوراللىرىنى ئوينىتىپ، ئاتلىرىنى قامچىلىغىنىچە دۈشمەن بارگاھىغا قاراپ چاپتى.

ئۈچ باتۇر دۈشمەن لاگىرىدا ئۇر ـ چاپ قىلىپ، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۆزلىرىنى ئاتتى. خور قوشۇنلىرى ئىلىنىڭ ئېلىنىڭ خۇددى ئەرش لەشكەرلىرىدەك بۇ ئۈچ باتۇرغا ھاڭ ـ تاڭ قالغىنىچە قاراپ، سەپلىرى قالايمىقانلاشتى. خور لەشكەرلىرى خۇددى ئېتىزلىقتا ئورۇلغان بۇغدايدەك يەرگە يىقىلىشقا باشلىدى.

ئۈچ باتۇر يول بويى ئاتاكىغا ئۆتۈپ، خۇددى يولۋاس قوي توپىغا، بۈركۈت قۇشلار توپىغا ئېتىلىپ كىرگەندەك، خور لەشكەرلىرىنى قىرىپ، جەسەتلىرىنى تاغدەك قىلدى، دۈشمەننىڭ قانلىرى دەريادەك ئېقىپ، رەسۋالارچە قاچتى.

بۇ چاغدا خور سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ قول ئاستىدىكى چوڭ ئاتامان شىنبامىرۇزنىڭ غەزەپتىن دوزاخ ئىلاھىدەك قىزارغان يۈزلىرى بىنەپشە رەڭگە كىردى. قانلىق كۆزلىرى قىزىرىپ، قىزىل تورۇق ئېتىغا سەكرەپ مىندى ـ دە، ئۇنى شامالدەك ئۇچۇرۇپ ماڭدى، ئۇ ئوق، قىلىچ، نەيزە ئالغان، ھەيۋەتتى ئاشقان ئىدى. پالېي ئۆلۈمدىن قورقمايدىغانلارنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرۈپ:

— گالىگوگچۇڭ تاغا، بۇچىڭ باتۇر، قاراڭلار، بىر قېرى خور قىزىل تورۇق ئات مىنىپ جان تاپشۇرغىلى كەلدى. سىلەر دۈشمەننى كۆزىتىپ تۇرۇڭلار، ئۇنى مەن جايلاي، — دېدى ـ دە، ئېتىنى بىر دېۋىتىپ شىنبامىرۇزغا قاراپ ئېتىلدى. شىنبامىرۇز بىر ياش بالىنىڭ ئۇدۇلمۇئۇدۇل كەلگەنلىكىنى كۆ-

رۇپ، يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

— ھەي سېرىق تۇك، مەن شىنبامىرۇزنىڭ ئالدىغا مەنمەنلىك قىلىپ كەپسەن. ئاتتىن تېز چۈشۈپ باش ئەگمەي نېمىگە تۇرىسەن!

پالېي بۇ ئەبلەخنىڭ تەلەپپۇزىنىڭ قاتتىقلىقىنى كۆرۈپ جاۋابمۇ بەرمەي پۇتلىرى بىلەن ئاتنى دېۋىتىۋېدى، ئات شىنبامىرۇزغا قاراپ چېقىنندەك ئېتىلدى. لېكىن ئۇ نۇرغۇن جەڭلەرنى كۆرگەن قېرى ئاتامان بولغاچقا، ئالدىرىماي – تېنىمەي ئاتنى بىر قامچىلاپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى – دە، پالېي ئۇرغان قىلىچتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ:

— ھەي، مېنىڭ قىلىچىم سەندەك نامى چىقمىغان نېمىلەرنى ئۆلتۈرمەيدۇ، مېنىڭچە سەن يەنىلا قايتىپ كېتىپ گېسىر شاھنىڭنى چاقىر، ئۇ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشكە كەلسۇن، مەن ئۇنىڭ قانچىلىك كارامىتى بارلىقىنى بىر كۆرۈپ باقاي، — دېدى.



ئىككىسى ئۆزئارا سۆز ئۇرۇشى قىلدى. شىنبامىرۇز رەقىـ بىنى كۆزگە ئىلمايتتى، پالىيمۇ ئۇنىڭغا ئۆزىنى تونۇتۇپ قويماقـ چى بولاتتى.

ئاخىرى شىنبامىرۇز ئوقياسىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا:

— مەن سىنى ئۆلتۇرمەي، ئاۋۋال سىنىڭ ئوغۇل بالىغا ئوخشايدىغان ـ ئوخشىمايدىغانلىقىڭنى كۆرۈپ باقاي، سەن ئاۋۇ يايلاق ئاسمىنىدا ئۇچۇۋاتقان ئۈچ ئاق پوكان بۇركۇتنى كۆردۇڭـ مۇ؟ مەن ئۇلارنىڭ ئەركىگىنىمۇ، چىشىسىنىمۇ ئاتماي، پەقەت ئوتتۇرىسىدىكى بۇركۇت بالىسىنىلا ئىتىپ، ئۇنى سىنىڭ ئىتىڭـ نىڭ قىشىغا چۈشۈرىمەن، — دىدى ـ دە، يانى بىر تارتىۋىدى، ھىلىقى بۇركۇت بالىسىغا ئوق تىگىپ، ئۆلۈكى ئوتلاقىا چۈشتى. پالىي ئىتىنى دىۋىتىپ ئالدىغا باردى ـ دە، سول پۇتىنى ئۆزەڭـ گىدىن ئايرىپ، بەدىنىنى كەينىگە قايرىغان ھالدا يەردىن ئۆلۈك بۇركۇت بالىسىنى ئىلىپ شىنبامىرۇزنىڭ ئالدىغا تاشلاپ:

— بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى، سەن ئەمدى مىنىڭ ماھارىتىمـ نى كۆر، — دىدى پەرۋاسىزلىق بىلەن.

ئۇ سۆزلەۋاتقاندا ئاسماندا ئۈچ قارا قاغا ئۇچۇپ كەلدى، ئۇلار ھەم ئىگىز، ھەم ئىنتايىن تىز ئۇچۇۋاتاتتى. پالىيمۇ شىنـ بامىرۇزغا ئوخشاش ئوقيادىن ئوق چىقىرىپ، ئەركىگىنىمۇ، چىشىسىنىمۇ ئەمەس، بەلكى دەل ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك قاغىنى ئاتتى، كۆكرىكىگە ئوق تەگكەن كىچىك قاغا دەل شىنبامىرۇز- نىڭ ئىتى ئالدىغا موللاق ئىتىپ چۈشتى.

شىنبامىرۇز ئۆزى ئاتقان ئوقنىڭ رەقىبىنى قايىل قىلالمىـ غانلىقىنى سىزىپ:

— ئۇنداق بولسا، مەن سىنى ئۆلتۇرمەي، ئىتىڭنىڭ ئىگەر قىشى يامان ئەمەس ئىكەن، مەن ئۇنى ئوققا نىشان قىلاي، — دىدى.

شىنبامىرۇز يانى كۈچەپ تارتىپ، يەنە بىر ئوق ئۈزۈۋىدى،



ئوق ئازراقمۇ قىيسىق كەتمەي، دەل پالىۋىنىڭ ئات ئىگىرى چىشىغا تېگىپ، ئات بوجىسىنى ئۈزۈۋەتتى ـ دە، ئات ساغرىسىدىنى سۈركەپ ئۆتۈپ كەتتى. ئات چۆچۈپ كەتتى، پالىۋې ئاتنى شىددەت بىلەن تارتتى، ئۇ غەزەپلىنىپ ئوق ئۈزۈۋېدى، ۋىژىلدىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ شىنبامىرۇزنىڭ دۇبۇلغا پۆپۈكى ئۇچۇپ چۈشتى، ئوق ئۇنىڭ باش تېرىسىنى ئۇچقاندەك سۈرۈپ ئۆتتى، لېكىن ئۇنىڭ بىر چېچىغىمۇ زىيان يەتكۈزمىدى. شىنبامىرۇزنىڭ پېشانىسىدىن سوغۇق تەر چىقتى. ئۇ يەنە سىنىشۇەرسە غەلىبە قىلىشىنىڭ تەسلىكىنى بىلىپ، ئات بېشىنى بۇرىدى ـ دە، بارگاھقا قايتىپ، سېرىق بارگاھ شاھى بىلەن كۆرۈشۈپ مۇنداق دېدى:

— شاھىم، مېنىڭچە زور ئاپەتنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بولدى قىلايلى! خور ئېلىدە نۇرغۇن گۈزەل قىزلار بار، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئالىيلىرىغا خانىش بولالىغۇدەك گۈزەل قىزلارنى تاپقىلى بولىدۇ. جۇماۋ خانىشنىڭمۇ نوقسانسىز بولۇشى

ناتايىن، ئۇنىڭ ئۇستىگە گېسېر شاھقا تاقابىل تۇرۇشمۇ ئوڭاي
ئەمەس. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ قول ئاستىدا سەككىز
باتۇر بارمىش، بايىقى ئۈچ ئەبلەخ گەرچە لىڭ ئېلىنىڭ نامسىز
چۈپرەندىلىرى بولسىمۇ، بەك يامان نېمىلەر ئىكەن. ئەگەر ئۇلا-
رنىڭ باتۇرلىرى قوزغالسا، بىزنى مەغلۇپ قىلماي قويمايدۇ.

سېرىق بارگاھ شاھى ئەسلىدە بۇ يۇرۇشنىڭ پايدىسىزلىقىد-
دىن غەم يەپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي ئارىسالدى بولۇپ تۇراتتى،
شىنبامىر ۋزنىڭ سۆزلىرىنى ئاقىللىق دەپ ئويلىدى - دە، دەر-
ھال قوشۇن چېكىندۇرۇپ قايتىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بى-
لەن، خور قوشۇنلىرى كەينى - كەينىدىن چېكىنىشكە باشلىدى.

بۇ چاغدا، تاغا - جىيەن گالىگوڭچۇڭ ئۇچەيلەن مەسلىھەت-
لىشىپ، پالېي بىلەن بۇچىڭ قېلىپ ئالدىنقى سەپنى ساقلاپ،
خور قوشۇنلىرىنىڭ قايتىپ كېلىشىدىن مۇداپىئەلىنىدىغان، گا-
لېگوڭچۇڭ قايتىپ بېرىپ خەۋەرنى دوكلات قىلىدىغان بولدى.

چاتون لىڭ ئېلىگە تاجاۋۇز قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ، دۆلەت-
نىڭ بەختسىزلىكىدىن خۇشال بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ
ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلىپ ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى.
ئەمدىلىكتە گالىگوڭچۇڭ تاغا - جىيەن ئۇچىنىڭ غەلىبىلىك جەڭ
قىلغانلىقىنى، خور قوشۇنلىرىنىڭ چېكىنگەنلىكىنى ئاڭلاپ،
كۆڭلىدە تۆھپە تالىشىش پەيتى كەلدى دەپ ئويلىدى - دە،
خانىش جۇماۋغا مۇنداق دېدى:

— گالىگوڭچۇڭ تاغا - جىيەن ئۇچەيلەن غەلىبىلىك جەڭ
قىلغان بولسىمۇ، لېكىن خور لەشكەرلىرىنىڭ ئۆز ئېلىگە قايتى-
شىغا مۇشۇنداق يول قويۇلسا، ئۇلارغا بەك ئاسانلىق تۇغدۇرغان-
لىق بولىدۇ. ئەمدى مەن غەلىبىسىرى قوغلاپ زەربە بېرىپ خور
لەشكەرلىرىنى قىرىپ تۈگىتىشىم، ئۇلارنى يوشۇرۇنىدىغان تۆ-
شۈك تاپالمايدىغان قىلىۋېتىشىم كېرەك.

خانىش بۇنى ئاڭلاپ ئۇنى قايتا - قايتا توستى، ئۇ تۇزىگىنى-

دىن بۇزىدىغىنى جىق بولغان چاتوننىڭ ئاۋارىچىلىك كەلتۇرۇشىدىن ئەنسىرەيتتى.

لېكىن، چاتون بۇنىڭغا قوشۇلسۇنمۇ؟ ئۇ ئادەملىرىنى يوشۇرۇن ھالدا تەشكىللەپ، ئاق قېچىرنى مىندى ـ دە، تېزدىن يۈرۈپ، لەشكەرلىرى بىلەن خور قوشۇنلىرىغا يېتىشىۋېلىش ئۇچۇن ماڭدى.

لىڭ ئېلىنىڭ قىزىل قىيا ئۆتكىلىگە كەلگەندە، خور سېرىق بارگاھ شاھى ئۆز كەينىدىن خور ئېلىنىڭ قوغلىغۇچى قىسمى كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇ كۆڭلىدە، لىڭ ئېلىنىڭ قوشۇنلىرى بەكمۇ ھەددىدىن ئاشتى، نېمىدېگەن يولسىزلىق بۇ؟ دەپ ئويلىدى. ئۇ مۇرەسسەلىشىش ئۇسۇلى بىلەن لىڭ قوشۇنلىـ



رىنى يېتەكلەپ، ئۆتكەلدىن سەل يىراقلاشقاندىن كېيىن يېقىن ئەتراپتىكى كەڭ دالىدا زەربە بېرىش مۇۋاپىق، دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بارلىق قوشۇنىنىڭ تەرتىپ بىلەن كەينىگە چېكى-نىپ، دەريانىڭ ئاياغ تەرىپىدە لاگىر قۇرۇشقا پەرمان چۈشۈر-دى.

چاتون قوشۇنلىرى بىلەن يېتىپ كەلگەندە، خور لەشكەرلى-رىنىڭ جاسارىتى تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھەدەپ چې-كىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تازا كۆرەڭلەپ كەتتى. ھازىر خور لەشكەرلىرىنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى، شۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنى قىرىپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويساق، تۆھپە مېنىڭ ھېسابىمغا يېزىلمامدۇ؟ دەپ ئويلىدى ـ دە، دۇبۇل-



غىسىدىكى يىپەك پۆپۈكنى لەپىلدىتىپ، ئاق قىچىرغا مىنگەن هالدا، خۇددى ئاچ بۆرە يېمەكلىك ئىزدىگەندەك، چوڭ قوشۇن-نىڭ بىر بۇلۇڭىدىن ئېتىلىپ كەلدى، ئۇ بىر قولىدا قىلىچ، بىر قولىدا ئوقيانى تۇتقىنىچە، خور لەشكەرگاھىغا قاراپ ۋارقى-رىدى:

— خور ئەبلەخلىرى، سىلەر قورقماستىن لىڭ ئېلىگە كې-لىپ ئالتوپىلاڭ كۆتۈردۈڭلار، ئەمدى قاچماقچى بولۇۋاتىسى-لەر، سىلەر ھەقىقەتەن ئۆزۈڭلارنى چاغلىيالماي قالدىڭلار. مەن چاتون سىلەرنى قىرىپ تۈگىتىپ، تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا يوللاي-مەن!

شىنبامىرۇزنىڭ ئەسلىي جەڭ قىلغۇسى يوق بولسىمۇ، لې-كىن چاتوننىڭ ھاقارەتلەشلىرىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز غەزىپى تاشتى، بۇ ئەبلەخ ئادەمنى بەك بوزەك قىلىۋاتاتتى. بۇگۈن ئەزرا-ئىل كەلگەن ھالەتتىمۇ، ئۇنىڭ ئالدىدىن بىر قەدەممۇ چېكىنمەس-لىك لازىم. ئۇ ئۆتكۈر مىسران قىلىچىنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇ-ۋالدى ـ دە، خۇددى قىيادىن دومىلىغان تاشتەك ئېتىنى چاپتۇ-رۇپ سەپ ئالدىغا كەلدى، خور باتۇرلىرىمۇ ئالدىغا چىقتى.

چاتون ئەسلىدە ئۆز جاسارىتىم ئارقىلىق بۇ چېكىنگەن خور قىسىملىرىنى تامامەن بىر ياقلىق قىلالايمەن دەپ ئويلىغان، لېكىن ئۆزىنىڭ تىل ـ ھاقارىتىنىڭ ئۇلارنىڭ باتۇرلۇقىنى قوز-غايدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ دەرھال نەيزىسىنى چىقىرىپ، شىنبامىرۇزغا تىقماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى باتۇرلۇقتا تەڭداشسىز ئىككى ئاتامان، يەنى سىڭدا بىلەن يۈلا باتۇرلارچە ئالدىغا ئۆتۈپ، نەيزىلىرىنى كۆتۈرگىنىچە بېرىپ شىنبامىرۇزغا تىقتى، شىنبامىرۇز ئۆتكۈر مىسران قىلى-چىنى ئوينىتىقىنىچە، ئۇ ئىككىسى بىلەن جەڭگە چۈشۈپ كەتتى.

قورال سەنئىتى ئاجايىپ ئىدى. ئۇلار ئون نەچچە قېتىم ئېلىشىپمۇ بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى. شىنبامىرۇز ئاخىرى جان



ئالغۇچى قىلىچى بىلەن كەينىگە بۇرۇلۇپ، سىڭدانى قىلىچ بىلەن قاتتىق چاپتى. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، بۇ قىلىچ تەگكەن كىشىنىڭ قېچىپ قۇتۇلۇشى تەس ئىدى، لېكىن سىڭدا ھېچنېمە بولمىدى، ئەسلىدە ئۇ يۇمشاق يىپەك قالقان تاقىۋالغانىدى. شىنبامىرۇز بۇنداق يۇمشاق يىپەك قالقاننىڭ خۇددى پولات قالقاندەك مۇستەھكەملىكىنى بىلەتتى، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار بىلەن ئېلىشسا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمەيتتى. شۇڭا شىنبامىرۇز ئۇ ئىككىسىنى تاشلاپ، لىك قوشۇنى ئىچىگە ئېتىلىپ كىردى ــ دە، قىلىچىنى ئوينىتىپ، كەينى ــ كەينىدىن نەچچە لەشكەرنى چېپىپ يىقىتتى. ئۇ ئىككىسىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلىدى، ئىككى تەرەپنىڭ كۈچى تەڭ كېلىپ قالدى. شىنبامىرۇزنىڭ قول ئاستىدىكى بىرنەچچە باتۇرمۇ كېلىپ جەڭگە ياردەملىشىپ، يەنە نۇرغۇن لىك لەشكەرلىرىنى ئۆلتۈردى.

تېخىمۇ ئەپلەشمىگىنى شۇ

بولدىكى، خور لەشكەرلىرى ئە-
چىدە دەنما ئىسىملىك بىر باتۇر
بولۇپ، مەخپىي قورال ئىشلە-
تىشكە ئۇستا ئىدى. ئۇ ئات ئوي-
نىتىپ كېلىپ، سىڭدا بىلەن
يولاغا ئېتىلدى. ئۇلار بىر هازا
ئېلىشقاندىن كېيىن ئۇ قاچقان
بولۇۋالدى. ئاندىن ئۇ بىرلا قاي-
رىلىپ، ئېتىشى بىلەن ئىككى
ئۇچار نەيزە خوددى ئاقار يۇلتۇز-
دەك ئۇ ئىككىسىنىڭ يۈزلىرىگە
قاراپ ئۇچۇپ كەلدى. ئالدىدا
يۇگۇرۇپ كەلگەن سىڭدا ئۆزىنى
قوغداشقا ئۇلگۇرمەيلا «ۋايجان»
دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭلا ئاتتىن
يىقىلىپ ئۆلدى. كەينىدىن چې-
پىپ كەلگەن يولا ئەھۋالنىڭ يا-
مانلىقىنى كۆرۈپ، دەرهال ئات
ئۈستىدە يېتىۋېلىشىغا، بىر ئۇ-
چار نەيزە ۋىڭىلدىغان هالدا ئۇنىڭ
كۆز ئالدىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەت-
تى. ئۇ ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇپ
يەنە قوغلىماقچى بولۇۋېدى،
شىنبامىرۇز مىسران قىلىچىنى
ئويناتقىنىچە ئېتىنى چاپتۇرۇپ
كېلىپ بىر قىلىچ ئۇرۇشى بىلەن
يولانىڭ بېشى دومىلاپ چۈشتى،
ئىسسىق قانلىرى چىچىلىپ،



لىك ئېلىنىڭ يېرىنى بويىدى.

ئىككى باتۇرنىڭ ئۆلۈشى بىلەن، چاتوننىڭ قورقىنىدىن روھى چىقىپ يەنە ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ، بولدىلا، ماڭا ھېچقانداق تۆھپە كېرەك ئەمەس، جاننى قۇتقۇزۇش مۇھىم، دەپ ئويلىدى ـ دە، ئاتنى قامچىلىغىنىچە قاچتى، ھەتتا قول ئاستىدىكىلەرگە قاراشقىمۇ چولىسى تەگمىدى. ئەمما، ئۇ قېچىپ قۇتۇلالىسۇنمۇ؟ كەينىدىكى شىنبامىرۇز ئۇنى تىرىك تۇتۇپ تېرىسىنى سويماقچى، پەيلىرىنى قىرماقچى بولۇۋاتاتتى. قېنى شۇ چاغدا ئۇ تىللاش، پو ئېتىشقا يەنە جۈرئەت قىلالامدىكىن؟ ئۇ ئوقياسىنى چىقاردى ـ دە، قارىغا ئالمايلا بىر ئوق ئاتتى، چاتون خۇددى روھى چىقىپ كەتكەندەك ئاتتىن چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، شىنبا پەقەت ئۇنىڭ سول بىلىكىگىلا ئاتقانىدى، ئۇنى ئوقتىن يىقىلدى دېگەندىن كۆرە قورقۇپ ئاتتىن يىقىلدى دېگەن تۇزۇك ئىدى. خور لەشكەرلىرى ئېتىلىپ بېرىپ چاتوننى تۇتۇپ، قوللىرىنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ، ھەربىي لاگىرغا ئاپاردى، كۆپچىلىك ئۇنى تېپىپ مۇشتلاپ رەسۋاسىنى چىقاردى، چاتون ئىڭرىغان ھالدا، رەھىم ـ شەپقەت قىلىشنى تىلىدى ھەمدە:

— مېنى ئۆلتۈرمەڭلار! مەن سىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، سىلەرنىڭ لىك ئېلى ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشىڭلارغا ياردەم قىلىمەن، — دېدى.

شىنبامىرۇز بۇنى ئاڭلاپ، ئۇنى قالدۇرۇپ قويسا پايدىسى تېگىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، ئۇنى ئۆلتۈرمەسلىككە ماقۇل بولۇپ، سېرىق بارگاھ شاھىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

چاتون جان باقارلىق قىلىپ، كۆڭلىدە: «بۇمۇ ئوبدان بولدى، بەربىر مەن لىك ئېلىدىمۇ ياخشى كۈن كۆرەلمەيمەن، ئۇنىڭدىن خور سېرىق بارگاھ شاھىغا تەسلىم بولساممۇ ئوخشاشلا پايدىغا ئېرىشەلەيمەن» دەپ ئويلىدى.

بۇ ئەبلەخ جىننى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن ئۆز ئۇرۇق ـ جەمەتىنى سېتىۋېتىشتىن يانماي، ئۆز ئېلىگە ساتقىنلىق قىلدى! ئۇ سېرىق بارگاھ شاھىغا مۇنداق دېدى:

— شاھىم، سىلەر قوشۇن چېكىندۇرمەڭلار، گېسېر شىمالغا سەپەرگە چىقىپ كېتىپ ھازىرغىچە قايتىپ كەلمىدى، ئۇنى ئالۋاستىلار يەپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەن سىلەرنىڭ لىڭ ئېلى لەشكەرلىرىنى يېڭىپ، خانىش جۇماۋنى قولغا كەلتۈرۈشۈڭلارغا ياردەم بېرىمەن.

سېرىق بارگاھ شاھى بۇنى ئاڭلاپ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى ـ دە، چاتوننى قويۇۋېتىشكە پەرمان چۈشۈردى ھەمدە قول ئاستىدىكىلەرگە زىياپەت ئۇيۇشتۇرغۇزۇپ، ئۆزى بىۋاستە قاتنىشىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ۋەھىمىسىنى باستى. چاتون ئېسىل شاراب تائاملاردىن لەززەتلەنگەچ، لىڭ ئېلىنىڭ ئەھۋالىنى سېرىق بارگاھ شاھىغا بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ بەردى. سېرىق بارگاھ شاھى ئەمدى ئىشنىڭ تەكتىگە يېتىپ، ئاغزىمدىكى سېمىز گۆشنى چۈشۈرۈپ قويۇشقا تاس قاپتىمەن، دەپ ئويلىدى. ئۇ قوشۇنغا دەرھال يۈرۈشكە تەييارلىنىش، چاتون يول باشلاپ لىڭ ئېلىگە ھۇجۇم قىلىشقا پەرمان چىقاردى.

چاتوننىڭ يول باشلىشى بىلەن، خور قوشۇنلىرى چىغىر يوللار ئارقىلىق قىزىل قىيا ئۆتكىلىنى ھەمدە ئاسەيسەي تاغ ئاغزىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، لىڭ ئېلىنىڭ كىندىك رايونىغا ھۇجۇم قىلىپ كىردى.

لىڭ ئېلى پۇقرالىرى خور قوشۇنلىرىنىڭ يەنە قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن غەزەپلەندى. ئۇلار نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنىشتىن ساقلاش ئۈچۈن، تەرتىپلىك ھالدا تۆت تەرەپتىكى قورغانلارغا يۆتكەلدى. جەڭگە قاتنىشالمايدىغان كىشىلەرمۇ شۇ يەرگە بېرىپ يوشۇرۇندى. خانىش جۇماۋ بىلەن باشقا ئون بىر خانىش جۇكاڭچاماۋغا كۆچۈپ باردى،

لىك ئېلىنىڭ مەشھۇر ئون ئۈچ قىزى گالىگۆز قورغىنىغا ماكانلاشتى. سەككىز چوڭ باتۇر ۋە يەتتە پالۋان، ئون ئۈچ ئات خوجايىنى ۋە ئون ئۈچ ئات باقار ۋاقتىنچە جۇماخەيگە چېكىنىپ، ھەممە يۇك - تاقىنى تەق قىلىپ، بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشتى.

چوڭ خانىش جۇماۋ كۆپچىلىك بىلەن تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى جىددىي مەسلىھەتلەشتى. كۆپچىلىك مۇنداق دېيىشتى:

— بىز ھازىر خور قوشۇنلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىدۇق، كۆپچىلىك جاننى تىكىپ تۇرۇپ دۈشمەنگە قاتتىق زەربە بېرىشىمىز كېرەك. گېسىر شاھ شىمالدىكى ئالۋاستىلار ئېلىگە سەپەر قىلىش ئالدىدا بىزگە ئەل - ۋەتەننى قوغداشنى تاپشۇرغانىدى. ئەگەر دۈشمەن بېسىۋالسا، خانىش جۇماۋنى دۈشمەن بۇلاپ كېتىدۇ، ئۇ چاغدا بىز پادىشاھقا قايسى يۈزىمىز بىلەن قارايمىز؟ شۇڭا، بىز خور قوشۇنلىرى بىلەن ھايات - ماماتلىق جېڭى قىلىشىمىز كېرەك. چاتساغىر ئىبادەت قىلىشقا كەتتى، ۋاقتىنچە ئۇنى ئىزدەش ھاجەتسىز. بىز بىر ئادەم دۈشمەننىڭ مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈرۈشىمىز كېرەك. بىز ھەقىقەتەن بەرداشلىق بېرەلمىگەندە، ئاندىن ئۇنى ئىزدىشىمىز لازىم. ئۇ قوشۇنىمىزنىڭ ئەمرۇلئۆمىراسى بولۇپ، ئەزەلدىن دۆلەت ئىشلىرىنى كۆڭلىگە پۈككەن، ئۇنىڭ ياخشى چارە - تەدبىرلىرى بار.

بۇ چاغ دەل ئاينىڭ 15 - كۈنى كېچە ۋاقتى ئىدى، خور قوشۇنلىرى چاتوننىڭ يول باشلىشى بىلەن گېسىر شاھ بارگاھى تۇرۇشلۇق جايغا تېزلىكتە ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. ئۇلار بىكار ئاۋارە بولغانىدى، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقاندىن باشقا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى.

ئەسلىدە ئۇلار خانىش جۇماۋ تەرىپىدىن پىلانلانغان قۇرۇق شەھەرنى قالدۇرۇش ھىيلىسىگە دۇچ كەلگەنىدى. سېرىق بارگاھ شاھى خانىش جۇماۋنى ۋە لىك ئېلى قوشۇنلىرىنى ئۇچرىتالماي

تۇرغاندا، ئەتراپقا مۆكتۇرمە قىلىنغان لىك ئېلى ئوقياچىلىرى خور قوشۇنلىرىغا تۇيۇقسىز يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى. خور قوشۇنلىرى ئەسلىدە لىك ئېلى لەشكەرلىرى قورقۇپ قاچتى دەپ ئويلاپ ھوشيارلىقىنى بوشاشتۇرۇپ قويغاچقا، سەپ قالايمىقانلىشىپ كەتتى ۋە لەشكەرلەرگە ئوق تېگىپ بىر - بىرلەپ يىقىلدى، بەزىلىرى گەرچە ئۆلمىگەن بولسىمۇ، يارىلانغاچقا جەڭ قىلالمىدى.

ئېتىلغان ئوقلار ئىچىدە پارتىلىغۇچى ئوقلارمۇ، زەھەرلىك ئوقلارمۇ، ئوتلۇق ئوقلارمۇ بار ئىدى. مەيلى قايسى خىلدىكىسى بولمىسۇن، ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. پارتىلىغۇچى ئوقلار چىرقىراق ئاۋاز بىلەن تەك دۈشمەن توپىغا چۈشۈپ، خۇددى بىر گۈلدۈرمامىدەك پارتلايتتى، ئۇنىڭغا قالقانمۇ كار قىلمايتتى؛ ئوتلۇق ئوقلار تېخىمۇ يامان بولۇپ، كۆيۈۋاتقان ئوتلۇق شاردەك دۈشمەن توپىغا تېگىپ، نىشانغا تېگىشى بىلەنلا كۆيدۈرۈپ، تېزلىكتە يامراپ كېتەتتى. بەزى خور لەشكەرلىرى ئوتلۇق ئوق تېگىشى بىلەنلا يەرگە يېتىۋېلىپ دومىلايتتى، بەدىنىدىكى ئوتنى ئۆچۈرەلمەي، جان ئاچچىقىدا ۋارقىرايتتى، ئوت تېخىمۇ ئەدەپ باشقىلارغا تۇتىشىپ ئوخشاشلا كۆيدۈرەتتى، ئۆچۈرۈش تەس ئىدى؛ زەھەرلىك ئوق بولسا، تېگىش بىلەنلا دۈشمەننىڭ جېنىنى ئالاتتى. قالايمىقان ئېتىلغان ئوقلار دۈشمەنگە تەرەپ - تەرەپتىن يامغۇردەك ئېتىلاتتى. ئۇلار ئوق تېگىپ كېتىشتىن قورققاچقا، بىخەتەر جايغا قاچاتتى، ھالبۇكى بىخەتەر جاي پەقەت ئادەم توپلاشقان يەرنىڭ مەركىزى ئىدى، شۇڭا ئۇلار ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي بىر يەرگە توپلىناتتى، قىستالغانىسىرى ئۆزئارا سوقۇلۇشتىن خالىي بولالمايتتى. بەزىلىرى قالايمىقانچىلىقتا يىقىلدى ياكى يىقىتىۋېتىلدى، نەتىجىدە قايتا ئورنىدىن تۇرالماي، دەسسىلىپ يەنچىلدى.

بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن خور قوشۇنلىرى نېمە قىلىشىنى



بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى، ئۇلار راسا ئەدىپىنى يېدى، لېكىن قايتۇرما ھۇجۇمغا پۇرسەت تاپالماي، بىردەمدىلا سانسىز ئادەملىرى ئۆلدى ۋە يارىلاندى.

سېرىق بارگاھ شاھى ۋەزىيەتنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ، شىنبامىرۇز ۋە قول ئاستىدىكى باشقا ئاتامانلارغا ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، ئوڭ ـ سولدىن قورشاۋنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە بۇيرۇدى.

لىك ئېلىنىڭ مۆكتۈرمە قوشۇنى دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقماقچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ، خۇددى پولات زەنجىردەك چىڭ كىرىشىپ، ھەربىر يولنى پۇختا قامال قىلدى. بىردىنلا ئاسمان ـ زېمىننى ھۇررا ئاۋازلىرى قاپلاپ جەڭ دۇمبىقى ياڭرىدى، چاپ ـ چاپ ئۇرۇش باشلىنىپ، بىر مەيدان قانلىق جەڭ قىزىپ كەتتى.

بۇ جەڭ يەر ـ زېمىننى لەرزىگە سالدى. لىك ئېلى قوشۇنلىرى ئۇرۇشقانسېرى قېنى قىزىپ، دۈشمەن بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ، ۋەتەننى قوغدىدى؛ خور قوشۇنلىرى جان ساقلاشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئۇرۇشقاچ قاچتى، جەڭگە رايى قالمىدى.

جەڭ داۋامىدا، لىك ئېلىدىكى تەڭداشسىز سەككىز چوڭ باتۇر ۋە يەتتە پالۋان بولۇپ، خور قوشۇنلىرىنى قىرىپ، ئۇلارنى بېشى قايغان، پۇتى تايغان ساياقتەك قىلىپ قويدى. داڭچۇكاچېۋېيما بىلەن بۇچىڭجاباچىۋادۇ لىك ئېلىدىكى سەككىز چوڭ قەھرىمان ئىچىدە باتۇر سەركەردىلەر ئىدى. ئۇلار خور سەركەردىسى شىنبامىرۇزنىڭ بەك يامانلىقىنى، لىك ئېلىنىڭ نۇرغۇن لەشكەرلىرىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىككىسى بىرلىكتە كېلىپ مۇھاسىرىگە ئالدى، ئۇلار مىس پالتىلىرىنى كۆتۈرۈپ، شىنبامىرۇز بىلەن ئون نەچچە قېتىم قاتتىق ئېلىشقان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا يېڭەلمىدى. داڭچۇكاچېۋېيما شىنبامىرۇزغا كەينى ـ كەينىدىن ئىككى پالتا چاپقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ يېپەك

دۇبۇلغىسىنى كېسىۋېتەلمىدى. شىنبا مىسران قىلىچىنى بىرلا
ئوينىتىپ، شۇئان داڭچۇكاچېۋېيما ۋە ئۇنىڭ ئېتىنى ئىگىرى
بىلەن قوشۇپ ئىككىگە بۆلۈۋېتىپ، يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى. بۇ-
چىڭجاباچىۋا ئىنىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ، يۈرىكىگە پىچاق
سانجىلغاندەك ئارامسىزلاندى. بۈگۈن مەن جەڭ مەيدانىدا ئۆلمى-
گەن ھالەتتىمۇ دۇنيادا ياشىشىمنىڭ نېمە ئەھمىيىتى، دەپ ئوي-
لىدى ـ دە، پالتىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئىلگىرىلەپ، يەتتە خور
لەشكىرىنى چېپىپ ئۆلتۈردى، لېكىن تېخىچە قېرى تۈلكە شىن-
بامىرۇزنى قوغلاپ ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرەلمىگەچكە، دەردى
چىقمىغاندى. ئاخىرى ئۇ شىنبامىرۇزنىڭ بارار يولىنى توستى.
شىنبامۇ ئۆزىنى قاچۇرماي، قىلىچىنى كۆتۈرگىنىچە كۆكرەك
كېرىپ كەلدى. ئىككىسى يەنە بىر مەيدان جەڭگە چۈشۈپ كەتتى.
شىنبانىڭ قىلىچى ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرۇلىۋېدى، بۇچىڭجاباچىۋا
پالتىسى بىلەن قىلىچنى توستى. كىم بىلسۇن، شىنبانىڭ بۇ
قىلىچ ئۇرۇشى ساختا ئىدى. ئۇ قىلىچ سېپىنى ئايلاندۇرۇپ
بۇچىڭجاباچىۋانىڭ كۆكسىگە تىقتى، بۇچىڭجاباچىۋا خەتەرنى كۆ-
رۈش بىلەن، سول پۇتىنى ئۆزەڭگىدىن چىقىرىپ، بەدىنىنى
چەتكە ئالدى ـ دە، ئېتىنى قامچىلىغىنىچە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ
ئېتىنى ئايلاندۇرۇپ كەينىگە بۇرۇلۇپ، شىنبامىرۇزنىڭ ئۆزىگە
يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقانلارنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن بولۇۋاتقانلى-
قىنى كۆردى ـ دە، ئات چاپتۇرۇپ بېرىپ، شىنبامىرۇزنىڭ
ئارقا مېڭىسىگە پالتا بىلەن چاپتى. كۆڭلىدە، ئەمدى نەگە قاچى-
دىغىنىڭنى بىر كۆرەي دەپ ئويلىۋېدى، لېكىن پالتا شىنبامى-
رۇزنىڭ قىلىچ سېپىگە تېگىپ ئوت ئۇچقۇنلىرىنى چاچراتتى،
نەتىجىدە شىنبامىرۇز يەنە يارىلانمىدى. بۇچىڭجاباچىۋانىڭ پالتى-
سى كۈچ بىلەن تۆۋەنگە سىيرىلىپ، شىنبامىرۇزنىڭ ئېتىنىڭ
قۇيرۇقىنى كېسىۋەتتى. ئات بۇنىڭ ئاغرىقىدا نەچچە مېتىر يى-
راقلىققا مۆدۈرۈلۈپ كەتتى. بۇچىڭجاباچىۋا قوغلىۋېدى، شىنبا-

مىرزىز شىددەت بىلەن كەينىگە ئۆرۈلۈپلا قىلىچ ئۇردى، بۇچىڭ-جاباچىۋا قېچىشقا ئۈلگۈرەلمەي، شىنبامىرزىنىڭ پولات قىلىچى بىلەن چېپىلىپ، ئاتتىن يىقىلىپ ئۆلدى.
لىڭ ئېلى ئۇدا بىرنەچچە سەركەردىسىدىن ئايرىلغان بولسى-مۇ، ئۇلارنىڭ جاسارىتى ئاجىزلاشمىدى، باتۇر سەركەردە ـ لەش-كەرلەر يەنىلا پىداكارلىق بىلەن ئېلىشىۋاتتى. باتۇر دەندۇڭشۈ-نابادۇن قىلىچ ـ قالقانلىرىنى تەييارلاپ، خور سەركەردىسى چاڭجياۋمياۋلۇڭنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆپ قېتىم ئېلىشقان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىسى يېڭەلمىدى.
تۇيۇقسىز، شەرق تەرەپتىن خور سەركەردىسى مىڭشىخۇ قىرغىن قىلىپ كەلدى، ئۇ قىلىچ بىلەن لىڭ ئېلى لەشكەرلىرى-دىن سەككىز كىشىنى چېپىپ ئۆلتۈرگىنىچە، بۇ تەرەپكە باستۇ-رۇپ كەلدى. دەندوڭشۈنابۇبادۇن غەزەپلىنىپ، پۈتۈن ماھارىتى-نى ئىشقا سېلىپ بىر قولىغا قىلىچ، بىر قولىغا قالقان ئېلىپ، ئۇلارنى خۇددى شامالدۇرغۇچتەك ئويناتتى، چاڭجياۋمياۋلوڭ ئۇ-نىڭغا تەڭ كېلەلمەي، ئېتىنى قامچىلىغىنىچە قاچتى. دەندوڭشۈ-نابۇبادۇنمۇ ئۇنى قوغلىماي، ئېتىنى مىنىپ، تەڭداشسىز مىڭشى-خۇغا قاراپ ئېتىلدى. ئۇ بۇ كۆك كىيىم كىيگەن قېرى ئەبلەخ قورال سەنئىتى كۈچلۈك بولغان تەڭداشسىز مىڭشىخۇ ئىسىملىك كىشى شۇ بولسا كېرەك، ئۇ يىپەك دۇبۇلغا كىيىپتۇ، بۇنىڭغا ھېچنېمە ئۆتمەيدۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۈچى ئاز، ئەگەر مەن ئۇنى تۇتۇۋالسام، ئۇنى تاش ئۇستىگە يىقىتىپ ئۆلتۈرىمەن، دەپ ئويى-لىدى ـ دە، شىددەت بىلەن ئېتىلىپ باردى. تەڭداشسىز مىڭشى-خۇمۇ دەرھال ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشتى. دەندۆڭشۆنابۇبادۇن ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ، قىلىچ ـ قالقىنىنى يىغىپ، ئېتىنى قامچىلىغىنىچە قاچتى ھەمدە ئوقياسىنى چىقىرىپ، كەي-نىگە تېز ئۆرۈلۈپلا ئوق ئۇزدى. كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان تەڭداشسىز مىڭشىخۇ بىر تال ئوقنىڭ ئۆزىگە تۇيۇقسىز ئۇچۇپ



كەلگىنىنى كۆردى ـ دە، قىلىچچى بىلەن دەرھال توسۇۋېدى، ئوق باشقا يەرگە ئۇچۇپ كەتتى، لېكىن ئۇ ئۆزىنى ئوخشۇالغۇچە ئىككىنچى ئوق يەنە يېتىپ كەلدى، بۇ قېتىم ئۇ ئۆزىنى قاچۇ-رۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى، ئوق ئۇنىڭ كانىيىدىن كىرىپ، بويىنىدىن چىقتى ـ دە، ئوتلۇقا بېرىپ سانجىلدى. ئۇ تۇغما باتۇر بولغاچ-قا، دەرھال يىقىلماي بەلكى ئاغزى ۋە كۆزلىرىنى چوڭ ئاچقىنىد-چە ئېتىلىپ كەلدى. دەندۇخشۆنابۇبادۇن يەنە ئوق ئۈزۈپ، ئۇ-نىڭ باش سۆڭىكىنى پارچىلىۋەتكەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇ يىقىل-دى. دەندۇخشۆنابۇبادۇن ئالغا ئىلگىرىلەپ، بىر قىلىچ بىلەنلا ئۇنىڭ بېشىنى ئالدى. چاڭجياۋمياۋلوڭ تەخداشىنىز مىڭشىخۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن غەزەپلىنىپ، قىلىچنى ئېگىز كۆتۈرگىنىد-چە دەندۇخشۆنابۇبادۇنغا ئېتىلىپ كەلدى. ئۇ قارشى تەرەپنى ئۈچ قېتىم چاپقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى يارىلاندۇرالمىدى. دەندۇخ-شۆنابۇبادۇنمۇ ئۇنىڭغا ياندۇرۇپ ئۈچنى چاپقان بولسىمۇ چاپالمى-دى. ئۇ چاڭجياۋمياۋلوڭغا نەيزە سانجىماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىككى باتۇرنى خور قوشۇنلىرىنىڭ قورشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ نىيىتىدىن ياندى ـ دە، خور قوشۇنلىرى ئىچىگە ئېتىلىپ بېرىپ، قالايمىقان ئۇرۇش ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

شىنبامىرۇز باشلىغان قوشۇن بۇ چاغدا بىر يول ئېچىپ، قاتمۇقات مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقتى، سېرىق بارگاھ شاھىنىمۇ قوغدىنى ۋە زىيانغا ئۇچراتمىدى. لېكىن چاڭجياۋمياۋلوڭ يېتەك-چىلىكىدىكى ئەسكىري كۈچنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى زىيانغا ئۇچرىغان، سەركەردە تەخداشىنىز مىڭشىخۇ جەڭدە ئۆلگەچكە، ئارمانغا چۈشلۈق دەرمان يوق، ئۇنىڭ لىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قور-شاۋىدىن چىقىپ كېتىشى تەس بولۇپ قالغانىدى. قورشاۋدىكى بىر قىسىم خور لەشكەرلىرى باتۇر لىڭ قوشۇنلىرىغا تەڭ كېلەل-مەيدىغانلىقىنى بىلىپ، كەينى ـ كەينىدىن تەسلىم بولدى. چاڭجياۋمياۋلوڭ جان تىكىپ ئېلىشقان بولسىمۇ، لېكىن ھېچ-

كىمىنىڭ مۇشكۇل ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇشقا كەلمىگەنلىكىنى كۆ-رۇپ، ئاچچىقىدىن چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى، ئىككى كۆزى قىزى-رىپ، «ئاسمانغا چىقاي دېسە يىراق، يەرگە كىرەي دېسە قاتتىق» دېگەندەك ھالەتكە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرلا كۇچەپ ئىككى نەپەر لىڭ ئېلى باتۇرىنى ئۆلتۇرۇپ، ئۆزى يالغۇز قاچماقچى بولۇۋې-دى، ئويلىمىغان يەردىن كەينىدىن ئۇچۇپ كەلگەن ئوق بىلەن جان بەردى. ئۇ گەرچە ئۆلگەن بولسىمۇ، كۆزلىرى يەنىلا ئوچۇق ئىدى، ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى كۆرەلمىسىمۇ، لېكىن ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، خۇددى لىڭ ئېلى ۋە ئۇنىڭ بارلىق سەركەردە - لەشكەرلىرىنى بىراقلا يۇتۇۋېتىدىغاندەك كۆرۇنەتتى.

جەڭ توختىدى، لىڭ ئېلىنىڭ سەركەردە - لەشكەرلىرى ئۆز ئېلى ۋە ئائىلىسىنى قوغداش ئۇچۇن زور قۇربانلارنى بېرىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۇردى. خور قوشۇنلىرى گەرچە پۇتۇنلەي يوقىتىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ۋەتۆەرىكى چىقىپ، جاسارىتىنى يوقاتقان، ئۆلگەن - يارىلانغانلارنىڭ سانى ھېسابسىز ئىدى. سېرىق بارگاھ شاھى بۇ قانلىق جەڭنى باشتىن كەچۇرگەندىن كېيىنلا، ئاندىن لىڭ ئېلىنىڭ يامانلىقىنى ھەقىقىي چۇشىنىپ، ئىلگىرىكىدەك تەكەببۇرلۇق قىلىپ جاھانغا پاتماسلىق ھالىتىنى يوقاتتى. ئۇ قول ئاستىدىكى سەركەردىلىرى بىلەن كېڭىشىپ:

— بىزنىڭ لىڭ ئېلى قوشۇنلىرىنى يوقىتىشىمىز قارىغاندا تەس ئوخشايدۇ. مېنىڭچە بىز تېخىمۇ زور زىيانغا ئۇچراشتىن ئىلگىرى قايتقىنىمىز تۇزۇك ئىكەن! — دېدى.

سەركەردە - لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تەشەببۇسىغا قوشۇلدى. مۇشۇنداق جان تىكىپ ئېلىشىۋەرسە، كۆپچىلىكنىڭ جېنىمۇ ئامان قالمايدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە گېسىر قايتىپ كەلسە ئىشنىڭ تېخىمۇ چاتاق بولىدىغانلىقى ئۇلارغا ئايان ئىدى.

لېكىن، ئەسكىلىكتە ئۇچىغا چىققان چاتون خور قوشۇنلىرى-نىڭ چېكىنىشىگە قارشى تۇرۇپ، سېرىق بارگاھ شاھىغا مۇنداق

دېدى:
— لىك ئېلىنىڭ سەككىز باتۇر ۋە يەتتە پالۋىنىدىن جەڭدە ئۆلگەنلىرى ئاز ئەمەس، هازىر بىز لىك ئېلىنىڭ كىندىك رايو-نىغا كىرىپ بولدۇق، ئەگەر داۋاملىق ئۇرۇشمىساق، تازا ئاقىلا-نىلىك قىلمىغان بولىمىز. خانىش جۇماۋغا ئېرىشمەكچى، لىك ئېلىنى ئىگىلىمەكچى بولساق، مۇنداق قىلىشمىز كېرەك...
خور سەركەردىلىرى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، داۋلىسى بارلى-قىنى هېس قىلدى، «ئىشنى باشلىغاندىن كېيىن توختاتما» دې-گەن گەپ بار. لىك ئېلىگە هۇجۇم قىلىپ كەلگەنىكەنمىز، بۇنداق ئاسانلا ۋاز كەچسەك بولمايدۇ!
شۇنىڭ بىلەن، خور قوشۇنلىرى يېڭىۋاشتىن غەيرەتكە كې-لىپ، قوشۇنلىرىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇردى ـ دە، پەيتنى تاللاپ يەنە ئۇرۇشۇشنى قارار قىلدى.
لىك ئېلىدىكى سەككىز قەهرىمانىنىڭ بۇ قېتىملىق جەڭدىكى باتۇرلۇقى قالتىس بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىككى سەركەردە ئۆلۈپ، بىرى يارىلانغان؛ يەتتە پالۋان، 13 ئات خوجايىنى ۋە 13 ئات باقاردىنمۇ يېرىمىغا يېقىن زىيان بولغان، بۇ قېتىمقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن بەدەل تۆلەنگەن دې-يىشكە بولاتتى. هازىر خور قوشۇنلىرى يەنىلا نىيىتىدىن يانمى-دى، شۇڭا خانىش جۇماۋ ۋەزىيەتنىڭ ئىنتايىن جىددىيلىكىنى هېس قىلدى.
خور قوشۇنلىرىنى قوغلىۋېتىش ئۈچۈن، خانىش جۇماۋ چاتىشاغىرنى چاقىرىش كېرەكلىكىنى هېس قىلدى. ئۇ چاپار ئاتنى مىنىپ، كېچە ـ كۈندۈزلەپ ماڭغىنىچە چاتىشاغىر تۇ-رۇشلۇق جايغا باردى. بۇ چاغدا چاتىشاغىر تاش تاغ بىلەن قارلىق تاغنىڭ چېگرىلىنىدىغان يېرىدە جەڭ مەشىقى قىلىۋاتاتتى. جۇ-ماۋنىڭ ئالدىراش ـ سالدىراش كەلگىنىنى كۆرۈپ:
— ئىلگىرى سەن دائىم خۇشال ـ خورام كېلەتتىڭ، بۈگۈن

نېمانچە ھودۇقىسەن؟ گېسېر شاھ شىمالدا ئالۋاستىلارنى تەسلىم قىلالمىغان بولسا، ئۇلار بىزگە ھۇجۇم قىلىپ كەلدىمۇ، يا؟ تېزراق ئېيت! — دېدى.

خانىش جۇماۋ خور قوشۇنلىرىنىڭ لىڭ ئېلىگە تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەنلىكى، لىڭ ئېلى سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنىڭ قان كېچىپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ئەھۋاللارـ نى سۆزلەپ بەردى. چاتسشاغىر بۇنى ئاڭلاپ، خۇددى بىردىنلا چاقماق چاقتاندەك چۆچۈدى، لىڭ ئېلىدە شۇنچە زور ۋەقە يۈز بەرسە، ئۆزى ئۇنىڭدىن قىلچە خەۋەر تاپالماپتۇ! ئۇ، گېسېر شاھ شىمالدىكى ئالۋاستىلارنى يوقىتىشقا بېرىشتىن ئىلگىرى، لىڭ ئېلىنى قوغداشنى ماڭا تاپشۇرغان، ھازىر ئېلىمىز ئېغىر ئەھۋالـ دا قاپتۇ، مەن ئەلۋەتتە باشلامچى بولۇشۇم كېرەك! دەپ ئويلىـ دى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ خانىش جۇماۋ بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، دۇبۇلغا ـ قالقانلىرىنى كىـ يىپ، قىلىچىنى ئېسىپ، ئالا ئېتىغا سەكرەپ مىندى ـ دە، خانىش جۇماۋ بىلەن جۇكاڭچاماۋغا قاراپ يول ئالدى. ئۇ لىڭ ئېلى پۇقرالىرىغا مۇنداق دەپ جاكارلىدى:

— ھازىر لىڭ ئېلى دۈشمەن قورشاۋىدا قالدى. ئېلىمىز قىيىن ئەھۋالدا تۇرماقتا، مېنىڭ كۆپچىلىكنى ئەتتىپاقلاشتۇـ رۇپ، بىرلىكتە دۈشمەننى يوقىتىش مەسئۇلىيىتىم بار!

چاتسشاغىر شۇ جايدىلا قوشۇنلارنىڭ ئەمرۇلئۆمراسى بولـ دى، قەسەم بېرىلگەندىن كېيىن، ئاتلىق ئايغاقچى دۈشمەن قوـ شۇنلىرىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، لىڭ قوشۇنلىرىنى ئۈچ يولغا بۆلدى: شەرقىي يولغا ئاسەيسەي تېغىدىن ئالدىنقى سەپ بولۇپ ئۇرۇشۇپ قايتقان گالىگوڭچۇڭ، پالبي، بۇچىڭ ئۈچ تاغا ـ جىيەن يېتەكچى بولدى، بۇ كۈچلۈك قوشۇن قىلچە ئىككىـ لەنمەستىن يولغا چىقىپ، خور ئاق بارگاھ شاھى قوشۇنلىرىنى

قورشىماقچى بولدى؛ جەنۇبىي يولغا سەككىز چوڭ باتۇر ئىچىدى-
كى دەندۇڭشۇنابۇبادۇن، دوڭبىنشىجاڭگابۇ قاتارلىق سەركەردى-
لەر رەھبەرلىك قىلدى، ھەرقايسى باتۇرلار ۋە بەزى
خىل قوشۇن ـ سەركەردىلەرمۇ ئۇلار بىلەن يولغا چىقىپ، خور
قارا بارگاھ شاھىنىڭ قوشۇنلىرىغا تاقابىل تۇرماقچى بولدى؛
غەربىي يولغا ھەربىي قىسىملارنىڭ ئەمرۇلئۇمەراسى چاستشاغىر
يېتەكچىلىكىدىكى ئات خوجايىنلىرى، ئات باقارلار ۋە باشقا سەر-
كەردە ـ لەشكەرلەر سىرىق بارگاھ شاھىغا قاراپ يۈرۈش
قىلماقچى بولدى.

ئەڭ ئاۋۋال يولغا چىققان شەرقىي يول قوشۇنلىرى يول بويى
تېز يۈرۈپ، ناھايىتى تېزلىكتە خور ئاق بارگاھ قىسىملىرىنىڭ
قېشىغا يېتىپ باردى.

ئۇلار قوشۇننى ئەمدىلا جايلاشتۇرۇپ بولۇشىغا خور سەر-
كەردىسى مىچىڭدايئازا جەڭ قىلىشقا كەلدى. ئۇ چىپار ئاتقا
مىنگەن، ئۈستىگە گۈللۈك ساۋۇت، بېشىغا چىپار دۇبۇلغا كىي-
گەن، پۈتىنى تۆمۈر ئۆزەڭگىگە تىرىگەن، يېنىغا دۈشمەننى تۇت-
قاندا ئىشلىتىلىدىغان چىپار ئارغامچا ئاسقانىدى. ئۇقدېنى ھې-
قىقا ئوخشايتتى، قولىغا تۇز قىلىچ ئالغانىدى، گالىگوڭچۇڭ،
بۇ ئەبلەخ خېلى جاسارەتلىك كۆرۈنىدۇ، مەن بېرىپ ئۇنىڭ
ئەدىپىنى بېرىپ، خور قوشۇنلىرىغا ھەيۋەمنى بىر كۆرسىتىپ
قوياي، دەپ ئويلىدى. ئۇ ئالدىغا ئېتىلىپ باراي دېۋىدى، لېكىن
پالېي:

— تاغا، توخۇ ئۆلتۈرۈشتە كالا بوغۇزلاش پىچىقىنى ئىشلەت-
مەيمىز، سەن ئۆزۈڭنى بېسىۋال، مەن بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن
ئېلىشاي! — دېدى ـ دە، قىلىچىنى تۇتۇپ، ئات چاپتۇرغىنىچە
كەتتى.

مىچىڭدايئازا بىر ياشنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ، ئۇنى قىلچە
كۆزگە ئىلماي، ئالتۇن ئوقيانى ئۇنىڭغا توغرىلاپ ئېتىۋىدى،



پالېي ھەش ـ پەش دېگۈچە قولى بىلەن دۈشمەن ئوقىنى تۇتۇۋالدى ـ دە، ئۇنى ياندۇرۇپ بىر ئېتىۋىدى، بۇ ئوقنىڭ خۇددى كۆزى باردەك ئۇدۇل مىچىڭدايئازاغا قاراپ ئېتىلدى. ئۇ ئەبلەخ ھەيران قالدى، ئۇ ئەسلىدە ئۆزى ئاتقان بۇ ئوق جەزمەن پالېينىڭ جېنىنى ئالىدۇ دەپ ئويلىۋىدى، ئەكسىچە بۇ ئوق قارشى تەرەپنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ ئۆزىگە تەھدىت سالدى.

ئۇنىڭ ھەرىكىتى تېز بولغاچقىلا ئوق ئۆزىگە تەگمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بېشىدىن سوغۇق تەر قۇيۇلدى، بۇنىڭغا قانداقمۇ سەل قارىغىلى بولسۇن؟ ئۇ پولات قىلىچى ئارقىلىق پالېي بىلەن ئات ئۈستىدىلا تۇتۇشۇپ كەتتى. ئىككى ئات گىرەلىشىپ تېپىشكەندە ئۇرۇلغان قىلىچتىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقاندا، ئېتىنىڭ پۇتىغا پالېينىڭ قىلىچى تەگدى، ئات ئاغرىقتىن يەرگە يىقىلىپ، مىچىڭدايئازانى ئۈچ مېتىردەك يىراققا دومىلىتىۋەتتى، ئۇ ئەمدىلا ئورنىدىن ئۆمىلەپ تۇرۇشىغا پالېي ئېتىنى كەينىگە بۇراپ، قولىدىكى قىزىل ساپلىق قىلىچ بىلەن ئۇنى چېپىۋىدى، شارتىلدىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ مىچىڭدايئازانىڭ بېشى يەرگە چۈشتى. پالېي سول قولى بىلەن باشنى ئېلىپ، ئوڭ قولىدا قىلىچىنى ئوينىتىپ، دۈشمەن سېپىگە ئېتىلاي دەپ تۇرۇشىغا خور قوشۇنلىرىنىڭ قالايمىقان ئاتقان ئوقلىرى ئۇنىڭغا قاراپ ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى.

خور ئاق بارگاھ شاھى ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ياردەمچىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق ئېچىندى ـ دە، ئېتىنى قامچىلىغىنىچە پالېينى قوغلاپ كەلدى. خور قوشۇنلىرى ئۆز شاھىنىڭ بىۋاستە جەڭگە چىققانلىقىنى كۆرۈپ، ھېچنېمىگە قارىماي ئاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى قوشۇننىڭ يەكمۇيەك ئېلىشىشى قۇچاقلاشما جەڭگە ئايلىنىپ، جەڭ مەيدانىنى ئۇر ـ چاپ ئاۋازلىرى قاپلىدى، قىلىچ ـ خەنجەرلەر جاراڭلايتتى، ئادەم ۋە ئاتلار يىقىلاتتى. ئىككى قوشۇننىڭ ئېلىشىشىدىن ئىختىيارسىز ھالدا



ئاسمان بوشلۇقىمۇ قارايغاچقا، ئىككى تەرەپ دوست ـ دۈشمەننى ئايرىيالماي، نائىلاج جەڭنى توختاتتى. قالايمىقان جەڭدە لىك ئىلى باتۇرى بۇچىك بىلەن ئاق بارگاھ شاھى تۇتۇشتى، ئىلىنىشىش- تا ئۇنىڭغا ئوق تېگىپ، ئاتتىن يىقىلىپ ئۆلدى. لىك ئىلى لەشكەرلىرىدىن ئۆلگەنلەرمۇ ئاز بولمىدى. خور ئاق بارگاھ شا- ھىنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنىڭ زىيىنى تېخىمۇ ئېغىر بول- دى. ئاق بارگاھ شاھى لىك ئىلىگە تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەندە، گالىگوڭچۇڭنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرگەنىدى، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇ- رۇشنىڭ تەسلىكىنى بىلىپ، ئۇ تۇن قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلى- نىپ، قوشۇنلىرى بىلەن قېچىپ بېرىپ، قارا بارگاھ شاھىنىڭ قوشۇنلىرىغا قوشۇلۇپ، ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇردى.

ئەتىسى تاڭ يورۇغاندا، گالىگوڭجۇڭ ئاق بارگاھ شاھى قوشۇنلىرىنىڭ غايىب بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ چوتنى خاتا سوققانلىقىنى بىلدى. بۇ چاغدا، ئاق بارگاھ شاھىنىڭ قوشۇنلى- رى ئاللىقاچان قارا بارگاھ شاھىنىڭ لاگېرىغا كىرىپ بولغانى- دى.

قارا بارگاھ شاھى لىك ئىلىنىڭ جەنۇبىي يول قوشۇنى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپ پۈتۈن بىر كۈن قانلىق جەڭ قىلدى. باتۇر دەندوڭشۈنابۇبادۇن خورنىڭ داڭلىق سەركەردىسى دامبۇجېكاڭ بىلەن تۇتۇشتى، دەندوڭشۈنابۇبادۇن ئۇنىڭغا كەينى ـ كەينىدىن بىرنەچچە قىلىچ ئۇرغان بولسىمۇ، لېكىن تەگكۈزەلمىدى. خور سەركەردىسى دامبۇجېكاڭمۇ چاققانلىق بى- لەن بىرنەچچە قىلىچ ئۇردى، ئۇنىڭ بىلىكىگە قىلىچ ئۇرۇۋېدى، بىر بىلىكى ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشتى، دەندوڭشۈنابۇبادۇننىڭ يەنە بىر بىلىكىمۇ يېنىك يارىلاندى، ئېتىنىڭ قۇلاقلىرىمۇ ئۈزۈلۈپ چۈشتى. كەينىدىنلا، دامبۇجېكاڭ يەنە بىر قىلىچ ئۇرۇشى بىلەنلا ئۇنىڭ ئېتىنى كۆكرىكىدىن تارتىپ ئىككىگە بۆلىۋەتتى، كۆتۈ- رۈلگەن بىر پارچە چاڭ ـ توزان ۋە قانلار ئىچىدە دەندوڭشۈنابۇبا-

دۇن يەرگە يىقىلدى. ئاتنى ئالماشتۇرۇپ، قاتتىق ئاغرىققا بەر-داشلىق بەرگەن ھالدا خور قوشۇنلىرىنىڭ مەركىزىگە بۆسۈپ كىردى ـ دە، لىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە مۇرىنى ـ مۇرىگە تىرەپ توختىماي جەڭ قىلدى. كېيىن دامبۇجېكاڭ لىڭ قوشۇنى-نىڭ تۆت نەپەر باتۇرى تەرىپىدىن قورشاۋغا ئېلىنىدى، جەڭ داۋامىدا ئۇ ئۇچىنى چېپىپ ئۆلتۈردى، ئاخىرى ئۆزىمۇ ئېغىر يارىلىنىپ، قان كۆپ چىقىپ كەتكەنلىكتىن ئۆلدى.

بۇ جەڭدە ئىككى تەرەپنىڭ كۈچى تەڭ كېلىپ قېلىپ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى نۇرغۇن زىيان تارتتى، لېكىن خور قارا بارگاھ شاھىغا ياردەمچى كۈچ قوشۇلغاچقا كۈچى بىردىنلا ئاشتى، شۇڭا قايتا جەڭگە چۈشكەندە لىڭ ئېلىنىڭ جەنۇبىي يول قوشۇنلىرى ئۇلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا تەڭ كېلەلمەي، بىر-نەچچە قېتىم مەغلۇپ بولدى. قەھرىمان دوڭبېنجاڭگاپ جەڭ قىلىپ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن خور قوشۇن-لىرىنىڭ ئازايماي، بەلكى ئۆز لەشكەرلىرىنىڭ ئازىيىپ كەتكەن-لىكىنى، ئۆز باتۇرلىرىنىڭ جەڭ مەيدانىدا بىر ـ بىرلەپ جەڭ قىلىپ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەندى ـ دە، دۈشمەن لاگىرىدا ئۆزى يالغۇز قىلىچ ئوينىتىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يەتتە خور سەركەردىسىنى چېپىپ ئۆلتۈردى، لېكىن ھەر-قانچە قىلسىمۇ ئۆزى يالغۇز كۆپكە تەڭ كېلەلمەي، ئاخىرى ئۆزىمۇ قالايمىقان ئېتىلغان يا ئوقلىرىدا ئۆلدى. شۇنداق قىلىپ، لىڭ ئېلىنىڭ جەنۇبىي يول قوشۇنى بىرنەچچە كۈنلۈك قانلىق جەڭدە پۈتۈنلەي قىرىلىپ تۈگىدى.

لىڭ ئېلى قوشۇنلىرىنىڭ ئەمىرۇلئۆمىراسى چاتىشاغىر تە-رىپىدىن يېتەكلەنگەن غەربىي يول قوشۇنى دۇچ كەلگەن دۈشمەن سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ زور قوشۇنى ئىدى، ئۇ قېتىملىق جەڭدە يەكمۇيەك ئېلىشىش ئۇسۇلى ئەۋج ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىر قوشۇنىمىزدا جەڭ سەركەردىلىرى ئاز قالدى، يالغۇز بىر كىشى-

نىنىڭ كۆچىگىلا تايىنىش يېتەرلىك بولمايدۇ، چوڭ قوشۇن بىر-لىكتە ئېتىلىپ، ئۆز جاسارىتىمىزگە تايانغاندىلا، جەڭگىۋارلىقى-مىز ئاشىدۇ، دەپ ئويلىدى.
شۇنىڭ بىلەن، ئۇ سەركەردە ـ لەشكەرلەرگە ئۆزى باشلام-چى بولۇپ خور لاگىرىغا بۆسۈپ كىردى. چاتسشاغىر قىزىل پۆپۈكلۈك قىلىچىنى ئويناتقان ھالدا، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۆزىنى ئۇرۇپ، خور لەشكەرلىرىنى قىرىپ چاپتى. خور سەر-كەردىسى ئېبنۇجالالىبا كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توستى، لېكىن ئۇ يولۋاستەك ئېتىلىپ كەلگەن چاتسشاغىرغا قانداقمۇ تەڭ كېلە-لىسۇن؟! چاتسشاغىرنىڭ قىلىچىنىڭ يالتىراشلىرى خۇددى بو-راندا ئۇسسۇل ئوينىغاندەك كۆرۈنەتتى. ۋارقىرىغان ئاۋازى خۇد-دى ئەجدىھادەك نەرىلىك ئىدى. ئېگىز كۆتۈرۈلگەن ئاق پۆپۈك-لۈك قىلىچى سۇرلۇك ۋە ھەيۋەتلىك بولۇپ، خور لەشكەرلىرىنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئۆلتۈرەتتى. ئۇ ئېبنۇجالالىبانىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ، بىر قىلىچ ئۇرۇش بىلەنلا ئۇ ئەبلەخنىڭ كاللىسىنى چېپىپ چۇشۇرۇۋەتتى. خور سەركەردىسى جۇڭگويى-باجى چاتسشاغىر بىلەن تۇتۇشا ـ تۇتۇشمايلا، ئاق پۆپۈكلۈك قىلىچ ئۇنى ئىككىگە بۆلۈۋەتتى. بۇ چاغدا، يەنە بىر خور سەر-كەردىسى قىلىچ ئوينىتىپ ئېتىلىپ كېلىۋېدى، چاتسشاغىر خۇد-دى بۈركۈت كىچىك قۇشنى تۇتقاندەك ئۇنىڭ بىلىدىن تۇتۇۋېلىپ بىر ئوق ئېتىم يەرگە ئاپاردى ـ دە، بېشىنى تاشقا ئۇردى، ئۇ ئەبلەخنىڭ مېڭە قېتىقى چۇۋۇلۇپ، ئىككىنچىلەپ ئورنىدىن تۇ-رالمىدى.
چاتسشاغىر نۇرغۇن خور سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى ئۆل-تۇردى، ئاق پۆپۈكلۈك قىلىچى ئادەم قېنى بىلەن قاپلانغاچقا، ئىشلەتكىلى بولماي، قىلىچ ئالماشتۇرۇپ يەنە قىردى. خور سەر-كەردە ـ لەشكەرلىرى ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالماي، لاگىرغا قېچىپ كىرىۋالدى. ئات باقار چاتسشاغىرنىڭ ئاق پۆپۈكلۈك قىلىچىدىكى

قانلارنى سورتۇپ تازىلىۋەتكەندىن كېيىن، قىلىچنى يەنە ئۇنىڭغا بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئاق پۆپۈكلۈك قىلىچ يۇقىرى - تۆۋەن ئۇچۇپ يالتىراپ، ئۆز ھەيۋىسىنى يەنە كۆرسىتىشكە باشلىدى. خور سەركەردە - لەشكەرلىرىدىن بىردەمدە بىرنەچچە يۈز ئادەم قىرىلىپ كەتتى. لىك ئىلىنىڭ ئات خوجايىنلىرى ۋە ئات باقارلىرىمۇ باش سەركەردىنىڭ تەڭداشسىز باتۇرلۇقىنى كۆرۈپ، جاسارەت بىلەن ئىلىشىپ، توسالغۇسىز كۈچكە ئايلاندى. ئۇلار ئادەملىرى بىلەن سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ ئوتتۇرا لاگىرىغا باستۇرۇپ كېلىشتى. خور داڭلىق سەركەردىلىرىدىن چاۋجا، ئاۋادارۋا، شىنبامىرۇزلار نۆۋەت بىلەن ئالدىغا چىقىپ، قىلىچ - قالقانلىرى بىلەن جەڭگە كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن باشتىن - ئاخىر غەلىبە قىلالمىدى. چاتىشاغىر ئاق پۆپۈكلۈك قىلىچى بىلەن ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى بىر - بىرلەپ قايتۇردى، چاۋجا چاتىشاغىر بىلەن تۇتۇشۇپ، بىرنەچچە قېتىم ئېلىشقاندىن كېيىن، ئاق پۆپۈكلۈك قىلىچنىڭ چېپىلىشى بىلەن، ئاتتىن غۇلاپ چۈشۈپ ئۆلدى. ئاۋادارۋانىڭ ئوڭ - سول بىلەكلىرى يېنىك يارىلىنىشى بىلەن مەغلۇپ بولۇپ سەپتىن چېكىندى.

خور سېرىق بارگاھ شاھى چاتىشاغىرنىڭ ئىنتايىن يامانلىقىنى، قول ئاستىدىكى نۇرغۇن كۈچلۈك سەركەردىلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ، غەزىپىنى باسالمىدى - دە، بېشىغا سېرىق دۇبۇلغا، ئۇستىگە سېرىق رەڭلىك زەنجىرسىمان ساۋۇتنى كىيىپ، يالقۇندەك قىزىل ئېتىنى مىنگەن، سېرىق ئىلمەكلىك ئارغامچىنى تۇتقان ھالدا ئېتىلىپ كەلدى. ئۇ سەركەردە شىنبامىرۇز بىلەن بىرلا ۋاقىتتا يىراقتىن ئىلمەكلىك ئارغامچىلارنى ئېتىۋېدى، ئىككى ئىلمەكلىك ئارغامچا بىرلا ۋاقىتتا چاتىشاغىرنىڭ بويىنىغا چۈشتى، ئاندىن ئۇلار ئارغامچىلارنى كۈچەپ تارتىپ، چاتىشاغىرنى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈرەي دېگەندە، چاتىشاغىر جىددىيلىكتە ئەقىل ئىشلىتىپ، ئاق پۆپۈكلۈك قىلىچ بىلەن

بىر چىپىپلا ئارغامچىلارنى ئۈزۈۋەتكىنىچە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ باردى.

سېرىق بارگاھ شاھى شىنبامىرۇز بىلەن قايتا ـ قايتا ئېلىشقان بولسىمۇ، لېكىن چاتىساغىرنى يارىلاندۇرالمىدى، چاتىساغىر ئاق پۆپۈكلۈك قىلىچى بىلەن سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ زەنجىرسىمان ساۋۇتىنى چىپىۋەتكەن بولسىمۇ، بەدىنىنى يارىلاندۇرالمىدى. شىنبامىرۇزنىڭ ئېتى يارىلانغاچقا، ئالاقزادە بولغان هالدا قاچتى. بۇ چاغدا چاتىساغىر ۋارقىرىغىنىچە يېقىن ئەتراپتىكى خور ئوتتۇرا لاگىرىغا قاراپ ئېتىلدى، ئوتتۇرا يولدا ئۇ يەنە تۆيۈقسىز سولغا بۇرۇلۇپ، نۇرغۇن خور لەشكىرىنى ئۆلتۈردى. سول، ئوڭ، ئوتتۇرا تارماقتىكى خور سەركەردە ـ لەشكەرلىرى خۇددى تازقارىلار تۇزلەڭگە يىقىلغاندەك، لەشكەرلەر خۇددى چاڭ ـ توزان كۈن نۇرىنى توسقاندەك چاتىساغىرنى قاتمۇقات قورشاپ، هاۋا ئۆتمەس، سۇمۇ كىرمەس هالـەتـكە يەتكۈزدى، قىر ـ چاپ ئاۋازلىرى زېمىننى لەرزىگە سالدى. قىلىچ ۋە ئوقلار خۇددى مۆلدۈر چۈشكەندەك تەرەپ ـ تەرەپتىن يېغىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن چاتىساغىر ئۈستىگە ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيىۋالغان، ئاق پۆپۈكلۈك قىلىچىنى توختىماي ئايلاندۇرۇپ تۇرغاچقا، هېچقانداق زىيانغا ئۇچرىمىدى.

ئۇ سول قاناتتىكى هەربىي لاگىردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئالدى لاگىردىكى بىر تالاي ئادەملەرگە قاراپ ئېتىلىپ، تەخمىنەن 50 تەك خور ئاتلىق لەشكىرىنى ئۆلتۈردى. لىڭ ئېلىنىڭ ئات خوجايىنلىرى ۋە ئات باقارلىرىدىن سەيلوخوسەرچىن، چىخمۇ جوخئېرىيۇبەي، داجىخكوەيدىخدىخگاۋا، بېنيادازېجىبا قاتارلىقلار بىرلىكتە دۈشمەن لاگىرىدا قانلىق جەڭ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن زور ئۆلۈم ـ يېتىم كۆرۈلمىدى. پەقەت ئات باقار مۇچۇخشتەيلاجانىڭ كۆكرىكىگە قىلىچ تەگكەنلىكتىن، شۇ هامان ئاتتىن يىقىلىپ ئۆلدى.

چاتسشاغىرمۇ بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ دەرھال غەلىبە قىلالمايدى-
غانلىقىنى بىلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاق پۆپۈكلۈك قىلىچىنىڭ
چېپىلىش قېتىم سانى كۆپ بولغاچقا، قىلىچ بىسىغا قان ۋە مايلار
يېپىشىپ، ئۆتكۈرلۈكىنى يوقاتقانىدى. ئۇ قىلىچنى ئات يايلىغا
بىر نەچچە قېتىم سۈركىگەندىن كېيىن غىلاپقا سالدى. ئاندىن ئۇ
نەيزىسىدىن ئوت چىقىرىپ، يول بويى قىرغىن قىلىپ ماڭدى.
خور ھەربىي لاگىرىنىڭ كەينىدىكى يىراقراق يەرگە كەلگەندە،
خور ئوقياچىلىرى كەينى ـ كەينىدىن ئۇنىڭغا ئوق ئۈزۈۋېدى،
ئۇ بۇلارنى نەيزىسى بىلەن توسۇپ يېقىن كەلتۈرمىدى.
بۇ چاغدا سېرىق بارگاھ شاھى مىس ياغا زەھەرلىك ئوقنى
سېلىپ، چاتسشاغىرغا قارىتىپ ئاتتى. ئوق دەل چاتسشاغىرنىڭ
كۆكرىكىگە تېگىپ، ساۋۇتنى تەشكەن بولسىمۇ، لېكىن بەدىنىنى
يارىلاندۇرالمىدى. ئۇ سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ يوشۇرۇن ئوق
ئېتىش ئارقىلىق ئادەم يارىلاندۇرىدىغانلىقىنى بايقاپ، غەزەپ
بىلەن ۋارقىرىدى ـ دە، نەيزىسىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، ئاق پۆ-
پۈكلۈك قىلىچنى چىقارغىنىچە، ئېتىنى قامچىلاپ ئالدىغا ئې-
تىلدى. سېرىق بارگاھ شاھىنى قوغداۋاتقان سەركەر-
دە ـ لەشكەرلەرمۇ قىلىچلىرىنى چىقىرىپ، ۋارقىراشقىنىچە يې-
تىپ كەلدى. چاتسشاغىر ئاق پۆپۈكلۈك قىلىچنى ئوينىتىپ
كەلگەن بىر سەركەردىنىڭ كاللىسىنى چېپىپ، خۇددى يۇملاق
قاشلىرىدەك يەرگە دومىلىتىۋەتتى. بۇ چاغدا، شىنبامىرۇز شىد-
دەت بىلەن ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنىڭ يولىنى توستى، يەنە بىر خور
سەركەردىسى دايىئاجا ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ چېكىنىش يولىنى
توستى. چاتسشاغىر ئۆزىنىڭ چىپار ئېتىنى مىنگىنىچە، تۇياقلىد-
رىدىن ئاق توزان چىقىرىپ، بىر ئايلىنىپ، خور سەركەردە ـ
لەشكەرلىرىنىڭ كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلىۋەتتى. ئۇ ئۆزىنى
ھەر يانغا ئۇرغان ھالدا، مۇھاسىرىدىن بۆسۈپ چىقىپ كەتتى.
خور سەركەردە ـ لەشكەرلىرى قوغلىماقچى بولۇۋېدى، شىنبامىد-

رۇز:

— قوغلىماڭلار! ئەگەر سەركەردە ـ لەشكەرلەر دۈشمەنگە سەل قاراپ ئۆزىنى تىز گىنلىمىسە، كۆزگە ئىلمىغان ئاجىز دۈشمەن كۈچلۈك دۈشمەنگە ئايلىنىدۇ؛ يولۋاس دۈشمەنگە سەل قاراپ ئۆزىنى تۇتۇۋالمىسا، ئۆزى سەل قارىغان تۈلكە شىرغا ئايلىنىشى مۇمكىن، — دېگەنىدى، خور لەشكەرلىرىمۇ قوغلىمىدى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ مۇنداق دېيىشتى:

— چاتىشاغىر قورال سەنئىتىگە ماھىر، ھەر جەھەتتە توشقان قەھرىمان ئىكەن، باتۇرلۇقتا گېپىردىن قېلىشمايدىكەن، بىزنىڭ بالدۇرراق چېكىنىپ قايتىپ كەتكىنىمىز تۈزۈك، ئەگەر گېپىر خەۋەر تېپىپ قايتىپ كېپقالسا، ھېچقايسىمىز تىرىك قالماسلىقىمىز مۇمكىن!

بۇ چاغدا، ئىزچىل ھالدا ئوتتۇرىغا چىقماي كەلگەن چاتون دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇلارغا نەسىھەت قىلدى:

— ئەمدى لىڭ ئېلى پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ، ئۇلاردىكى سەككىز باتۇر ۋە يەتتە پالۋان، شۇنداقلا 13 ئات خوجايىنى ۋە ئات باقارلىرىدىن ھەممىسى دېگۈدەك ئۆلۈپ بىر يەرگە باردى، ئەگەر بىز ھىيلە بىلەن چاتىشاغىرنى يەڭسەكلا ئىش پۈتىدۇ!

شىنبامىرۇز كۆڭلىدە: «بىز چېكىنگەن ھالەتتىمۇ، شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ بولماسلىقىمىز كېرەك، ئۇ چاغدا قايتىپ كەتسەكمۇ يۈزىمىز يورۇقراق بولىدۇ» دەپ ئويلىدى. ئۇلار لىڭ قوشۇنلىرىغا قانداق ھۇجۇم قىلىشنى مەسلىھەتلىشىۋاتقان چاغدا، ئاق بارگاھ شاھى بىلەن قارا بارگاھ شاھى قوشۇنلىرىنى باشلاپ يېتىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن، سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ كۈچى ئۇلغىيىپ، كۆڭلى جايىغا چۈشتى، لىڭ ئېلىنىڭ گالىگوڭچۇڭ باشچىلىقىدىكى جەنۇبىي يول قوشۇنىمۇ بۇ چاغدا غەربىي يول قوشۇنىغا قوشۇلغانىدى. چاتىشاغىر لەشكەرلىرىگە قاراپ:

— ئەمدى بىزنىڭ خور قوشۇنلىرى بىلەن كۈچ سىنىشىدى-

غان ۋاقتىمىز كەلدى! — دېدى.

چاتسشاغىر ئىككى قوشۇنىنىڭ سەپ ئالدىغا ئۆزى يالغۇز ئات ئوينىتىپ، قىلىچ يالىڭاچلاپ كەلدى ـ دە، سېرىق بارگاھ شاھى- نى ئۆلۈمگە چاقىردى. سېرىق بارگاھ شاھى ئۇنى يېڭىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى بىلگەچكە، قول ئاستىدىكى دايىئاجانى تۇن- جى جەڭگە چىقىشقا بۇيرۇدى. دايىئاجا نۇرغۇن خور سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنىڭ ئۇنىڭ قىلىچىدا ئۆلگەنلىكىنى بى- لەتتى. ئەمدىلىكتە بولسا ئۆزىنىڭ چاتسشاغىرنىڭ قىلىچىدا ئۆ- لىدىغانلىقىغا ئىشەنمىدى، ھەتتا ئەگەر چاتسشاغىرنى يېڭىۋالسا، ئۆزىنىڭ جەڭ تۆھپىسىنىڭ ئالاھىدە بولىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ قورقماستىنلا كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، قىلىچىد- نى ئويناتقىنىچە چاتسشاغىرغا قاراپ ئېتىلىپ كەلدى. چاتسشا- غىر كېلىۋاتقىنى سېرىق بارگاھ شاھى ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە: «ھىيلىگەر ئەبلەخ، ئۆزى جەڭگە چىقالماي، باشقىلار- نى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەكچى بوپتۇ ـ دە» دەپ ئويلىدى ـ دە، دايىئاجاغا:

— بۈگۈن سېنى قويۇۋېتىپ، بىر ھاياتلىق يولى بېرەي، سەن ياخشىلىقچە قايتىپ كەتكىن، سېرىق بارگاھ شاھى ئۆلۈمگە ئۆزى كەلسۇن! — دېدى.

دايىئاجا چاتسشاغىر مېنى كىچىك كۆرۈۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇ- نىڭغا ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قوياي، دەپ ئويلىدى ـ دە، ئېتىنى قامچىلاپ، قىلىچىنى ئويناتقان ھالدا، خۇددى كۆزدە تۆكۈلگەن غازاڭدەك چاتسشاغىرغا قاراپ ئۇچۇپ كەلدى. چاتسشاغىر ئۇنىڭ ئۆز نەسىھىتىنى ئاڭلىمىغانلىقى، ئۆزىنى چاغلىمىغانلىقىنى كۆ- رۈپ، ئېتىنى دەرھال بىر چەتكە بۇراپ، ئۇنىڭ قىلىچىدىن ئۆزىنى قاچۇردى. ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپلا ئۇنىڭغا ئوقياسىدىن ئوق ئۈزۈۋېدى، دايىئاجا تېخى كەينىگە قايرىلىشقا ئۈلگۈرمەس- تىنلا، ئوق ئۇنىڭ كەينىدىن يۈرىكىگە تەگدى، ئۇ تېخى بۇ

ئوقنىڭ قانداق ئېتىلغانلىقىنى ئېنىق كۆرەلمەي تۇرۇپلا ئاتتىن يىقىلىپ ئۆلدى، ھەرھالدا ئۇ ھېلىقى ئاق پۆپۈكلۈك قىلىچ ئاستىدا ئۆلمىدى.

شىنبامىرۇز بۇنى كۆرۈپ قاتتىق ھەسرەتلەندى، چۈنكى دايىئاجا ئۆزىنىڭ نەقەدەر ياخشى ياردەمچىسى ئىدى ـ ھە! ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە نۇرغۇن يىللار باتۇرانە جەڭ قىلىپ، جەڭ مەيدانلىرىدا سانسىز تۆھپىلەرنى قوشقان، جەنۇب ـ شىمال تەرەپلەرگە قانچە قېتىملاپ يۈرۈش قىلىپ، سانسىز رەقىبلىرىنى مەغلۇپ قىلغان ـ ھە! ئۇرۇش نېمىدېگەن شەپقەتسىز! ئۇ قانچىلىغان كىشىلەرنى ھاياتى ۋە ئائىلىسىدىن ئايرىدى، ھەتتا مۇشۇنداق بۈيۈك سەركەردىمۇ بۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. شىنبامىرۇز شۇلارنى ئويلاپ ئىختىيارسىز كۆز يېشى قىلىپ، قاتتىق ئازابلاندى. ئۇ دايىئاجانىڭ جەسىتىنى ئەكېلىشكە ئادەم ئەۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن چاتىشاغىر ئاللىقاچان ئۇنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ، ئۆز لاگىرىغا ئاپىرىپ تاشلىغانىدى.

شىنبامىرۇزنىڭ غەزەپتىن پۈتۈن بەدىنى جالاقلاپ تىترىدى، ساۋۇتىمۇ جاراڭلاپ كەتتى، ھەتتا ئۆزى مىنىۋالغان جەڭ ئېتىمۇ ئۇنىڭ خۇددى ئۆز قېرىندىشىدەك غەزەپلەنگەن ھالەتكە كېلىپ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە تىكلىنىپ، ئىككى پۇتىنى بوشلۇقتا قالايمىقان تېپچەكلەتتى ۋە خۇددى ئىگىسىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك قاتتىق كىشنىدى. شىنبامىرۇز پۇتلىرى بىلەن ئاتنىڭ قورسىقىنى قىسىپ، قىلىچ دەستىسى بىلەن ئاتنى بىر ئۇرۇۋىدى، ئات خۇددى ئېتىلغان ئوقتەك سەپ ئالدىغا ئۇچتى. چاتىشاغىرمۇ بۇنىڭ شىنبامىرۇز ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بىھۆرمەتلىك قىلىشقا پېتىنالمىدى ـ دە، ئاق پۆپۈكلۈك قىلىچىنى كۆتۈرگىنىچە ئۇنى قارشى ئالدى. ئىككىسى ئۆز ئارا قىلىچلىشىپ، بىر ـ بىرىگە يول قويۇشمىدى. چاتىشاغىر ئاۋۋال «تاش ئېتىپ يول سوراش» ئۇسۇلى بويىچە، شىنبامىرۇزنىڭ چەپ ئالدى تەرە-

پىدە يالغاندىن قىلىچ ئويناتتى، شىنبامىرۇزمۇ ئالدانماي، ئۆزد-
نىڭ مىسران قىلىچى بىلەن ئوڭ تەرەپنى توسۇۋېدى، دېگەندەك
چاتىشاغىر قىلىچنى بۇراپلا شىنبامىرۇزنىڭ ئوڭ تەرىپىگە چاپ-
تى، لېكىن مىسران قىلىچ ئارقىلىق توسۇۋېلىندى. كىم بىل-
سۇن، چاتىشاغىرنىڭ بۇنىڭدا قوللانغان ئۇسۇلى «تۆت يولدىن
ھالقىسىمان قىلىچ سېلىش ئۇسۇلى» بولۇپ، ئادەتتىكى كىشىد-
لەرنىڭ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى ناھايىتى تەس ئىدى. چاتىس-
شاغىرنىڭ سول ئۇچ، ئوڭ ئۇچ، يۇقىرى ئۇچ، تۆۋەن ئۇچ
يولىدىن شىنبامىرۇزنىڭ بېشى ئايلىنىپ، كۆزى قاراڭغۇلىد-
شىپ، نەپسى بوغۇلدى. يەنە ئون نەچچە قېتىم ئېلىشقاندىن
كېيىن، شىنبامىرۇز ئۆزىنى قۇتقۇزۇش گۇمپىسىنىلا ئىشلد-
تىپ، قايتۇرما زەربە بېرىشكە ماغدۇرى قالمىدى، ئۇ كۆڭلىدە:
«خورنىڭ نۇرغۇن سەركەردىلىرى مۇشۇ ئاق پۆپۈكلۈك قىلىچتا
ئۆلدى، بۇ قىلىچقا سەل قاراشقا بولمايدىكەن، سەل بىخەستەلىك
قىلساملا بېشىمدىن ئايرىلىپ، بەدىنىم يات يەردە قالىدىغان ئوخ-
شايدۇ، يىگىت ئادەم كۆز ئالدىدىكى زىياندىن ئۆزىنى تارتىشى
كېرەك» دەپ ئويلىدى ـ دە، پەيتتىن پايدىلىنىپ، ئاتنىڭ
بېشىنى بۇراپلا قېچىپ قۇتۇلدى.

چاتىشاغىر گەرچە بىر نەچچە كىچىك غەلىبىلىك جەڭلەرنى
قىلغان بولسىمۇ، لېكىن رەقىبىنىڭ ئاددىي ئەمەسلىكىنى ھېس
قىلدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە سېرىق بارگاھ شاھى تېخى جەڭگە چىق-
مىدى، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئۇ ئەبلەخنى بىر تەرەپ قىلىش
تېخىمۇ تەس ئىكەن. ئۇ ئۆز مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس
قىلدى، بۇگۈنكى چوڭ دۇشمەن ئالدىدا، دۇشمەن كۈچلۈك، بىز
ئاجىز ئەھۋالدا تۇرماقتىمىز، كۈن بويى ئېلىشىش داۋامىدا، لىڭ
قوشۇنىدىكى سەركەردە ـ لەشكەرلەردىن چىقىم بولغانلارمۇ ئاز
ئەمەس، ئەمما خور قوشۇنلىرى تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەچكە، ھەر-
قانداق قىلىپ بولسىمۇ بىر نەرسىگە ئېرىشىش كويىدا بولىدۇ،

بۇ جەڭنىڭ غەلىبە ـ مەغلۇبىيىتى ھەقىقەتەن بەكمۇ مۇھىم.
ئۇ گېسېر شاھنىڭ تېزرەك قايتىپ كېلىشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتى ـ ھە! ئۇ كەلسىلا، ھەرقانداق كۈچلۈك دۈشمەننىمۇ يوقىتىش تەس ئەمەس. دەل شۇ چاغدا، يۇقىرى جىلغىدا قاتتىق بوران چىقتى، بۇ بوران خۇددى گېسېر شاھنىڭ ئالۋاستىلارنى يوقىتىۋاتقىنىغا ئوخشايتتى؛ تۆۋەن جىلغىدا چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلدى، بۇ خۇددى گېسېر شاھنىڭ قىزىل توشقانقۇلاق ئېتى چاپقاندا چىققان چاڭ ـ توزانغا ئوخشايتتى؛ ئوتتۇرا جىلغا ئاسمىنىدا قارا تۇمان كۆتۈرۈلدى. چاتىشاغىر، قارىغاندا گېسېر شاھ تېخى قايتىپ كەلمەيدۇ، ئۇ ھازىر ئالۋاستىلارنى قىرغىن قىلىپ يوقىتىۋاتىدۇ، ۋەزىپە ئۇنى ئۆز ئىختىيارىغا قويمايدۇ، دەپ ئويلىدى. ئۇ گېسېر شاھنىڭ مېڭىش ئالدىدا تاپىلىغانلىرىنى ئەسلىدى، شۇنداقلا كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن ئىشلارغا قاراپ قېنى قىزىپ، ئۆز ئەتراپىدىكىلەرگە دۈمباقلارنى چېلىشقا بۇيرۇدى ـ دە، ئۆزى قىلىچ تۇتۇپ ئاتنى چاپتۇرغىنىچە، دۈشمەننى جەڭگە چاقىردى.
شىنبامىرۇز مەغلۇپ بولۇپ قاچقاندىن كېيىن، كۆڭلى دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ خاتىرجەم بولالمىدى. ئۇ خور ئېلىنىڭ تەڭداشسىز جەڭ ئىلاھى ئىدى. ئىلگىرى جەڭ ئىشلىرى بولسىلا، شىنبامىرۇز غالىبىيەت سىمۋولى بولاتتى. ئۇ جەڭگە چىقىشى بىلەنلا، خور ئېلى غەلىبە قىلاتتى. ئۇ ئالالمىغان شەھەر بولمىغان، ئۇ يېڭەلمىگەن رەقىب دۈچ كەلمىگەنىدى. ئەمما، ئەمدى ئۇنداق بولماي قالدى. ئەگەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كېتىپ قالمىغان بولسا، ئاللىقاچان ئۇ ئالەمگە كەتكەن بولاتتى! ئۇ گەرچە ئۆزى خالىمىسىمۇ، يەنىلا سېرىق بارگاھ شاھىغا مۇنداق تەكلىپ بەردى:
— بىز مۇشۇنىڭ بىلەن توختىساق قانداق؟ زورمۇزور ئۇرۇشساق زور زىيان تارتىپ قالىمىز، توخۇنى تۇتالماسلىق كې-

چىك ئىش، باشقىلارغا تاجاۋۇز قىلىپ ئۆز ھاياتىدىن ئايرىلىش بولسا چوڭ ئىش!

سىرىق بارگاھ شاھى نەسىھەتنى ئاڭلىمايلا قالماي، ئەكسىچە جاھىللىقى تۇتتى، لىڭ ئېلىنى بىسىۋالسا، لىڭ ئېلى خانىشى خور ئېلىنىڭ خانىشى بولۇپلا قالماستىن، پۇقرالىرىمۇ خور ئېلى پۇقرالىرىغا، زېمىنى خور ئېلى زېمىنىغا ئايلىنىدۇ - دە!

چاتىساشاغىرنىڭ ئۆزلىرىنى ھاقارەتلەپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، سىرىق بارگاھ شاھى خۇددى قىرىشقاندەك شىنبامىرۇزنى جەڭگە چىقىشقا بۇيرۇدى.

شىنبامىرۇز ئۆزىنىڭ چاتىساشاغىرنىڭ رەقىبى بولالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، لېكىن ھاياتىنى بىھۇدە نابۇت قىلىشنىمۇ خالىمايتتى. ئۇلار يەنە بىر قەپەس ئېلىشتى، شىنبامىرۇزنىڭ ئىشى يەنىلا ئوڭۇشلۇق بولمىدى، چاتىساشاغىر ھەممە يەردە ئۈستۈنلۈكتە تۇردى. شۇڭا، شىنبامىرۇز ئېتىنى قامچىلىغىنىچە قاچتى ۋە يىراققا بارمايلا توختاپ:

— باتۇر چاتىساشاغىر، ئەمدى قوغلاۋەرمىگىن، بۈگۈن مېنىڭ سەن بىلەن تۇتۇشۇشۇم قورال ئارقىلىق باتۇرنى چۈشىنىشتىنلا ئىبارەت. بۈگۈن ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئاي تولغان كۈن، ئەسلىدە قورال ئىشلىتىپ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە بولمايتتى. بىزنىڭ سىرىق بارگاھ شاھىمىزنىڭمۇ سىلەر بىلەن دۈشمەنلەشكۈسى يوق، ئۇنىڭ پەقەت خانىشىڭلارغا كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ! — دېدى.

چاتىساشاغىر سەمتىمىي كىشى بولغاچقا، شىنبامىرۇزنى داۋاملىق قوغلىماي، بەلكى شۇ يەردە توختاپ تۇرۇپ:

— ئېلىمىز سىلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىشىڭلارغا يول قويمايدۇ، خانىشىمىزمۇ سىرىق بارگاھ شاھىڭلار بىلەن بىللە بولالمايدۇ. سىلەر دەرھال ئېلىمىزدىن چېكىنىپ چىقىڭلار، بىز يەنىلا دوست بولۇپ، ئۆزئارا بېرىش - كېلىش قىلىپ، تىنچلىقتا بىللە

ئۆتىمىز، — دېدى.
شىنبامىرۇز ئۆز قەستىنىڭ كارغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشال بولدى - دە، دەرھال مۇنداق دېدى:
— ئۇنداقتا سىز بۇيان كېلىڭ، بىز ئۆز ئارا سىردىشىپ، ئوق ئۈزۈش ھۈنىرىمىزنى سىناپ باقايلى! ئەگەر مەن يېڭىلسەم، قوشۇن چېكىندۈرۈپ، دۆلەتكە قايتىمەن؛ ئەگەر مەن يەڭسەم، سىلەر بىزگە ئىتائەت قىلىڭلار.
چاتىشاغىر بۇنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى، ئەمدى ياخشى بولدى، ئادەم ئۆلۈشتىمۇ ئازايتالايدىغان، شۇنداقلا غەلىبىنىمۇ قولغا كەلتۈرۈپ خور قوشۇنلىرىنى ئۇرۇشمايلا چېكىندۈرىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلىدى - دە، ئۇنىڭ گېپىنى راست دەپ ئىشىنىپ، شىنبامىرۇزنىڭ ئىلتىماسىغا قوشۇلدى ۋە:
— ئوق ئېتىشنى سىناشتا، مەن بىرىنچىدىن، ئېتىڭغا ئاتمايمەن، چۈنكى ئات گۇناھسىز؛ ئىككىنچىدىن، سېنىڭ بەدىنىڭگە ئاتمايمەن، چۈنكى ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن ساقلىنىمەن. مەن سېنىڭ دۇبۇلغاڭنىڭ چوققىسىدىكى پۆپۈكنى يەرگە چۈشۈرۈۋېتىمەن، — دېدى.
ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ بىر ئوق ئۈزۈش بىلەنلا، شىنبامىرۇزنىڭ دۇبۇلغىسىدىكى پۆپۈكنى بوشلۇقتىكى بۇلۇتلار ئىچىگە ئۇچۇرىۋەتتى.
ئوق ئالتۇندەك نۇر چاقنىتىپ بىر ئۇچۇپ ئايلانغاندىن كېيىن، يەنە چاتىشاغىرنىڭ ئوقدانىغا قايتىپ چۈشتى.
شىنبامىرۇزنىڭ قورقىنىدىن روھى چىقىپ كەتكەندەك بولدى، ئۇ بۇنداق ئېتىلغان ئوقنىڭ ھەرقاندىقى بىكار كەتمەيدۇ، ئەگەر گېلىمغا ئېتىلغان بولسا، جېنىم ئامان قالمايتتى! دەپ ئويلىدى - دە، مۇنداق دېدى:
— باتۇرنىڭ ئوق ئېتىش ماھارىتى ھەقىقەتەن قالتىس ئىكەن، سەن مېنىڭ دۇبۇلغامنىڭ پۆپۈكىنى ئېتىپ ئۇچۇرىۋەت-

تىلىڭ، ئەمدى مەن سېنىڭ دوْبوْلغانىڭدىكى ئاق پوْپوْككە ئاتاي،
ئەگەر بىر ئوق بىلەنلا تەگكوْزەلمىسەم، يېڭىلگىنىمگە تەن بېرد-
مەن!

ئوْ سوْزىنى توْگىتىپلا ئات ئوْستىدە ئوْزىنى تىكلىدى ـ دە،
چاتىساغىرنىڭ يوْزىنى نىشانلاپ بىر ئوق ئوْزوْۋېدى، دەل چاتىس-
شاغىرنىڭ پېشانىسىگە تەگدى. چاتىساغىرنىڭ بېشىدىن بىردىنلا
قان بوْلدوْقلاپ چىقىپ، بەدىنى ئاستا ـ ئاستا ئوڭغا قىڭغايدى.

شىنبامىروْز ھېيلە ئارقىلىق چاتىساغىرغا قەست قىلىپ
گوْلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى، باتوْر چاتىساغىر ئاخىرى مەن
قوللانغان «ئوْزىنى ئوڭشىۋېلىش ھېيلىسى» گە ئالداندى، ئەمـ-
دى قانچىلىك ھەيـۋە قىلىدىغىنىڭنى مەن بىر كوْرەي! » دەپ
ئويلىدى ـ دە، ئوْنىڭ ئات ئوْستىدە قىيسىيىپ قالغىنىنى كوْ-
روْپ، خوْشاللىقىدىن كوْرەڭلەپ كەتتى. لەۋزىدە توْرمىغان بوْ
ئەبلەخ چىرايىدىن زەھەرلىك كوْلكە ياغدوْرغان ھالدا، غەلىتە
ئاۋازدا:

— باتوْرنىڭ ئېلىنى قوغداش ئوْچوْن ئازراق يارىلىنىشى
نېـمىـگە دال بـولالايـتتـى؟ كـەل، بـىز داۋامـلـىق بـەس-
لىشەيلى! — دېدى.

چاتىساغىر شوْ چاغدىلا ئالدانغىنىنى بىلىپ، يوْرىكىگە مىڭ-
لىغان ئوق سانجىلغاندەك بولدى. گالىگوڭچوْك بىلەن پالېي
چاتىساغىرنىڭ يارىلانغىنىنى كوْروْپ، دەرھال قوْتقوْزوْشقا كەل-
دى. شىنبامىروْزموْ قوشوْنلىرىنى باشلاپ كەلدى. شوْنىڭ بى-
لەن، يەنە بىر مەيدان قوْچاقلاشما جەڭ بولدى. چاتىساغىرنىڭ
غەزىپى ئوْرلەپ چېكىنىشكە ئوْنىمىدى ـ دە، گالىگوڭچوْك ۋە
باشقا سەركەردە ـ لەشكەرلەر بىلەن بىللە قىرغىن قىلىپ،
جەسەت پارچىلىرىنى تەرەپ ـ تەرەپكە چاچتى.

لېكىن، چاتىساغىرغا ئوق تېگىپ، قان بەك كوْپ ئېقىپ
كەتكەچكە، ئاستا ـ ئاستا بەرداشلىق بېرەلمەي، گالىگوڭجوْك
ۋە پالېينىڭ قوغدىشى بىلەن ئوْروْشقاچ چېكىنىدى. شىنبامىروْز

بۇ قىرىپ تۈگىتىش پەيتىنىي قانىداقمۇ قولدىن بەرگۈسى كەلسۇن؟ ! ئۇ بىرنەچچە سەركەردىنى باشلاپ، قىلىچ تۈتقىنىچە قوغلاشقا چۈشتى. دەل شۇ چاغدا، ئاسماندا تۇيۇقسىز گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىشقا باشلىدى، شارقىراپ يامغۇر يېغىپ، خور قوشۇنلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. دوست - دۈشمەننى ئايرىغىلى بولمىغاچقا، نائىلاج قوشۇنلىرىنى يىغدى.

چاتىشاغىر لاگىرغا قايتۇرۇلۇپ كەلدى. خانىش جۇماۋ بۇنى كۆرۈپ، ھەسرەتتىن جاندىن تويغىدەك بولدى. ئۇ، لىڭ ئېلى پۇقرالىرىنىڭ بۇلاڭ - تالاڭغا، لىڭ ئېلى باتۇرلىرىنىڭ قەستكە ئۇچرىشى مېنىڭ سەۋەبىمدىن بولدى. مەن ئەگەر ئۆلۈم ئارقىلىق ئېلىمگە ئامانلىق كەلتۈرەلىسەم، مىڭ قېتىم ئۆلسەممۇ رازى ئىدىم! دەپ ئويلىدى.

چاتىشاغىر سەكراتقا چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن ھوشى جايىدا ئىدى، ئۇ خانىش جۇماۋنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— ۋەتەن ئۈچۈن ئۇرغۇن قەھرىمانلارنىڭ قېنى ئاقتى، ئۇلار ئۆز ئېلى ۋە خانىشىنىڭ خور قوشۇنلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىنى خالىمىدى. ئەل ئۈچۈن، جەڭ مەيدانىدا ئۆلگەن قەھرىمانلار ئۈچۈن تىرىكلەر چوقۇم ياخشى ياشىشى لازىم، گېسىر شاھ قايتىپ كەلسە، ئۆلگەنلەر ۋە لىڭ ئېلىدىكى تىرىكلەر ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىدۇ! — دېدى.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ، پېشانىسىدىكى ئوقنى تارتىپ چىقىرىپ، ئۇنى گېسىر شاھقا تاپشۇرۇۋېرىشنى خانىش جۇماۋغا ھاۋالە قىلغاندىن كېيىن، مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىپ، قايتا ھوشىغا كېلەلمىدى!

*بۇلۇتلار ياش تۆكۈپ، قاپلىدى زېمىننى كەلكۈن،*
*چاقماقلار چېقىپ، كۆز ياشلار يۇدى تاغۇدەريانى.*
*باتۇرنىڭ سىماسى ئۆچمەس دىللاردىن،*
*ئوت بولۇپ يانماقتا غەزەپ ئۇچقۇنى.*

*ياق، ئۇ ئۆلمىدى، ئەبەدىل كۈرەشمەكتە،*
*ياق، ئۇ كەتمىدى، تولۇن ئاي نۇرلانغان.*
*قەھرىمانىنىڭ ھاياتى، چەكسىز ھەسرىتى،*
*ئۆزىنى ئۆستۈرگەن لىڭ ئېلىگە بېغىشلانغان.*

*ئۇ بىزگە سۆكۈتنى قالدۇرۇپ كەتتى،*
*ئۇ چەكسىز ئويلارنى قالدۇرۇپ كەتتى.*
*بارچە چوققىلار سۈكۈت ئىچىدە،*
*ئۈزۈلمەس خۇاڭخېنىڭ ماتەم ناخشىسى...*

خانىش جۇماۋ چاتىساغىرنىڭ نەپسى توختىغانلىقىنى، ھەرقانچە چاقىرسىمۇ تىرىلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ھەسرىتىنى زور-مۇزور باسقان ھالدا بەدەننىدىن بىر پارچە ئاق يىپەكنى يىرتىۋالدى ـ دە، چاتىساغىرنى ئۆلتۈرگەن ھېلىقى يا ئوقىنى يۆگىدى، ئاندىن باتۇرنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە گېسېر شاھقا بېرىش ئۈچۈن ساقلاپ قويدى. ئۇ گويا ئاسماندا سانسىز پەرىشتىلەرنىڭ رەڭدار بۇلۇتلارغا ئولتۇرۇپ، چاتىساغىرنىڭ ئەرشكە چىقىشىنى قارشى ئېلىشقا كەلگەنلىكىنى غۇۋا كۆرگەندەك بولدى، لېكىن كۆزىنى ئېچىپ يۇمغىچە بۇ كۆرۈنۈش يەنە غايىب بولدى.

خانىش جۇماۋ قوشۇنلارنى يېتەكلەپ جۇكاڭچاماۋغا چېكىنىپ، بۇ يەرنى قاتتىق قوغداپ، گېسېر شاھنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتتى.

ئۇرۇش — بالايىئاپەت؛ ئۇرۇش — ۋەيرانچىلىق، دۈشمەننىڭ تۆمۈر تاپىنى ۋەتەن تۇپرىقىغا دەسسەلگەندە، بالايىئاپەت ھەممە يەرنى قاپلىدى، تاغ ـ دەريالار پارچىلاندى، ئەل سۇ بىلەن ئوت ئىچىدە، يەنى مىسلىسىز پاجىئە ئىچىدە قالدى.

بۇنى شىمالدىكى گېسېر شاھنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىشى تەس ئىدى. ھازىر لىڭ ئېلى پۇقرالىرىنىڭ ئەندىشە قىلغان ئىشى ئاخىرى لىڭ ئېلىنىڭ پايانسىز يايلاقلىرىدا يۈز بەردى.

ئىككى - ئۈچ ئايغا بارمايلا، خور ئېلىنىڭ جەڭ ئاتلىرى يېقىن ئەتراپتىكى ئوت - چۆپلەرنىڭ ھەممىسىنى يەپ بولدى، خور قوشۇنلىرى ئەتراپتىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىنى كېسىپ تۈگەتتى، ھەتتا تاغدىكى نەزىر - چىراغ مېھرابى، ئىبادەتخانا، مۇنار قاتارلىقلارنىمۇ ۋەيران قىلدى.

مۇشكۇل ئەھۋالدا قالغان لىڭ ئېلى پۇقرالىرىدىن:

— گېسېر شاھ، ئەي لىڭ ئېلىنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى، سەن زادى قەيەردە؟! — دەپ نىدا قىلمىغىنى قالمىدى.

## بەشىنچى قىسىم

# ۋەتەن ئۇرۇشى

شىنىبامىرۇز ھىيلە ئىشلىتىپ، لىڭ ئېلى قوشۇنلىرىنىڭ ئەمىرۇلئۇمىراسى چاتىشاغىرغا بىر ئوق تەگكۈزگەندىن كېيىن، ئۇنى چوقۇم ئۆلىدۇ، دەپ پەرەز قىلدى. كېيىن خانىش جۇماۋ-نىڭ قوشۇنلىرىنى جۇكاڭچاماۋغا چېكىندۇرگەنلىكىنى كۆرۈپ، چاتىشاغىرنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلدى. ئۇلار خېلى زور غەلىبىگە ئېرىشتى. لىڭ ئېلىنىڭ باش سەركەردىسىنى ئۆلتۈرگەندىن كې-يىن، بىر باش ئاغرىقى يوقالدى، لىڭ ئېلىنىڭ قارشىلىق قىلغۇدەك كۈچى قالمىدى، ئەمدى خانىش جۇماۋنى تۇتماق ئا-سان، دەپ ئويلىدى.

لېكىن، ئۇلار چۆچۈرىنى خام سانىغانىدى.

چاتىشاغىرنىڭ ھىيلە بىلەن بەختسىزلىككە ئۇچراپ، باتۇر-لارچە قۇربان بولغانلىقى خۇددى چاقماق چاققاندەك بارلىق لىڭ ئېلى سەركەردە - لەشكەرلىرىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى، ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تامچىلايتتى، كۆڭلىدىكى ھەسرەت ۋە غەزەپ دولقۇنى كۆكرىكىدە قايناملارنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، ئۇنى پەقەت خور قوشۇنلىرىنى تامامەن قىرىپ تۈگەتكەندىلا، ئاندىن چىقىرىۋەتكىلى بولاتتى. باتۇر گالگوڭچۇك، پالىي تاغا - جىيەن ئىككىسىنىڭ غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلەپ، خور سەركەردە - لەشكەرلىرىنى تامامەن يوقىتىشقا قەسەميات قىلىشتى.

خور سېرىق بارگاھ شاھى قوشۇن باشلاپ لىڭ ئېلىگە تاجاۋۇز قىلغاندىن تارتىپ قەدەمدە بىر توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، كەينى كەينىدىن بەختسىزلىككە يولۇقۇپ تۇرغاچقا، بىئاراملىقتا ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ كەتكەنىدى. ئەمدىلىكتە چاتىشاغىر يوقىتىلغاچقا، خۇددى ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك، چىرايىدا شاد ـ خۇراملىق جىلۋىلەندى.

ئەتىسى سېرىق بارگاھ شاھى سەركەردە ـ لەشكەرلەرنى مەجلىسكە چاقىردى. كۆپچىلىك يىغىلىپ بولغاندا، ئۇ يەنە ئەسلىدىكى ھالەتكە كېلىپ، تەكەببۇرلۇق بىلەن ساقاللىرىنى سىيىلىغان ھالدا مۇنداق دېدى:

— تۇنۇگۇندىن باشلاپ كۆكتىكى يۇلتۇزلار، زېمىندىكى پەيت، بوشلۇقتىكى ئاي ـ كۈنلەرنىڭ ھەممىسى بىزگە كۈلۈپ باقتى، كېچىدىن كۆرگەن چۈشلەر ۋە كۈندۈزدىكى ئالامەتلەرمۇ خەيرلىك بولۇۋاتىدۇ. ئەمدىكى يۈرۈشكە قوشۇنىمىزنى كىم باشلاپ چىقسا ئەڭ مۇۋاپىق بولار؟

ئۇ ھېچكىمنىڭ جاۋاب بەرمىگىنىنى كۆرۈپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن بىر سەركەردىنى سەر خىل قوشۇنلارنى باشلاپ لىڭ ئېلىدىكى جۇكاڭچاماۋغا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتىمەن، لىڭ ئېلى سەركەردىلىرىدىنمۇ چوقۇم بىرى جەڭگە چىقىدۇ. ئاندىن ئۇلار بىلەن ئوق ئېتىش ماھارىتى سىنىلىپ، قىلىچ ـ نەيزىلەر ئوينىتىلىپ، جەڭ مارشى ئېيتىلىپ قانلار قىزىغاندا، ئۇلارنىڭ بېشى كېسىلىدۇ، ئاندىن شەھەرگە ھۇجۇم قىلىنىدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن قوشۇنلار خانىش جۇماۋنى ماڭا تۇتۇپ ئەپكېلىپ، تۆھپىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

جۇكاڭچاماۋنى ئېلىش ۋەزىپىسى ئىنتايىن ئېغىر بولغاچقا، ئاخىرى سېرىق بارگاھ شاھى يەنىلا كونا سەركەردە شىنبامىرۇزنى جەڭگە چىقىشقا بەلگىلىدى.



شىنبامىرۇز پەرمانىنى ئاڭلاپ، كىچىكتۇرۇشكە جۇرئەت قىلالمىدى ـ دە، دەرھال ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلىرىنى كىيىپ، ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق لەشكەرنى باشلاپ، جۇكاڭچاماۋغا يۈرۈش قىلدى.
ئۇ يولغا چىققىنىنىڭ ئالدىنقى كۈنى كەچتە بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە لىڭ قوشۇنلىرىنىڭ لاگىرى تەرەپتىن كۈچلۈك گۈلدۈرماما ئاۋازى ياڭرىدى، بىر چاقماق ئۇدۇل ئېتىلىپ كېلىپ، خور قوشۇنى لاگىرىنى بىردىنلا خارابىلىككە ئايلاندۇرۇۋەتتى، قاراڭغۇلۇقتا ھېچنەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇ ئويغانغاندىن كېيىن، چاتسشاغىر مېنىڭ ئوقۇمدا ئۆلدى، ئۇ لىڭ ئېلىنىڭ جەڭ ئىلاھى شۇنداقلا لىڭ قوشۇنلىرىنىڭ چوڭ سەركەردىسى، لېكىن مەن ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈردۈم، قارىغاندا ئۇلارنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى چوقۇم كېلىپ مېنىڭدىن ئۆچ ئالىدۇ. بۇ قېتىم ئۇلار خور سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى قىرىپ تۈگەتمىگۈچە بولدى قىلمايدۇ. شۇڭا ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇرۇشۇم كېرەك، دەپ ئويلىدى.
لېكىن شىنبامىرۇز يەنە مۇنداقمۇ ئويلىدى: مېنىڭ چاتسشاغىرنى ئۆلتۈرۈشۈم ئامالسىزلىقتىن بولغان ئىش، چۈنكى ھەربىي پەرمان شۇنداق، مەن بولسام سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ جەڭ سەركەردىسى، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ پەرمانىنى ئاڭلىشىم كېرەك، ئەمەلىيەتتە لىڭ ئېلىگە تاجاۋۇز قىلىشمۇ مېنىڭ خاھىشىم بويىچە بولغان ئىش ئەمەس، لىڭ ئېلىنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈش جىنايىتى يالغۇز مەن بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنمەسلىكى كېرەك، باش جىنايەتچى سېرىق بارگاھ شاھى بولسا توغرا بولىدۇ.
ئۇ شۇلارنى ئويلاپ، ئۆزى كۆرگەن يامان چۈشنى سېرىق بارگاھ شاھىغا ۋاقتىدا ئېيتماي، شۇ ئارقىلىق ئۆز جىنايىتىنى يەڭگىللەتمەكچى بولدى.

ئەمما، سېرىق بارگاھ شاھى شىنبامىر ۋۇز قوشۇن باشلاپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، جۇكاڭچاماۋنى ئېلىشنىڭ مۇھىملىقىنى، ئۇز ۋۇندىن بۇيان ئارزۇ قىلغان خانىش جۇماۋنىڭ مۇشۇ شەھەرگە يوشۇرۇنغانلىقىنى، بۇ شەھەرنى ئالسا توي كېچىسى خالىغىنىنى قىلالايدىغانلىقىنى ئويلىدى ـ دە، شىنبامىر ۋۇزنىڭ شەھەرنى تېز قولغا كەلتۈرەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزى بىۋاسىتە قوشۇن باشلاپ جۇكاڭچاماۋنى قورشاشقا ماڭدى.

بۇ چاغدا، تاغا ـ جىيەن گالىگوڭچۇك ۋە پالېي خور قوشۇنلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ھەرقايسى ئەللەردە مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى قۇردى. چارۋىچىلار مال ـ چارۋىلىرىنى ھەيدەپ، ھەتتا بىر ئايالمۇ قوغدىيالايدىغان خەتەرلىك يوللار ئارقىلىق بىخەتەر جايلارغا بېرىپ ئورۇنلاشتى ھەمدە بەش قەبىلىنىڭ ھەرقايسىسى نەچچە يۈزدىن قوشۇن باشلاپ ئەلنى قوغدىدى. گالىگوڭچۇك تاغا ـ جىيەن ئىككىيلەن سەرخىل قوشۇنلارنى باشلاپ خور لاگىرىغا قاراپ كېچىلەپ يۈرۈپ كەتتى.

خور لاگىرى ئالدىدىكى تار تاغ يولىدا لىڭ ئېلى قوشۇنلىرىنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى خور سەركەردە ـ لەشكەرلىرىدىن ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. لىڭ ئېلى چەۋەندازلىرى ئاق كىيىم، ئاق ساۋۇتلارنى كىيىشكەن، ئاپئاق دۇبۇلغىلىرى ئۈستىگە كىچىك ئاق بايراقچىلارنى تاقاشقان، ئاق ئاتلارنىڭ بېشىغا ئاق پەي قادىغان، لەشكەرلەر بامبۇك ساپلىق نەيزىلەرنى تۇتقان ھالدا، خۇددى قار ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

خور ئايغاقچىلىرى بۇنى بايقاپ، دەرھال لاگىرغا قايتىپ دوكلات قىلدى:

— ئۇدۇلدىكى تاغ ئارىسىدىن سانسىز لىڭ ئېلى قوشۇنلىرى خۇددى قار كۆچكەندەك بۇ يەرگە قاراپ كەلمەكتە، توساپ زەربە بېرىمىز دېسەك ئۈلگۈرەلمەيمىز، چېكىنگىنىمىز تۈزۈك.

ئاق بارگاھ شاھى بىلەن قارا بارگاھ شاھى بۇنى ئاڭلاپ، لاگېرنى ساقلاشقا قالدۇرۇلغان ھەرقايسى يول سەركەردىلىرىگە يىغىن ئاچتى، كۆپچىلىك مۇھاكىمە قىلىپ مۇنداق دېيىشتى:

— ھازىر لىڭ ئېلى قوشۇنلىرىنىڭ چوڭ سەركەردىسى چاتىشاغىر ئۆلدى، گېيسېرمۇ قايتىپ كەلمىدى، قالغان بۇ لەش-كەرلەر بىر پەشۋاغىمۇ يارىمايدۇ. بىز نېمە ئۈچۈن سېرىق بارگاھ شاھى بىلەن شىنبامىرۇز جۇكاڭچاماۋنى ئېلىشقا كەتكەن ۋاقىت-تىن پايدىلىنىپ، غەلىبىلىك بىر جەڭ ئارقىلىق ئۆزىمىزنى كۆرسەتمەيمىز!

ئەمما، ئاق بارگاھ شاھى مۇنداق دېدى:

— لىڭ ئېلىنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى باتۇر ۋە جەڭگە ماھىر، بىز ئۇلارغا سەل قارىماي، بەلكى ئالدىمىزدىكى تۆپىلىك-كە بېرىپ، ئەھۋالنى كۆزەتكەندىن كېيىن بىرنېمە دەيلى.

سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك ئاق بارگاھ شاھىنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى ھەمدە بىر تۆپىلىككە بېرىپ، لىڭ ئېلىنىڭ ھەرىكەت ھالىتىنى كۆزەتتى.

ئەمما كۆرمەستە بىلمىگەن بىلەن، خور سەركەردىلىرى ئۇ-لارنى كۆرۈپلا قورققىنىدىن جان ـ پىنى چىقىپ كەتتى، ئەسلىدە لىڭ قوشۇنلىرى خۇددى ئەرش لەشكەرلىرىدەك خور ھەربىي لاگېرىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغان بولۇپ، ئۇلاردىن قېچىپمۇ قۇتۇل-غىلى بولمايتتى. ئاق بارگاھ شاھى بىلەن قارا بارگاھ شاھى بۇ خىل ۋەزىيەتنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز پايپېتەك بولۇپ، چۈشىن يەۋالغاندەك دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ ئالاقزادە بولدى، شۇنداق-تىمۇ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شاھ ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، زورمۇزور تەمكىن بولۇۋېلىش ئارقىلىق قوشۇن كۆڭلىنى تىنچلاندۇردى.

ئاق بارگاھ شاھى مۇنداق دېدى:

— سەركەردىلەر، كۆپچىلىك ئەنسىرىمەڭلار، قورقماڭلار. بىز ئۇزۇن گەپنى قويۇپ، تېزرەك لاگېرغا قايتىپ، قالدۇق

لىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، ئۇلارنى كېلىشى بار، كېتىشى يوق قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئاندىن توختاپ قاراپ ئىندـ ـئام بېرىمىز!

قارا بارگاھ شاھى سەل ئارامغا چۈشتى ـ دە:

— مەن قارا بارگاھ شاھى ھەرگىز ئۇنداق قورقۇنچاقلاردىن ئەمەس، ئەگەر مېنىڭ خور ئېلىمنىڭ ئىشلىرىدا ئازراقمۇ توختىمام بولمىسا، بىر هارامتاماق بولمامدىمەن، مەن هازىر زەنجاكاشاۋنى مېنىڭ بىلەن دەرھال لاگىرغا قايتىپ، جەڭگە چىقىشقا پەرمان قىلىمەن، — دېدى.

زەنجاكاشاۋ قارا بارگاھ شاھىنىڭ كۈچلۈك ياردەمچىسى بوـ لۇپ، ھەرقېتىم خەتەرگە يولۇققاندا، ھامان ئۇنىڭ قوغدىشىغا ئېرىشەتتى. ئۇ قارا بارگاھ شاھى ئۆز قولى بىلەن يېتىشتۈرگەن سەركەردە بولغاچقا، ئۇ قارا بارگاھ شاھىنى ئۆز ھىماتچىسى دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا ئىزچىل سادىق بولۇپ كەلگەنىدى.

ئەمدىلىكتە لىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۆز لاگىرىغا بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى، ۋەزىيەتنىڭ ئىنتايىن جىددىيلىكىنى كۆرۈپ، ئاق بارگاھ شاھى بىلەن قارا بارگاھ شاھى قوشۇنلىرىنى دەرھال لاگىرغا قايتۇرۇپ، لىڭ قوشۇنى بىلەن چوڭ بىر مەيدان جەڭ قىلىشقا هازىرلانغانىدى.

زەنجاكاشاۋ ئالدى بىلەن بىر توپ قارا كىيىملىك لەشكەرـ لەر، قارا ئاتلارنى باشلاپ، قارا رەڭلىك چوڭ بايراقلارنى كۆتۈرـ ۈپ، خۇددى قارا تۇماندەك لاگىردىن چىقتى.

گالىگوڭچۇڭ بۇ چاغدا قوشۇنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بوـ لۇپ، غەرب، شىمال ئىككى تەرەپتىن خور لاگىرىغا قورشاپ كەلدى، ئۆزى پىيادە قىسىملارنى باشلاپ، غەرب تەرەپتىن دۈشـ مەنگە ھۇجۇم قىلدى. پالىي چەۋەندازلارنى باشلاپ شىمالـىي يولدىـن ھـۇجـۇم قىلىپ، دۈشمەنـنـى تـوسۇپ زەربە بەردى. سەركەردە ـ لەشكەرلەر بىلەكلىرىنى تۈرۈپ، خور قاراقچىلىرىنى

قىرىپ تۈگەتمىگۈچە قايتماسلىققا قەسەم قىلىشتى.

خور ھەربىي لاگىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى چوڭ يېشىل تاغ تۈۋىدە پالىي قوشۇنلىرىنى باشلاپ، ئالدىغا قاراپ تېز سۈرئەتتە يۈردى. خور ھەربىي لاگىرىغا يېتەي دېگەندە، قاپقارا چەۋەنداز زەنجاكاشاۋ بىر تاغ ئەگمىسىدىن قويۇندەك كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توستى. پالىي ئاتنى بىر دېۋىتىپ، كەينىگە ئون نەچچە مېتىر چېكىندى ـ دە، بىر تاغ قاپتىلىغا بېرىپ تۇردى.

خور سەركەردىسى زەنجاكاشاۋ ئات ئۈزەڭگىسىدە تىك تۇرۇپ، كۈمۈش ساپلىق نەيزىسىنى مۆرىسىگە ئاسقان ھالدا، قوشۇن باشلاپ كەلگەن پالىيغا قارىتىپ، غەزەپ بىلەن «ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىشىش مارشى» نى ئوقۇدى:

*ھەي سەن سېرىق تۈك كىچىك بالا،*
*كەلدىڭمۇ يولۋاستىن ئېلىشقا گۆشنى.*
*سەن يۈڭلۈق كىچىككىنە مايمۇن،*
*شىر بەدىنىدىكى تۈكنى تارتماقچى؟!*
*ھەي بىچارە نىمجان كۈچۈك،*



*قارا تۇلپارغا ھاۋشىشقا قىلدىڭمۇ جۈرئەت.*
*بۈگۈن ئەمدى سېنىڭ يوقىلار كۈنۈڭ،*
*كەل ئىككىمىز سىنىشايلى قورال ئېلىپ.*
*ئاۋۋال ئوقيا، ئاندىن نەيزە بىلەن،*
*ئاخىرىدا سىنىشايلى قىلىچ بىلەن.*

ئۇ ناخشا ئېيتقاچ بىر ئوق ئۈزۈۋېدى، پالىي ئات ئۈستىدە ئۆزىنى قوغدىشى بىلەن ئوق دۇبۇلغا پۆپۈكنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى، كەينىدىنلا ئېتىلغان بىر ئوق ئۇنىڭغا تەگمىدى؛ يەنە بىر ئاتقان ئوقى بەك ئېگىز بولغاچقا، ئېگىزدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ چاغدا خورنىڭ يەنە بىر سەركەردىسى دۇبۇلغىسىغا قارا ئات قۇيرۇقى پۆپۈكنى قىستۇرۇپ، بىر قارا ئاتنى مىنگىنىچە ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى.

پالىي، ئەگەر جەڭ مارشى ئېيتسام، جەڭ پۇرستىدىن مەھرۇم بولىمەن، ئۇنىڭدىن ئاۋۋال بىر ئوق ئېتىپ، ئۇلارنىڭ جاسارىتىنى يوقىتىپ، ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ قويای، دەپ



ئويلىدى ـ دە، ئوقياسىنى ئېلىپ، «ئات!» دەپ ۋارقىرىشى بىلەنلا، ئوق گويا گەپ ئاڭلىغاندەك ئۇچۇپ چىقتى، زەنجاكاشاۋ ئوقنىڭ ئادەمنى چۆچۈتكىدەك دەرىجىدە تېزلىكىدىن ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، نەيزىسىنى ئوينىتىش ئارقىلىق ئوقنى توسۇۋېلىپ، ھەرھالدا ئامان قالدى، لېكىن كەينىدىنلا يەنە بىر ئوق ئۇچۇپ كەلدى، بۇ ئوق ئات ئۈستىدىكى ئادەمدىن ئەمەس، بەلكى تۆۋەندىن ئېتىلغانىدى، زەنـ-جاكاشاۋ ئۇنى يەنە نەيزە بىلەن توسۇۋېلىشقا تەييارلانغانىدى، لېكىن ئوق تۆۋەن ئۇچۇپ ئېتىنىڭ ئوڭ پۇتىغا تەگدى، ئات ئاغرىقتىن بىرلا سەكرەپ، زەنجاكاشاۋنى يېقىتىۋېتىشكە تاس قالـ-دى. بۇ ئەبلەخنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشىنى كۈتمەستىنلا، پالېي قىلىچىنى كۆتۈرۈپ، ئېتىنى قامچىلىغىنىچە ئالدىغا چېپىپ بېـ-رىپ، قىلىچنى بىر سىلكىۋېدى، زەنجاكاشاۋ ئۆزىنى چەتكە ئېـ-لىشقا ئۈلگۈرەلمەيلا بېشىغا قادالغان پەي بىللەن بىللە چېپىلىپ، جەسەت خۇددى بىر ياغاچتەك ئات ئۈستىدىن يەرگە چۈشتى. لېكىن ئۆزى بەك كۈچەپ كەتكەنلىكتىن، قىلىچى قولىدىن ئۇ-چۇپ چۈشتى، ئۆزىمۇ كونتروللۇقىنى يوقاتقاچقا، ئات ئۈستىدىن دومىلاپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا ھېلىقى سەركەردە بىر ئوق ئۈزۈۋېدى، ئوق دەل پالېينىڭ ئات ئېگىرى قېشىغا تەگدى، كەينىدىنلا ئۇ خورنىڭ جەڭ ئېتى پالېينىڭ قېشىغىلا كېلىپ قالدى. پالېي بىر سەكرەپلا زەنجاكاشاۋنىڭ نەيزىسىنى ئېلىپ، بەدىنىنى رۇسلاپ بىر تىنىۋېدى، «بالدۇر كېلىش دەل ۋاقتىدا كېلىشكە يەتمەيدۇ» دېگەندەك، ئۇ پالېي بىلەن تۇتۇشماي تۇرۇپلا كۆكرىكىگە نەيزە يەپ، بۇ ئەبلەخمۇ يەرگە تىك موللاق ئاتتى. پالېي شۇ ھامان ئىككى خور سەركەردىسىنىڭ بېشىنى كېـ-سىۋالدى.

خور سەركەردە ـ لەشكەرلىرى ئىككى باشلامچى سەركەردـ-سىنىڭ بىردەمدىلا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ جان ـ پېنى چىقـ-

تى، ئۇلار نەدىمۇ ئالغا بېسىپ توسۇشقا جۈرئەت قىلالىسۇن، دەرھال قېچىپ جان ساقلىشى مۇھىم ـ دە!

خور قوشۇنلىرى بىردىنلا قالايمىقانلىشىپ، خۇددى ئۇۋىسى-دىن ئايرىلغان ئىتلاردەك دۇبۇلغىلىرى ۋە قوراللىرىنى تاشلاپ، تىرىپىرەن بولۇپ قاچتى. خور قوشۇنلىرىنىڭ قالايمىقانلىشىشى بىلەن لىڭ قوشۇنلىرى قوغلاپ قىرغىن قىلىشقا باشلىدى، بۇ خۇددى مىڭلىغان قوي ـ قوزىلارنىڭ بىر يەرگە توپلىنىۋالغىنىد-غا، شۇنداقلا خۇددى تۆمەن قوي توپىنىڭ قوتانغا كىرگىنىگە ئوخشايتتى. باتۇرلارنىڭ ئۇر ـ چاپ ئاۋازلىرى، مەغلۇپلارنىڭ پەرياتلىرى، قورال ـ ياراغلارنىڭ جاراڭ ـ جۇرۇڭلىرى، جەڭ ئاتلىرىنىڭ تۇياق ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ، يەر ـ زېمىن تەۋرەيتتى.

شۇنداق قىلىپ، پالېي سۈرلۈك ۋە ھەيۋەتلىك ھالدا قوشۇ-نىنى باشلاپ، خور سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنىڭ توسۇپ زەربە بېرىشىنى بۆسۈپ ئۆتتى ھەمدە توسۇپ زەربە بەرگۈچى دۈشمەن لەشكەرلىرىنى تىرىپىرەن قىلدى. زەنجاكاشاۋ باشچىلىقىدىكى خور ئاۋانگارت قوشۇنى لىڭ قوشۇنى تەرىپىدىن يانجىلىپ، بىرد-مۇ قۇتۇلالمىدى.

پالېي يېتەكچىلىكىدىكى لىڭ قوشۇنى ئەسەبىيلەشكەن يول-ۋاسلاردەك خور لاگېرىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىدىن بۆسۈپ كىر-دى. لىڭ ئاتلىق قوشۇنىدىكى ئوقياچىلار كەينى ـ كەينىدىن ئۇچ ئوق ئۇزۇۋېدى، بىر ئوق قارا بارگاھ شاھىنىڭ قول ئاستىدىكى چوڭ سەركەردە يۇجۇلاجېنىنىڭ پېشانىسىگە تېگىپ، كەينىدىن ئۆتۈپ كەتتى ـ دە، بىر ئىڭراش بىلەنلا يىقىلدى؛ يەنە بىر ئوق قارا بارگاھ شاھىنىڭ ئالدى مۇھاپىزەتچى ئەمەلدارى داۋچازەنىڭ مۈرىسىگە تېگىپ، ئۇنى يېنىك يارىلاندۇردى؛ ئاخىرقى بىر ئوق قارا بارگاھ شاھىنىڭ كۆكرىكىگە تەگدى، يىپەك ساۋۇت گەرچە ئوق بېشىنى توسالىغان بولسىمۇ، لېكىن قارا بارگاھ شاھى تۇمار ئېسىۋالغاچقا يارىلانمىدى، پەقەت ئوق كۈچى شىددەتلىك

بولغاچقا، ئۇنى ئاتتىن يىقىتىۋەتتى. دەل شۇ چاغدا، ئاق بارگاھ شاھى كېلىپ ئۇنى قۇتقۇلدۇرۇۋالدى.

رەقىبى ئالدىدا پالېيىنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت ياندى، ئۇنى ئاسانلا قويۇۋېتىشكە كۆڭلى قانداق ئۇنىسۇن؟! ئۇ قولىغا نەيزە ئېلىپ توختىماي قوغلىدى. باشقا سەركەردە ـ لەشكەرلەرمۇ قوللىرىغا قورال ئېلىپ، خور لاگىرى ئىچىدە خۇددى ئادەمزات يوق يەرگە كېلىپ قالغاندەك ئەركىن ئات چاپتۇرغىنىچە قىرغىن قىلىشقا باشلىدى.

لىڭ قوشۇنىنىڭ چوڭ سەركەردىسى يۈلا پۇخادىن چىققۇچە قىرغىن قىلىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز ئۇچۇپ كەلگەن بىر ئارغامچا ئۇنىڭ قىلىچىغا يۆگىلىپ قالدى. يۈلا بۇ تاكتىكىنى بۇزۇپ تاشلاپ قارىۋېدى، ئالدىدىلا بىر خور سەركەردىسىنىڭ قىلىچ تۇتۇپ ئات ئۈستىدە غەزەپ بىلەن قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇ ئەبلەخ باشقا بىرى ئەمەس، بەلكى ئاق بارگاھ شاھىنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى سىندۇ ئىدى. ئۇ كىشىلەرگە بولغان مۇئامى-لىدە شەپقەتسىز، قىياپىتى رەزىل بولۇپ، بىرۇنزا قىلىچ ئىشلى-تىشكە ئادەتلەنگەن، جەڭدە چەكسىز ۋەھشىي ئىدى. يۈلا ئۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى بايقاپ، قىلىچىنى ئوينىتىقىنىچە ئالدىغا ئېتىلىپ باردى.

سىندۇ ئارغامچىسىنىڭ رەقىبىنى باپلىيالمىغانلىقىدىن قاتى-تىق غەزەپلىنىپ، بىرۇنزا قىلىچىنى كۆتۈرگىنىچە يۈلاغا قاراپ ئېتىلدى. ئىككى قىلىچ بىر ـ بىرىگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل كېلىۋاتات-تى. يۈلا كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ قىلىچ چېپىپ، سىندۇنىڭ جەينىكىنى ئازراق يارىلاندۇردى. سىندۇمۇ بىخەستەلىك قىلى-ماي، ئۆتكۈر بىرۇنزا قىلىچىنى ئوينىتىپ، يۈلانىڭ ئوڭ بىلەك مۇسكۇلىغا چاپتى. ئاندىن ئۇ بىرۇنزا قىلىچىنى تېزلىكتە غىلاپقا سېلىپ، بىلەكلىرىنى كەرگىنىچە يۈلاغا ئوقتەك ئېتىلىپ، ئۇنى قۇچاقلاپ قويۇۋەتمىدى. ئىككى ئات ئۈستىدە بۇ ئىككىسى خۇددى

قۇرغۇي قۇچقاچنى تۇتقانغا ئوخشايتتى.

سىندۇ يۇلانى ئات ئۇستىدىن يەردىكى تاش ئۇستىگە تارتىپ چۇشۇردى، پالىي بىر ئوق ئۇزۇۋېدى، دەل سىندۇنىڭ ئارقىسىدىن يۇرىكىگە تەگدى. سىندۇ غەلىبىنى قولغا كەلتۇرمەي تۇرۇپلا ۋارقىرىغىنىچە ئاتتىن يىقىلدى.

يۇلا شۇ هامان بىر قىلىچ بىلەن بۇ خور سەركەردىسىنىڭ جېنىنى ئالدى. بۇ چاغدا، خور هەربىي لاگىرىنىڭ غەرب تەرىپىدە تۇيۇقسىز ئۇررا ئاۋازلىرى ياڭراپ، ئوت نۇرلىرى كۆككە ئۆرلىدى. ئەسلىدە پالىي بىلەن گالىگوڭچۇڭ ئىچى ـ سىرتىدىن ماسلىشىپ ئانچە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلمايلا خور هەربىي لاگىرىنىڭ غەربىي دەرۋازىسىنى هۇجۇم بىلەن ئالغانىدى. گالىگوڭچۇڭ قول ئاستىدىكى لەشكەرلىرىنى باشلاپ قىرغىن قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن خور هەربىي لاگىرىدىكى ئاشلىق ۋە ئوت ـ چۆپلەرگە ئوت قويدى، ئاندىن لەشكەرلەر بىلەن بىللە خور سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى قوغلاپ قىردى.

خور هەربىي لاگىرى قالايمىقانلاشقان، خور سەركەردە ـ لەشكەرلىرىدىن ئۆلگەن ـ يارىلانغانلىرى سان ـ ساناقسىز ئىدى، ئاق بارگاھ شاهى بىلەن قارا بارگاھ شاهى قېچىپ قۇتۇلۇشنىڭ تەسلىكىنى بىلەتتى، قول ئاستىدىكى سەركەردە ـ لەشكەرلەر ئۆلۇۋتقاچقا، لىك قوشۇنلىرىنى بىر ـ بىرلەپ چايناپ يۇركۇۋەتكۇسى كېلەتتى.

لېكىن، ئۇلارنىڭ ئارمانغا چۇشلۇق دەرمانى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ قېشىدا ئۆزلىرىنى قوغدايدىغانلار ئازىيىپ، ئۆزلىرىنى قىرىدىغانلار كۆپىيىۋاتاتتى.

ئاق بارگاھ شاهى ئۆز قوشۇنىنىڭ قىرىلىپ، پۇتۇنلەي گۇمران بولۇش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ چېكىنىش يولى يوقلۇقىنى كۆرۇپ، يا ئۆلۇم يا كۆرۇم دېگىنىچە ئالدىغا ئېتىلدى، بىرنەچچە لىڭ سەركەردە ـ لەشكىرى ئۇنىڭغا تەڭ كېلەل-

مەي ئاتتىن يىقىلىپ، بەزىلىرى ئۆلدى، بەزىلىرى يارىلاندى، ئۇ گاڭگوۋچۇڭ ۋە پالىي تاغا ـ جىيەن ئىككىسىگە دۇچ كېلىپ، بىردىنلا قىلىچى كارغا يارىماس، ئۆزى مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. گاڭگوۋچۇڭمۇ قوغلىماي بىر قول ئىشارىسى قىلىۋېدى، بىرنەچچە ئوقياچى ئالدىغا ئۆتۈپ ئوق ئۈزدى. ئاق بارگاھ شاھى قېچىپ ئۈزاققا بارمايلا ئوق تېگىپ، تەخىرىنىڭ دەرگاھىغا كەتتى.

قارا بارگاھ شاھى پايدىلىق ۋەزىيەت قولدىن كېتىپ قالغانلىقىنى، ئۆزى يەككە ـ يېگانە ھالدا سۇر ـ توقاي قىلىپ كېلىۋاتقان لىڭ قوشۇنلىرىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەسلىكىنى ھېس قىلىپ، پىچاقنى گېلىغا بىر سۇرۇۋېدى، قارا قانلىرى بۇلدۇقلاپ چىقىپ، ئاتتىن يىقىلىپلا ئۆلدى.

گۇگۇم چۈشكەندە، خور ھەربىي لاگىرىدا خور سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنىڭ جەسەتلىرى قان ئېقىنى ئىچىدە قالغانىدى.

گاڭگوۋچۇڭ بىلەن پالىي قىرغىن قىلىشنىڭ ئاخىرىدىمۇ سېرىق بارگاھ شاھى بىلەن شىنبامىرۇز قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئۇچرىمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ جوكاڭچاماۋغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن كەتكەنلىكىنى پەرەز قىلدى.

بۇ جەڭدە لىڭ قوشۇنلىرى ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنىڭ كېيىملىرىگە دۈشمەنىنىڭ قان ـ گۆشلىرى چاپلانغان، جەڭدە چارچاپ ھالى قالمىغان بولۇپ، غوۋۋاماندا مىدىراپ يۈرەتتى...

ئەلقىسسە، شىنبامىرۇز بىر يامان چۈش كۆرگەندىن كېيىن ئۆز جىنايىتىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، كۆرگەن چۈشىدىكى ئەھۋالنى سېرىق بارگاھ شاھىغا ئېيتماي، ئەتىسى ئالدىراش قوشۇن باشلاپ چىقىپ، سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ پەرمانى بويىچە جوكاڭچاماۋغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا ماڭدى.

كەيىندىن سېرىق بارگاھ شاھىمۇ قوشۇن باشلاپ، جۇكاڭچا-ماۋغا قاراپ ماڭدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۆزلىرى خور ھەر-بىي لاگىرىدا بولمىغاچقا، لىلىڭ قوشۇنلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇ-مىدىن ساقلىنىپ قالدى.

شىنبامىر ۋۇز بىلەن سېرىق بارگاھ شاھى باشلىغان قوشۇنلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جۇكاڭچاماۋ شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ، قوشۇنلىرىنى يەر شەكلىگە ئاساسەن ئورۇنلاشتۇردى ـ دە، تۆت يول بويىچە شەھەرنى قاتمۇقات قورشىدى.

سېرىق بارگاھ شاھى ئاق بارگاھ شاھى بىلەن قارا بارگاھ شاھىنىڭ مۇشكۇللۇككە ئۇچراپ، لاگىرىنىڭ قانغا بويالغانلىقى-نى ئاڭلىغاندا، ئاچچىقىدىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدى ـ دە، جۇكاڭچاماۋنى كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىپ، لىلىڭ ئېلىنى قانغا بوياش ئارقىلىق ئۆلگەن ئاكا ـ ئىنىلىرى ئۈچۈن ئىنتىقام ئال-ماقچى بولدى.

كۈن يۇملاق مۇز پارچىسىدەك بولۇپ، ئۇنى بىر قەۋەت نېپىز تۇمان قاپلىغانىدى، ئۇ خۇددى كىشىلەر قەلبىگە ئورۇلغان بىر سوغۇق ھاۋادەك ئىدى، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۆز ئېلى-نىڭ ۋە ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىدىن ۋايىم يەپ جالاقلاپ تىترەيتتى، بولۇپمۇ خور قوشۇنى سېپىل تۈۋىگە قىستاپ كەلگەندىن كېيىن، لىلىڭ ئېلىدە كۆرۈلگەن نامەلۇم غەلىتە ھادىسىلەر كىشىلەرنى بىئارام قىلىپ، كۆڭلىنى قورقۇنچقا سالدى. ئاسماندا قۇيرۇق-لۇق يۇلتۇز پەيدا بولدى؛ ماسى تېغىنىڭ قوشۇلۇش يېرىدىكى قارلىق تاغ يېرىلدى؛ ناجا چوڭ ئورمانلىقىدىكى قېيىن دەرەخلى-رى تۇيۇقسىز قۇرۇپ كەتتى؛ تاغ ئىلاھىنىڭ ئورۇندۇقى دەپ ئاتىلىدىغان ئاق قۇلۇلىسىمان قورام تاش تۇيۇقسىز يېرىلدى؛ جۇكاڭچاماۋ شەھىرىنىڭ شامال قوڭغۇرىقى تۇيۇقسىز ئۈزۈلۈپ چۈشتى. زېمىن تەۋرىنىپ شۇملۇق ياغاتتى، قىش پەسلىدىكى گۈلدۈرماما ئاۋازى قېرىشقاندەك قۇلاقنى ياراتتى.

خانىش جۇماۋنىڭ ئىزچىل تۇردە كۆڭلى بىئارام ئىدى. ئۇ كۆڭلىدە: «بۇ بىر قاتار شۇملۇق ئالامەتلىرىدىن قارىغاندا، لىڭ ئېلىنىڭ تەقدىرى بارغانسېرى يامانلىشىدۇ، ۋەزىيەت پايدىسىز، جەڭنى قانداق قانات يايدۇرۇشنى بەلگىلەيدىغان ئاساسىي سەركەر-دىلەرمۇ ئادەمنى بىئارام قىلىدۇ. گېپىر شاھتىن ھازىرغىچە ھېچقانداق خەۋەر يوق، دۆلەت تۈۋرۈكى بولغان چاتسشاغىر شې-ھىت بولدى. گالىگوڭچۇڭ بىلەن پالېيلار شەھەر ئىچىدە ئە-مەس. بۇنداق ئەھۋالدا خور سېرىق بارگاھ شاھىنى چېكىندۇرۇش ناھايىتى تەس. خور قوشۇنلىرى زور بەدەل تۆلىگەن تۇرسا، قارىغاندا ئۇلارنىڭ مەقسەتكە يەتمىگۇچە ھەرگىز توختاپ قالمايدى-غانلىقى ئېنىق. قانداق قىلىش كېرەك؟» دەپ بېشى قاتتى. خانىش جۇماۋ بىرەر ياخشى ئامالنى ئويلاپ تاپالماي، شاھزادىلەر ۋە سەركەردىلەرنى تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى كېڭەشىشكە چاقىردى.

باش غوجىدار روڭساچاگېن خور قوشۇنلىرى تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەندىن بۇيان، ئىزچىل تۇردە كۆپ ئاغرىپ، تېنى بەك ئا-جىزلىشىپ كەتكەن، يېشىمۇ ئەتىگىنى ئاخشىمىغا كۆز يەتمەيدى-غان ياشقا يېتىپ قالغانىدى. لېكىن، بۇ بوۋاي لىڭ ئېلىنىڭ ھايات ـ ماماتىنى ئىزچىل تۇردە كۆڭلىگە پۈككەن بولۇپ، ياشانغىنىنى تەن ئېلىپ ئەلنىڭ چوڭ ئىشىنى بىر چەتكە قايرىپ قويمىغانىدى. ئۇ، ھازىر ئېلىمىز سەركەردە ـ لەشكەرلىرى كەينى ـ كەينىدىن بولۇۋاتقان ۋەتەننى قوغداش جەڭلىرىدە نۇر-غۇن چىقىمغا ئۇچرىدى، باتۇرلار ۋە پالۋانلاردىن قالغانلىرىمۇ ئاز، ئەگەر خور قاراقچىلىرى بىلەن ئېلىشىۋەرسە، مۇقەررەر ھالدا دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ خور قوشۇنلىرد-نىڭ دۆلىتىمىزنى ئاياغ ـ ئاستى قىلىشىغا، خانىش جۇماۋنىمۇ ئۇلارغا مۇشۇنداقلا تۇتقۇزۇپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ، دەپ ئويلىدى.

ئۇ يەنە، خانىش جۇماۋنىڭ يېقىن چۆرىسى لەيچۇڭ مەيلى قامىتى ياكى چىراي قىياپىتى قاتارلىق جەھەتلەردە بولمىسۇن، خانىش جۇماۋغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇ ماقۇل بولسا، يالغاندىن ئۇنى خانىش جۇماۋ ئورنىدا سېرىق بارگاھ شاھىغا ئەۋەتىپ ئالداشمۇ قارشى تەرەپنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۇ-رۇش ھىيلىسى ئەمەسمۇ؟ لەيچۇڭ بىرىنشقا ئۇنارمۇ ـ ئۇنىماسمۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلىدى. باش غوجىدارنىڭ قارىشىچە، لەيچۇڭ يى-راقنى كۆزلەيدىغان قىز، ئەگەر ياخشى چۈشەندۈرۈلسە، ئۇ چو-قۇم ئۇنايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بوۋاي لەيچۇڭنىڭ سورۇندا بار چېغىدا بۇ پىكرىنى كۆپچىلىككە ئېيتىپ، تۆۋەندىكى بېيىتنى ئېيتتى:

*شۇ تاپتا قالدۇق بىز قورشاۋ ئىچىدە،*
*لەيچۇڭ سەن باغلانغان ئەلنىڭ غېمىگە.*
*ئەپسۇس، ئېلىمىز قالدى تەس كۈنگە،*
*يۇلتۇزۇممۇ تۇرار ئاقارغا.*
*ئۇرۇش ئوتى ئۆچمىسە ئەگەر،*
*قورقىمەن گۆھەردەك خانىش جۇماۋنىڭ*
*ئۆتكەنكى پارلاقلىقىدىن مەھرۇم بولۇشىدىن.*
*قىزىل گۈللەر ئېچىلغان لىك ئېلىدە*
*توختارمىكىن بوران ـ چاپقۇنلار؟*
*تايانساق ئازغىنە باتۇرلارغىلا،*
*ھەيدىلىپ كېتەرمۇ قارا بۇلۇتلار؟*
*بىلمىسەن، بۇ ئاي ـ بۇ كۈندە،*
*كىممۇ ئامان تۇرغان خاتىرجەم؟*
*ئەل ئامانلىقى ساڭا باغلانغان،*
*يولۋاس ئۆۋىسىغا بارغىن ئەل ئۈچۈن.*
*قورقما رەزىل شاھ ۋەھىمىسىدىن،*



*گېپىر شاھ كەلسە چوقۇم قۇتقۇزار سېنى.*
*شادلىق ياشلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرەر بىزنى،*
*ئېھ لەيچۈك، بۇ قەلب مارشىدىن تامار كۆز يېشى*
*......*

چوڭقۇر ھەسرەت، تولۇپ - تاشقان غەزەپ - نەپرەت ئىچىدە
بىر ھازا جىمىپ كەتكەن لەيچۈڭنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز
ياش قۇيۇلدى:
— تاغا، سېنىڭ ئەل ۋە خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەت-
تىن قايغۇرۇۋاتقانلىقىڭنى چۈشەندىم. ئەگەر ئېلىمىزنىڭ ئاماز-
لىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشالىسام، دوزاخقا چۈشۈشكىمۇ رازىمەن،
— دېدى ۋەزىمىن ئاھاڭدا.
خانىش جۇماۋ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن تەسىرلەن-
دى:
— كۆك ئاسماندەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن تاغام ۋە ئەقىلدە
ۋايىغا يەتكەن سۆيۈملۈك سىڭلىم! گېپىمنى ئاڭلاپ بېقىڭلار:
ھەممە بالايىئاپەت مېنىڭ نەس باسقان بېشىمغا چۈشتى، زىددىيەت
يىلتىزى بولغان مېنىڭ بەختىم تۈگىدى! — دېدى - دە، كۆزلى-
رىدىن ياش تۆككىنىچە، مۇنۇ ناخشىنى ئېيتتى:

*لىڭ ئېلى باتۇرلىرى تولۇپ قۇدرەتكە،*
*شىددەتلىك جەڭلەردە يەڭدى دۈشمەننى.*
*نە ئامال خور لەشكىرى گويا دولقۇندەك،*
*يالماپ يۇتتى قانچىلىغان ئەزىمەتلەرنى.*
*ئاغرىيدۇ يۈرىكىم پىچاقتا تىلغاندەك،*
*كۆز يېشىم سەل بولۇپ ئاقتى دەريادەك.*
*بولسىدى ئېلىمغا گەر تىنچلىق نىسىپ،*
*رازى ئىدىم ئوت دېڭىزىغا سەكرەشكە،*
*ھاياتىم بىلەن ئەبەدىي بەخت ئىزدەشكە.*

لەيچۇڭ بۇنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە: «قانداق بولۇشىدىن قەتئىي-نەزەر، خانىش جۇماۋنى ئالۋاستىلارنىڭ تاپىنى ئاستىغا چۈشۈ-رۈپ قويماسلىق لازىم، لېكىن مەن جۇماۋ سىياقىدا بىرىپ تاسادىپىي پاش بولۇپ قالسام، ئۇ چاغدا سېرىق بارگاھ شاھى بېشىمغا قادىغان، بەدىنىمگە كىيگەن بارچە ئېسىل زىبۇزىننەتلى-رىم ۋە تاۋار ـ دۇردۇنلىرىمنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئەگەر مەن بارمىسام، خەلق مېنى شەخسىيەت-چى، ئەلنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ دەپ قارايدۇ. قانداق بولمىسۇن، سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ قېشىغا باراي» دەپ ئويلىدى ـ دە، قەتئىي تۇردە مۇنداق دېدى:

— خور بارگاھىغا بىرىپ ئېلىمىزنىڭ تەقدىرىنى قۇتۇلدۇرا-لايدىغان، كۆپچىلىكنى ئامانلىققا ئېرىشتۇرەلەيدىغانلا ئىش بول-سا، مەن لەيچۇڭ بۇنىڭدىن ھەرگىز يانمايمەن. تاغا مەسلىھەتلى-شىپ ھازىرلىق قىلساڭلارلا بولدى!

باش غوجىدارنىڭ كۆڭلى يورۇپ، گەرچە بۇنداق قىلىشنى خالىمىسىمۇ، ئامالسىز شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن، بىر قۇتلۇق كۈننى بەلگىلەپ، خانىش جۇماۋنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى ۋە يىپەك كىيىملىرى بىلەن لەيچۇڭنى پەرىلەردەك قىلىۋەتتى. مۇباشىڭنىڭ قىزى دارزەن، سەيباسانىڭ قىزى دار-جۇننى ئۆمۈرلۈك دېدەكلىككە، لىڭ ئېلىنىڭ ئىنىكئانىسى ۋە قىزلىرى قاتارلىق 30 كىشى خانىشنى ئۇزىتىشقا تاللىنىپ، قىز مېلى ئۈچۈن بېرىلىدىغان نەرسىلەرنى 12 تۆگىگە ئارتىپ ئەۋەت-مەكچى بولدى. تاڭ سۈزۈلگەندە، كۆپچىلىك ئوخشاش رەڭدىكى ئاتلارغا مىنىپ، داغدۇغا بىلەن يولغا چىقتى.

ئۇلار خور بارگاھىغا يېقىن ئوتلاققا كەلگەندە، خور قوشۇن-لىرى شەھەرگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ تۇرغانىدى، ئۇلار ئالدى-دا پەيدا بولغان ئادەملەرنى كۆرۈپ، ھەيران بولغان ھالدا:

— بۇ نېمە ئىش؟ بەلكىم لىڭ ئېلى باتۇرلىرى ئايالچە

ياسىنىپ، قوراللىرىنى تۆگىگە ئارتىپ، ئىستىھكامىمىزغا يې-
قىنلاپ كېلىشى بىلەنلا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماقچى بولغانمىدۇ؟
— دېيىشتى.
ئۇلار تۇرلۇك گۇمانلار بىلەن ساراسىمىگە چۈشكەن پەيتتە،
لەيچۇلۇڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، چاچلىرىنى رەتلەپ، كۆپ-
چىلىكنىڭ قورشاۋىدا خور ھەربىي لاگىرىغا كەلدى ـ دە، ئۆزى
يالغۇز ئالدىغا بېرىپ، سېرىق بارگاھ شاھى ۋە لەشكەرلەرگە
قاراپ مۇنداق دېدى:

*ئۇرۇشنىڭ بار جەزمەن توختار چېغى،*
*تراگېدىيىدۇر ئۇنىڭ ئاقىۋىتى.*
*ئىككى يولۋاس تۇتۇشسا يېقىلەر بىرى،*
*ئىككىلا تەرەپكە يوقتۇر پايدىسى.*
*يا جازالىنار سېرىق بارگاھ شاھى،*
*يا بەربات بولار لىيڭ باتۇرلىرى.*

*ئەل ئامانلىقى ئۈچۈن مەن جۇماۋ*
*ئۆزۈمنى ئاتاشقا مىڭ مەرتەم رازى.*
*سېرىق بارگاھ شاھىدۇر ئېرىم،*
*خور قوشۇنى دەرھال چېكىنسە زادى.*

*ئىككى تەرەپنىڭ جېدىلى توختىسۇن ئەمدى،*
*تىلغا ئېلىنمىسۇن ئاداۋەت مەڭگۈ.*
*خۇددى تۆت چاسا كەلگەن يارماقتەك،*
*تىكىشلىرى چوقۇم بولسۇن تەكشى.*

سېرىق بارگاھ شاھى بۇنى ئاڭلاپ، بىر ئىشىنىپ، بىر
ئېشەنمەي قالدى. ھېلىقى خائىن چاتون ۋىجدانىغا خىلاپ يامان



ئىشلارنى بەك كۆپ قىلغاچقا، تۇيۇقسىز غەلىتە بىر خىل كېسەل-
گە گىرىپتار بولۇپ، بېشىغا يارا چىقىپ، تاپىنىدىن يىرىڭ
ئۆرلەپ، كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى، چاتون
ئەگەر لىك ئېلىدە داۋالانسا، ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلى-
قىنى بىلىپ، نائىلاج بەزى خور لەشكەرلىرىنىڭ قوغدىشى بىلەن
خور ئېلىگە داۋالىنىشقا كەتكەنىدى. ھازىر ئۇ خور ھەربىي لاگې-
رىدا بولمىغاچقا، سېرىق بارگاھ شاھى نائىلاج قول ئاستىدىكى
سەركەردىلەردىن باتۇر تاڭزى بىلەن چياڭناغا پەرمان چۈشۈرۈپ:

— سىلەر ئالدىغا بېرىپ قاراپ بېقىڭلار، جۇماۋ بىۋاستە
ئۆزى كەلدىمۇ، يوق؟ ئالدىنىپ قالماڭلار، — دەپ تاپىلىدى.

تاڭزى:

— قاراش ھاجەتسىز، راستلا شۇ. ھازىر بىز جۇكاڭچاماۋنى
قاتمۇقات قورشىۋالدۇق، يا ئىچىدىن چىقالمايدۇ، يا سىرتىدىن
كىرەلمەيدۇ. بۇ شەھەر ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزلۈكىدىن بىتچىت
بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە لىك ئېلىدە ئانچە كۆپ چوڭ سەركەردە
قالمىدى، ئۇلار قول قوۋۇشتۇرۇپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇرماي
چوقۇم تەسلىم بولىدۇ، — دېدى.

سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ خۇشاللىقىدىن، گۈلقەقەلىرى ئې-
چىلىپ كەتتى. تاڭزى بىلەن چياڭنا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ
قولىدىن ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى ئېلىپ قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىل-
دۈرۈشتى. ئۇزىتىپ كەلگەن 30 ئايال ئاق خادا تەقدىم قىلىپ،
قىز ماللىرىنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، كەينىگە قايتىپ شەھەرگە
كىرىپ كېتىشتى.

تاڭزى بىلەن چياڭنا ئىككىسى لەيچۇڭ بىلەن ئىككى دېدە-
كىنى سېرىق بارگاھ شاھى بىلەن كۆرۈشتۈرۈشكە باشلاپ كىر-
دى، سېرىق بارگاھ شاھى خۇشاللىقىدا ئۇلارنى دەرھال زىياپەت
بىلەن كۈتۈۋالدى. زىياپەت جەريانىدا ئۇلار ئىنتايىن قىزغىن
سۆزلىشىپ، خۇشاللىق كۈلكىلىرى ياڭراپ، بەكمۇ ئىچكىلىپ

كېتىشتى.

بۇ چاغدا، چوڭ سەركەردە شىنبامىرۇز مۇنداق دېدى:

— ئاجايىپ ئىش! لىڭ ئېلى باتۇرلىرىنىڭ بۇنداقمۇ هىيلە - تەدبىرلىرى بار ئىكەن - هە! ئاۋۋال باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ، نۇرغۇن خور باتۇرلىرىنىڭ باش - كۆزىنى قانغا بويىدى، كەينىدىنلا قايتىپ كېتىپ شەھەرلىرىنى قوغدىدى. ئاخىرىدا، خانىش جۇماۋنى دەبدەبە بىلەن ئەپكېلىپ بەردى. باشقىلارغا بولاتقۇزۇپ قويۇشتەك يامان نامغا قېلىشتىن، بۇنداق قىلىش نېمىدېگەن ياخشى! ئەمدى پادىشاھىمىز مۇرادىغا يەتتى، ئەمدى بىز بارگاھتىن چىقىپ ئېلىمىزگە قايتىپ، غەلىبە تەنتەنىسى قىلايلى!

سەركەردىلەر شىنبامىرۇزنىڭ ئېغىز ئاچقىنىنى ئاڭلاپ، ھەممىسى تەڭلا:

— قايتايلى، ئېلىمىزگە غەلىبە بىلەن تېزرەك قايتىپ كېتەيلى! — دېيىشتى.

سېرىق بارگاھ شاھى ئەسلىدە لىڭ ئېلىنى بېسىۋالماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن خانىش جۇماۋنىڭ شەرتىنى نەزەردە تۇتۇپ ھەمدە سەركەردىلەرنىڭ تەكلىپىنى ئاڭلاپ، غەلىبە بىلەن قايتىشقا قوشۇلدى.

شۇنىڭ بىلەن، خور سەركەردە - لەشكەرلىرىنىڭ جىددىي كەيپىياتى بوشىشىشقا باشلىدى. كۆپچىلىك يۈك - تاقىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، قايتىش پەرمانىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى.

كۆپ ئۆتمەي، سېرىق بارگاھ شاھى ئۆزى باشلىغان قوشۇننىڭ جۇكاڭچاماۋدىن چېكىنىپ چىقىشى، ئاندىن شىنبامىرۇز باشچىلىقىدىكى قوشۇننىڭ يولغا چىقىشى ھەققىدە پەرمان بەردى. ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنلىرى قوشۇلغاندىن كېيىن، داغدۇغا بىلەن قايتىش سەپىرىگە ئاتلاندى.

جەڭ تۇمانلىرى تارقالغاندەك بولدى، خور سەركەردە -

لەشكەرلىرى ۋە لىلى ئىلى پۇقرالىرىنىڭ قەلبى يورۇشقا باشلىدى.

گالىگوڭچۇڭ بىلەن پالىي قوشۇنلىرىنى باشلاپ، خور لاگدىن جۇكاڭچاماۋغا قايتىپ كېلىپ، بىرنەچچە قېتىم ئاتاكىغا ئۆتتۇپمۇ دۈشمەن مۇداپىئە لىنىيىسىدىن بۆسۈپ ئۆتەلمەي شەھەرگە كىرەلمىگەن، ئادەملىرىدىنمۇ نۇرغۇنلىرى زىيانغا ئۇچرىغاندى. ئۇلار شەھەرگە كىرگەندىن كېيىنلا، ئاندىن سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ قىلتاققا چۈشۈرۈش ھىيلىسى بىلەن ئەسكەر چېكىندۈرگەنلىكىنى بىلدى. گالىگوڭچۇڭ ئەزەلدىن يۈرەكلىك، ئىشلارنى ئەتراپلىق پىلانلايتتى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— لەيچۇڭنى خانىش جۇماۋ ئورنىدا ئەۋەتكەنلىكىمىز دەرھەقىقەت. لېكىن بىز تۇزكور چاتوننى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەك؛ سېرىق بارگاھ شاھى ئۆزگىرىشچان ئەبلەخ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھەرقانداق خام خىياللاردا بولماسلىقىمىز لازىم، ھوشيارلىقىمىزنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ھەرقايسى يوللاردىكى باتۇرلار ئىلگىرى مۇداپىئە قىلغان جايلىرىنى تېخىمۇ قاتتىق ساقلىشى كېرەك!

كۆپچىلىك بۇ گەپنىڭ داۋلىسى بار دەپ قاراپ، خور قاراقچىلىرىنىڭ قايتا كېلىپ قىرغىن قىلىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈشكە باشلىدى.

دېگەندەك پەرەز خاتا بولمىدى. خور قوشۇنلىرى ئاسەيسەي تېخى باغرىغا چېكىنىپ كەلگەندە، چاتون بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، سېرىق بارگاھ شاھى خانىش جۇماۋنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى.

سېرىق بارگاھ شاھى ئاسەيسەي تېغى باغرىدا بارگاھ قۇرۇپ، تېخى ئۆز ئىلگە قايتماستىنلا تاقەت قىلالماي، يالغان خانىش جۇماۋ بىلەن، يەنى لەيچۇڭ قىز بىلەن ئالدىراش توي

مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

دەل شۇ چاغدا، چاتۇن ئۇچقاندەك يېتىپ كېلىپ، لەيچۇڭنى بىر قاراپلا تونۇدى ۋە ئەينى ئەھۋالنى سېرىق بارگاھ شاھىغا بىر - بىرلەپ ئېيتتى.

سېرىق بارگاھ شاھى ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، ئاچچىقىدىن يېرىلغۇدەك بولدى - دە، قاتتىق تىللاشقا باشلىدى:

— بىر چۆرە قىزنى خۇددى كۆزگە ئىلمىغاندەك خانىش ئورنىدا ئەۋەتىدىغان مۇنداقمۇ ئىش بار ئىكەن - ھە! لىڭ ئېلى بىزگە قوشۇن چېكىندۈرگۈزۈش ئۈچۈن مۇشۇنداق شەرمەندە ئىشلارنىمۇ قىپتۇ. بۇ خور قوشۇننى ھاقارەتلىگەنلىك، ئەمدى بىز يەنە ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ قايتىپ بېرىپ، راست جۇماۋنى ئېلىپ كېلىشىمىز كېرەك.

چاتۇن دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ خۇشامەت قىلدى. كۆڭلىدە: سېرىق بارگاھ شاھى لىڭ ئېلىنى ئىشغال قىلىپ جۇماۋنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، لىڭ ئېلىنى مېنىڭ باشقۇرۇشۇمغا بېرىشكە ماقۇل بولغانىدى. ئەمدى مېنىڭ شۇ ئەھدىنامە بويىچە، باشقىلارنىڭ تۆھپىسىنى ئۆزۈمنىڭ قىلىۋېلىش پەيتى كەلدى، دەپ ئويلىدى.

سېرىق بارگاھ شاھى ئەبلەخ چاتۇننىڭ قۇترىتىشى بىلەن، لىڭ ئېلىگە قايتىدىن يۈرۈش قىلىش قارارىغا كەلدى ھەمدە سىنىبامىروز قاتارلىق تۆت چوڭ سەركەردىنى، لەيچۇڭ ۋە ئىككى دېدەك قىزنى ئېلىپ، قوشۇننى باشلاپ كېچىلەپ يولغا چىقىشقا بۇيرۇدى.

كەينىدىن يارەمچى قوشۇنلارمۇ بارگاھتىن چىقتى، ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەنلا، لىڭ ئېلىنى مىغىلدىغان خور قوشۇنلىرى قاپلىدى، ئۇلار خۇددى تېز سۈرئەتتە ئۆمىلەپ كېلىۋاتقان ئىككى ئۇزۇن يىلاندەك جۇكاڭچاماۋ شەھىرىنى قورشىۋالغانىدى.

ۋەزىيەت بىردىنلا ئۆزگەردى. تۇيۇقسىز جەڭ دۇمباقلىرى

ياڭراپ، بۇرغىلار چېلىنىپ، ئۇررا ئاۋازلىرى خۇاڭخې دەرياسى-
نىڭ دولقۇنلىرىدەك ئۆركەشلەشكە باشلىدى.
شەھەر ئىچىدىكى باتۇرلارنىڭ ھەممىسى سېپىلگە چىقىپ،
قىلىچ - نەيزىلىرىنى ئېلىپ، ئوقيالىرىنى بەتلەپ، خور سەر-
كەردە - لەشكەرلىرى بىلەن ئاداققىچە جەڭ قىلىشقا قەسەم قى-
لىشتى.
چاتون سېرىق بارگاھ شاھىغا ئەقىل كۆرسىتىپ، جۇماۋنى
قانداق تۇتۇش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى. تۇيۇقسىز، پوستا تۇر-
غان قاراۋۇل ئالاقزادىلىك ئىچىدە يۈگۈرۈپ كېلىپ:
— شەھەر ئىچىدىن بىر باتۇر بىز تەرەپكە ئۇچقاندەك كېلى-
ۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئەلپازى يامان، تاقابىل تۇرۇش تەس بولۇۋاتى-
دۇ! — دەپ دوكلات قىلدى.
چاتون بۇنى ئاڭلاپ، قورقۇپ ئالاقزادە بولغان ھالدا مۇنداق
دېدى:
— ئۇ چوقۇم مېنىڭ ئوغلۇم، يەنى چەتتىن كەلگەن دۈشمەن-
نى بويسۇندۇرۇشقا ماھىر ياۋۇز بۆرە نەنسائادەن. ئۇنىڭ مىنگەن
ئېتى ئۇچقۇر تۇلپار، ئۇنىڭ ماھارىتى بىر نەۋرە ئاكىسى چاتىشا-
غېردىن قېلىشمايدۇ. ئۇ ھەربىي لاگېرىمىزغا كىرىشتىن ئىلگى-
رى، دەرھال بىرنەچچە سەركەردىنى ئەۋەتىپ ئۇنى يوقىتىشىمىز
كېرەك، بولمىسا مېنىڭ ھاياتىمنىمۇ ساقلاپ قېلىش تەس!
سېرىق بارگاھ شاھى دەرھال باتۇر سەركەردە گوڭجېيۈيانى
ئاتلىنىشقا بەلگىلەپ، خىل قوشۇنلار ئىچىدىن 10 مىڭ ئاتلىق
لەشكەرنى باشلاپ، مىڭنى بىر ئەترەتتىن قىلدى - دە، دۈشمەنگە
قارشى جەڭ قىلىشقا تەييارلاندى.
نەنسائادەن چېقىلغان چاقماقتەك يېتىپ كېلىپ، قورۇل
دەرۋازىسىغا ئېتىلدى، بۇ چاغدا سېرىق توپا ئۆرلەپ، ئۇششاق
تاشلار چاچرىدى. خور لەشكەرلىرى لاگېر ئىچىدىن كەينى -
كەينىدىن ئۇچقاندەك ئېتىلىپ چىقتى. گوڭجېيۈيا لاگېردىن ئالا-

ھازەل بىر ئوق ئېتىم يەرگە بېرىپ، نەنسائادەنىنىڭ كېلىۋاتقىنىـ
نى كۆردى ـ دە، ئۇنىڭغا دەرھال بىر ئوق ئۇزدى. نەنسائادەن
ئېتىغا بىر قامچا سېلىپ ئۆزىنى ئوقتىن چەتكە ئالدى، ئوق ئالغا
قاراپ ئۇچۇپ كەتتى.
نەنسائادەنمۇ ئوقياسى ئارقىلىق كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ ئوق
ئۇزۇۋېدى، گوڭجېيۇيامۇ چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئۇـ
لاردىن قۇتۇلدى. نەنسائادەن بىرلا ۋارقىراپ كۆك ساپلىق قىلىـ
چىنى ئالدى ـ دە، ئالغا قاراپ ئېتىلدى. خور لەشكەرلىرى ئۇنى
كۆرۈپلا تىرىپىرەن بولدى، بەزىلىرى قېچىش يولىنى تاپالماي
دەسسىلىپ ئۆلدى. گوڭجېيۇيا يەنە بىر ئوق چىقىرىپ ياسىغا
سالدى ـ دە، نەنسائادەنگە قارىتىپ ئاتماقچى بولدىيۇ، لېكىن
ئۇلگۇرەلمىدى، نەنسائادەن بىر قىلىچ بىلەنلا ئۇنى چېپىۋەتتى.
نەنسائادەن خور ھەربىي لاگىرىغا بۆسۈپ كىرىپمۇ سېرىق
بارگاھ شاھىنى پەقەت ئۇچرىتالمىدى. ئۇ كۈنىنىڭ كەچ بولۇپ
قالغىنىنى كۆرۈپ، نائىلاج ئېتىنى بۇراپ شەھەرگە قايتىپ كەتـ
تى.
ئەتىسى سەھەردە، جۇماۋ پەرىشان ھالدا ئاسمانغا قاراپ،
تەشۋىشلەنگىنىچە جەڭ پەيتىنى كۈتتى. ئاسمان گۇمبىزىدىكى
شەپەق گويا گۇلدەستىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ نەزىرىدە سەركەرـ
دە ـ لەشكەرلەرنىڭ قانلىق جەڭ كىيىمىگە ئوخشايتتى. تۇيۇقـ
سىز، سېپىل سىرتىدىن بىر كىشىنىڭ:
— جۇماۋ، تېز كېلىپ جاۋاب بەر! — دەپ ۋارقىرىغىنى
ئاڭلاندى. ئۇ سېپىل راۋىقىدىن شەرقىي دەرۋازا تەرەپكە قارىۋېـ
دى، خور قوشۇنلىرىنىڭ توپلىنىپ قىلىچ ـ نەيزىلەرنىڭ ئورمانـ
دەك زىچ تۇرغانلىقىنى كۆردى. شىنبامىرۇز ئۇنىڭغا قول پۇلاڭـ
لىتىپ سۆزلىدى:
— جۇماۋ، ياخشىراق ئاڭلاپ تۇر، ئۇرۇشنىڭ كىم تەرىپىدـ
دىن كەلتۈرۈلۈپ چىققانلىقىنى مېنىڭچە سەن ئەقىللىق خانىش

ياخشى بىلىسەن! ئىش بۇ يەرگە يەتتى، ئەمدى يا سەن خور ئېلىگە كېتىسەن، ياكى بىز قوشۇنلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تۈگىتىمىز!

جۇماۋ بۇنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن غەزەپلەنگەن ھالدا تۆۋەندىكى بېيىتنى ئېيتتى:

*ئوغرى سېرىق بارگاھ شاھى ئاتلىنىپ كەلدى،*
*ھامىنى شېرىن چۈش بولار خىيالى.*
*خالايمەن نەچچە كۈنكى شۇملۇق بېشارىتىنىڭ،*
*خور لاگىرىغا ئاپەت بولۇپ يېغىشىنى.*

*جاپالىق بۇ مەزگىللەر تاۋلىدى مېنى،*
*ئازدۇرالماس ھېچنېمە بۇ پاك قەلبىمنى.*
*بەلكىم بۇ قامال بولار بىر سىناق،*
*ياردەم قىلار تېپىشىمغا نۇسرەت يولىنى.*

شىنبامىرۇز بۇنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە: «بۇ ھەقىقەتەن ئالىيجاناب، يۈرەكلىك خانىش ئىكەن، ئادەمنى تولىمۇ قايىل قىلىدۇ. ئەمدى پەقەت يۇمشاق گەپلەر بىلەن نەسىھەت قىلىنسا، بەلكىم ئازراق ئۈنۈمى بولار» دەپ ئويلىدى ـ دە، مۇنداق دېدى:

— قوشۇنىمىز سىلەرنى قاتمۇقات قورشاپ، سۇمۇ كىرمەس قىلىۋەتتى، قانات ياساپمۇ ئۇچۇپ كېتەلمەيسەن! خەلقىڭ تېخىمۇ زور ئاپەتكە ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن، سەن يەنە جاھىللىق قىلىۋەرمىگىن.

جۇماۋ كۆڭلىدە: «ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە، شىنبامىرۇزنىڭ گېپى قانداقمۇ خاتا بولسۇن؟! مېنى بولاش ئۈچۈن خور قوشۇنلىرى ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، قانچىلىغان باتۇرلىرىمىزنى جېنىدىن ئايرىدى. خور ۋەلىك ئەللىرىنى مەڭگۈ خاتىرجەم،

تىنچ ـ ئامان قىلىش ئۈچۈن، مېنى ئۇلارغا بېرىۋەتمەي بولمايدۇ. لېكىن مەن يەنە نېمە ئۈچۈن گېسېر شاھتىن يۈز ئۆرۈپ، سېرىق بارگاھ شاھىغا سادىق بولغىدەكمەن؟ بۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىش! قورال ئارقىلىق بۇلاپ كەتمىگۈچە مەن ھەرگىز ئۇ يەرگە بارمايمەن!» دەپ ئويلىدى.

خانىش جۇماۋغا قاتتىق ـ يۇمشاق ۋاسىتىلەرنىڭ كار قىلمىغىنىنى كۆرۈپ، سېرىق بارگاھ شاھى ئاچچىقىدا، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. خور قوشۇنلىرى بىر دەمدىلا كەينى ـ كەينىدىن يېتىپ كەلدى. شىمالىي دەرۋازىدا دوچىڭ، غەربىي دەرۋازىدا چياڭنى، جەنۇبىي دەرۋازىدا تاڭزې، شەرقىي دەرۋازىدا شىنبامىرۇز قاتارلىق چوڭ سەركەردىلەر بولۇپ، ھەرقايسىسى بەش مىڭ لەشكەرگە قوماندانلىق قىلاتتى، ئۇنىڭدىن باشقا، ھەرقايسى قەبىلىلەردىن تاللىنىپ كەلگەن ئىككى تۈمەن قوشۇنمۇ تۆت بۆلەككە ئايرىلىپ، بىرلا ۋاقىتتا جۇكاڭچاماۋغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى.

لىڭ ئېلى تەرەپتە غەربىي دەرۋازىدا پالېي، جەنۇبىي دەرۋازىدا سېرجانجى، شىمالىي دەرۋازىدا سەيباگار، شەرقىي دەرۋازىدا گالىگوڭچۇڭلار مۇداپىئەدە تۇردى ھەمدە سېنلوڭرېجې جەڭگە قوماندانلىق قىلدى. نەنسائادەن تۆت دەرۋازىغا ياردەمچى بولۇپ، شەھەر ئىچىدىكى سېپىل دەرۋازىسىنى قوغداۋاتقان لەشكەرلەر بىلەن بىللە سېپىل ئاستىغا ئوق ۋە تاشلارنى ئېتىپ، خور قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇردى. ئوقلار يامغۇردەك، تاشلار گويا مۆلدۈر چۈشكەندەك ئېتىلدى، تاكى ئەتىسى تاڭ سۈزۈلگۈچە ئېلىشقان بولسىمۇ، لېكىن دۈشمەن جۇكاڭچاماۋنى يەنىلا ئالالمىدى، لېكىن سېپىل ئىچىدىكى كىشىلەردىن ئۆلگەن ـ يارىلانغانلار ئاز بولمىدى، جان تىكىپ ئېلىشماي تۇرۇپ، قورشاۋنى بۆسۈپ ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.



مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، جۇماۋ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاسمانغا ئۇچۇپ كەتكۇسى كەل- دى ـ دە، رەڭدار نەيزە ئارقى- لىق قانات ياساپ ئۇچماقچى بو- لۇۋېدى، لېكىن ھەرقانچە قى- لىپمۇ ئۇچالماي، ئىنتايىن ئا- زابلاندى.

ئاخىرى، خانىش جۇماۋ گېسىنى شاھ قالدۇرۇپ كەتكەن قىزىل قۇش يەتتە ئىلاھىي ئو- قىنى چىقىرىپ، كۇنگە بىردىن ئاتتى. ئوق خۇددى چاقماقتەك نۇر چىقىرىپ، ئالتۇن يىلاندەك شۇڭغۇپ، ھەرقايسى دەرۋازىلار- دىكى مىڭدىن ئارتۇق پولات سا- ۋۇتلۇق دۈشمەن لەشكەرلىرىنى يەر چىشلەتتى. شۇنداق قىلىپ، بىر ئىلاھىي ئوق جوكاڭچاماۋنى بىر كۈن قوغدىدى، ئۇدا يەتتە كۈن ئاتقاندىن كېيىن ئوقلار ئې- تىلىپ تۈگىدى. جۇماۋ شەرقىي دەرۋازىدىكى سېپىل راۋىقىغا چىقىپ، ئۆزىنى ئېتىۋالماقچى بولۇۋېدى، يېنىدىكى سەركەردە ئۇنى تۇتۇۋالدى.

بۇ چاغدا، جوكاڭچاماۋنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىنى خور لەش-

كەرلىرى پالتا بىلەن چېپىپ ئېچىۋەتتى - دە، ۋارقىراشقانلىرىچە كىرىپ كېلىشتى. ئىشىك قوغدىغۇچى سەركەردە سەيباگار نەچچە يۈز دۈشمەننى ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرى دوچىڭنىڭ بىر نەيزە ئۇرۇشى بىلەن يىقىلدى. ئۇلار غەربىي دەرۋازىنىمۇ ئۆرۈپ تاشلاپ، كەينى - كەينىدىن يوپۇرۇلۇپ كىردى. گەرچە پالېي قىلىچىنى ئوينىتىپ دۈشمەننى خېلى قىرغان بولسىمۇ، لېكىن كۈچى ئاز، دۈشمەن كۆپ بولغاچقا، چاڭنانىڭ كۇندۈزلۈك ئالۋاستى ئىلاھىنىڭ جان تومۇرى بولغان چاقماق ئوقى تېگىپ ئۆلدى. شەرقىي - جەنۇبىي دەرۋازىلارنىمۇ دۈشمەن ھۇجۇم بىلەن ئېچىپ، خۇددى دولقۇندەك ئېتىلىپ كىردى. گالىگوڭچۇڭ بىلەن شېگاجاڭجى كۈچىنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسىتىپ، نۇرغۇن دۈشمەننى ئۆلتۈردى، يارىلاندۇردى. ئاخىرى تاڭزې گالىگوڭچۇڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى؛ شېگاجاڭجىنى شىنبامىرۇز «مىڭ يولۋاسنى ماھىرلىق بىلەن تۇتقۇچى» ئىلاھىي ئارغامچىسى بىلەن تىرىك تۇتتى.

خور قوشۇنلىرى شەھەر ئىچىدىكى ئوردىغا يوپۇرۇلۇپ كەلگەندە، سېنلوڭرېجې پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا پەلەمپەيدىكى چوڭ ياغاچ شوتىدىن نۇرغۇن تاشلارنى دومىلىتىپ، نۇرغۇن دۈشمەننى ئۆلتۈردى، دۈشمەنلەر قورقىنىدىن ئېتىلىپ كېلىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. نەنسائادەن تۆت دەرۋازىغا ياردەمگە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن جەڭ پۇرستى قولدىن كەتكەچكە، ۋەزىيەتنى ئوڭشىيالماي، گالىگوڭچۇڭ بىللە بىلەن سېنلوڭرېجېنى قوغداپ، قورشاۋنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، تاشقى شەھەردىن ياردەم تەلەپ قىلدى.

پېتىۋاتقان كۈن تېپىرلاۋاتقان يۈرەك، تامچىۋاتقان قاندەك مۇز تاغنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىغا ئۇن - تىنسىز سىڭىپ كەتمەكتە ئىدى...

## ئالتىنچى قىسىم

# خانىشنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىشى

خور قوشۇنلىرى خۇددى ئاچ يولۋاس يېمەكلىك ئىزدىگەندەك يوپۇرۇلۇپ كىرىپ، جۇكاڭچاماۋنى ئاخىر ئىشغال قىلدى، خۇددى ئاچ يولۋاس يېمەكلىك ئىزدىگەندەك يوپۇرۇلۇپ كىرىپ، خانىش جۇماۋنى تۇتۇپ شەھەردىكى بارلىق ئۇنچە - مەرۋايىت، قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى بۇلىدى، ئاندىن چەمبەرچاس باغلانغان جۇماۋنى سېپىل كەينىدىكى يېگانە چوققىدا جەڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىۋاتقان سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ، تۆھپە تەمە قىلىشقا ئالدىرىدى.

سېرىق بارگاھ شاھى جۇماۋنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن نەپسى تاقىلداپ كەتتى. ئۇ كۆرەڭلىگەن ھالدا كارنىيىنى قىرىپ، يۇقىرى ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

— تېز! تېزرەك بۇرغا چېلىنسۇن، دومباق ئاۋازلىرى ياڭرىسۇن، مەن كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلغان بۇ گۈزەلنى ياخشىراق بىر كۆرۈۋالاي!

خور لەشكەرلىرى باغلاغلىق جۇماۋنى ئېپكەلدى. سېرىق بارگاھ شاھى ئۇنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن ھوشىنى يوقىتىپ قويۇشقا تاس قالدى. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە دەرھال:

— گۈزەللىمنى تېزرەك يېشىۋېتىڭلار! — دەپ تاپىلىدى.

بۇ چاغدىكى جۇماۋ روھى چۈشكۈن بولسىمۇ، لېكىن ئىلگىرىكىدەكلا جەلپكار، تولغان كۆكسى خۇددى تۈزلەڭدە چوقچايغان

قارلىق چوققىغا ئوخشايتتى، زىلۋا قامىتى تال چىۋىقتەك ئېگىل-
گەن، قاشتېشىدەك بەدىنى شۇنچە سۈزۈك ئىدى. ئاغزىدىن خۇد-
دى نىلۇپەر گۈلىدەك خۇش پۇراق چېچىلىپ، سېرىق بارگاھ
شاھىنىڭ ئەس - ھوشىنى يوقاتقانىدى.

جوماۋ كۆڭلىدە، مەن سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ قولىغا چۈ-
شۈپ قالدىم، ئەمدى قېچىپمۇ قۇتۇلالمايمەن، ئەھۋالغا قاراپ
ئىش قىلغىنىم تۈزۈكتەك قىلىدۇ. يالغاندىن ئىتائەت قىلغان
بولۇپ ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، پەيت تېپىپ
ئۇنى ئۆلتۈرىۋېتەي، ئېلىمدە ئۆلگەن شۇنچە كۆپ قېرىنداشلىرىم
ئۈچۈن قىساس ئالاي، دەپ ئويلىدى.

شۇنداق قىلىپ، جوماۋ قارشىلىق كۆرسەتمەي، بەلكى ئا-
زابلانغان ۋە ۋەھىمىگە چۈشكەن قىياپەتتە كۆزلىرىنى يۇمۇپ،
ياخشى ۋەزىيەتنىڭ قولىدىن كېتىپ، ھەممىدە تەڭرىنىڭ رايىغا
باقىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

سېرىق بارگاھ شاھى ئىختىيارسىز ھالدا جوماۋغا ئىچ ئاغرى-
تىپ، قول ئاستىدىكىلەرگە جوماۋنىڭ ئارامگاھىنى ياخشى ئو-
رۇنلاشتۇرۇشقا بۇيرۇدى، ئۇنىڭغا خاتىرجەم بولۇپ ياخشى ئارام
ئېلىشنى، ئاندىن قۇتلۇق كۈننى تاللاپ تويى بولىدىغانلىقىنى
ئېيتتى.

شۇ كېچىسى جوماۋ كىشىلەرنىڭ ئۇيقۇغا كەتكەن ۋاقتىدىن
پايدىلىنىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئاياققا خۇش پۇراق ئۈزۈمدىن
ياسالغان شارابنى قۇيدى، يېنىدا ئېلىپ يۈرگەن زەھەرلىك دورى-
سىنى ئۇنىڭ ئىچىگە سېلىپ، سېرىق بارگاھ شاھىغا شاراب
تۇتۇش ئارقىلىق ئۇنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى.

ئەتىسى جوماۋ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، چىرايلىق ياسىن-
دى - دە، سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ ئالدىغا نازاكەت بىلەن بې-
رىپ، قامىتىنى پۇخادىن چىققۇچە نامايان قىلدى.

سېرىق بارگاھ شاھى جوماۋنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ، ھەر-



بىي ئىشلارنى كېڭىشىشتەك چوڭ ئىشنىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويىدى، باشقا سەركەردىلەر جۇماۋنىڭ گۈزەللىكىدىن ئەس - ھوشىنى يوقاتقانىدى.

جۇماۋ سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ قىلتاققا ئىلىنغانلىقىنى كۆردى - دە، ئىختىيارسىز ئۇسسۇلغا چۈشتى، ئۇسسۇل قىزىپ سېرىق بارگاھ شاھى راسا ھۇزۇرلانغاندا، جۇماۋ بالدۇرلا تەييارلاپ قويۇلغان ھېلىقى بىر ئاياق زەھەرلىك شارابنى ئالدى - دە، تۆۋەندىكى ناخشىنى ئېيتتى:

*جۇماۋ ناخشا بىلەن تۇتتى شاراب،*
*پادىشاھىم تېتىپ كۆرەرسىز.*
*تېتىسىڭىز تۇنجى رەت،*
*بولارسىز سەرۋى قامەت، شېرىن سۆز.*
*ئىككىنچى قېتىم شارابنىڭ خۇشبۇيىدىن،*
*ياىراپ كېتەر شۇ مۇبارەك تەنلىرىڭىز.*
*ئۈچىنچى قېتىم ئەسىر قىلىپ قەلبىڭىزنى،*
*ئېچىلىدۇ شۇ ھامان ئەقىل ئىشىكىڭىز.*

سېرىق بارگاھ شاھى بۇنىڭدىن پەخىرلەندى ۋە قانائەتلەندى، مەغرۇرلىنىپ ۋە ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىپ، ھېچنېمىگە پەرۋا قىلمىدى. ئۇ ئوڭ قولى بىلەن ساقىلىنى سىلىغان ھالدا سول قولىدا رومكىنى ئېلىپ، ئۇنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتمەكچى بولدى. بۇ چاغدا، بىر چەتتە تۇرغان شىمبامىرۇز ئالدىغا بېرىپ ئۇنى توسۇپ:

— تېخى، كۆك تەڭرىنىڭ شەپقىتىگە نەزىر، پۇقرالارغا سەدىقە بەرمىدۇق، شاھىم! سىلى نېمە ئۈچۈن شاراب ئىچكۈچىلەرنىڭ قائىدىسىنى ئۇنتۇپ قالدىلا؟ — دېدى.

سېرىق بارگاھ شاھى شىنبامىرۇزنىڭ كاشىلا قىلغىنىغا

غەلىتىلىك ھېس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۇلۇغ قول بارمى-
قىنى شارابقا تەگكۈزۈپ، شاراب ئارقىلىق تەڭرىگە نەزىر قىلماق-
چى بولدى، بىراق بارمىقى شاراب يۈزىگە تېگىشى بىلەنلا، غىژىل-
دىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئوت يالقۇنى ئېتىلىپ، شاراب چېچىلغان
يەردە ئوت ياندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ رومكىنى جۇماۋغا قايتۇرۇپ
بېرىپ ئىنتايىن خاپا ھالدا:

— سەن زەھەرلىك شارابنى تەڭشىگەنىكەنسەن، ئەمدى ئۇنى
ئۆزۈڭ ئىچىشىڭ كېرەك؛ باشقىلارنى سۇغا غەرق قىلماقچى
بولغان كىشىنىڭ بەدىنىمۇ سۇغا چىلىشىدۇ! — دېدى.

جۇماۋ زەھەرلىك شارابنى ئىچىپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرماق-
چى بولدى. ئۇ ئىچەي دېگەندە، سېرىق بارگاھ شاھى بىر تېپىۋې-
دى، جاراڭلىغان ئاۋاز بىلەن رومكا يەرگە چۈشۈپ پارچە - پارچە
بولۇپ كەتتى. يەرگە چېچىلغان زەھەرلىك شاراب نەگە ئېقىپ
بارسا، شۇ يەر يۈزى دەرھال يېرىلدى. چاڭنا، دوچىڭ قاتارلىق
سەركەردىلەر بۇنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئوقتەك ئېتىلىپ
بارغىنىچە، جۇماۋنىڭ بەدىنىدىكى كىيىملەرنى تارتىپ سالدۇرۇ-
ۋەتتى - دە، ئۇنى بىر ئېگىز خادىغا ئېسىۋەتتى.

قاراڭغۇ چۈشكەندە، جۇماۋنىڭ جان تومۇرى بولغان ئىلاھىي
قۇش ئۈچ ئاچا - سىڭىل تۇرنىلار دەرھال سېرىقماي تالقىنىنى
ئېلىپ جۇماۋنىڭ قېشىغا ئۇچۇپ كەلدى. شۇ كېچىسى بۇ ئۈچ
پەرىشتە قۇش يەنە قاناتلىرىنى كېرىپ، جۇماۋنىڭ بەدەنلىرىنى
ئىسسىتتى. تاڭ ئاتاي دېگەندە، جۇماۋ كۆزلىرىگە ياش ئالغان
ھالدا بۇ ئۈچ ئاچا - سىڭىلغا مۇنداق دېدى:

— ھەي جان تومۇرلىرىم بولغان ئىلاھىي قۇش ئاچا -
سىڭىللار، سىلەر ئەمدى شىمال تەرەپتىكى ئالۋاستىلار ئېلىگە
بەش كۈن ئىچىدە ئۇچۇپ بېرىڭلار - دە، گېسېر شاھنى تېپىپ،
ئۇنىڭغا ئېلىمىزدە يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىڭلا-
ر، ئۇ تېزرەك قايتىپ كېلىپ ئۆچ ئالسۇن!

بۇ ئۈچ تـۇرنا ماقـۇل بولـۇپ باشلىرىنى لىڭشىتتى ـ دە، كۆچ ـ قۇۋۋىتىنى ئۇرغۇتۇپ، ئەڭ تېز سۈرئەتتە شىمال تەرەپكە قاراپ ئۇچتى.

جۇماۋ بەش كۈن ئېسىپ قويۇلغاندىن كېيىن، ئاخىرى يەنىلا شىنبامىرۇز، بۇنداق قىلىنسا جۇماۋغا نىسبەتەن زوراۋاندىلىق، ھاقارەت ۋە شەپقەتسىزلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كۆك تەڭرىنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويۇش مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلدى ـ دە، چاڭنا، دوچىڭلارغا جۇماۋنى خادىدىن چۈشۈرۈپ، كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ قويۇشنى تاپىلىدى.



ئەلقىسسە، جۇماۋنىڭ جان تومۇرلىرى بولغان ئۈچ ئىلاھىي قۇش تۇرنىلار تۆت كېچە ـ كۈندۈز ئۇچقاندىن كېيىن، بەشىنچى كۈنى سەھەردە شىمالدىكى ئالۋاستىلار ئېلىگە ئاخىر يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا گېسىر شاھ ۋەزىرى شاڭۋەن بىلەن سېپىل راۋىقىدا شاھمات ئويناۋاتاتتى، ئۈچ تۇرنا بوشلۇقتىن ئۇچۇپ ئۆتكەندە، بىر تۇرنا مايىقى شاھمات تاختىسىغا چۈشتى. شاڭۋەن بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ، ئۈچ تۇرنىنىڭ شەرق تەرەپتىكى سېپىل كۇنگۇرىسىگە قونۇپ، ئۆز ـ ئۆزىگە ۋە ئېچىنىشلىق سايراۋاتقانلىقىنى كۆردى.

گېسىر شاھ بېشىنى كۆتۈرمەي شاھمات ئويناش بىلەن بەنت بولغاچقا، ئۈچ تۇرنىنىڭ پەيدا بولۇش مەقسىتىنى چۈشەنمىدى. ۋەزىر شاڭۋەن ئۇلارنىڭ لىڭ ئېلىنىڭ ئىلاھىي قۇشلىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشىدىن يامانلىقنىڭ ئالامىتىنى سېزىپ، كۆڭلى ساراسىمىگە چۈشتى ـ دە، ئۆزىنى تۇتالماي گېسىر شاھقا مۇنداق دېدى:

— شاھىم! سەن بۇ قاردەك ئاق ئۈچ تۇرنىنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇلار چوقۇم سېنىڭ يۇرتۇڭ لىڭ ئېلىدىن ئۇچۇپ كەلگەن، ئىلاھىي قۇشنىڭ لىڭ ئېلىدىن ئالۋاستى ئوردىسىغا ئۇچۇپ كېلىشىدە چوقۇم سەۋەب بار. ئۇ يەردە بەلكىم بىرەر ۋەقە يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن!

كىم بىلسۇن، گېسىر شاھ ۋەزىرىنىڭ سۆزىگە قىلچە پىسەنت قىلماي، خامۇش ھالدا مۇنداق دېدى:

— مەن يۇرتۇمدىن ئايرىلغان، ئۇ يەردە ئاتا ـ ئانام، ئاكا ـ ئىنىلىرىم بارلىقىنى ئەسلىيەلمەيمەن، يىراقتىكى لىڭ ئېلىدە بەلكىم بەزى تونۇش ـ بىلىشلىرىم بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قىياپىتىنىڭ قانداقلىقى يادىمدا يوق.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە، ئورنىدىن تۇرۇپ گۈللۈك باغقا كىرىپ خىيالغا چۆكۈپ، قىممەتلىك ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزۈشكە

باشلىدى. قارىغاندا، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئەقىل - پاراسىتى ۋە قايناق ھېسسىياتى بىمەنە بەھرىمەن بولۇش جەريانىدا يوقالغان ئوخشايدۇ. بۇ ئىشتىن تۇرنىلارنىڭ غەزىپى كەلسە، بىر تۇرۇپ ھېسداشلىقى قوزغالدى - دە، سايراشقىنىچە گېسىر شاھنىڭ باش ئۈستىدە ئايلىنىشقا باشلىدى.

ئاپئاق ۋە نازاكەتلىك ئۈچ تۇرنا گېسىر شاھنىڭ باش ئۈستىدە توختاۋسىز ئۇچۇپ ئايلاندى ھەمدە شاھنىڭ بېشى ۋە يۈزلىرىگە ماياقلاشقا باشلىدى، بىر دەمدىلا گېسىر شاھنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ، قاتتىق قۇسۇشقا باشلىدى. قۇسۇش جەريانىدا، گېسىر شاھ ئاستا - ئاستا لىڭ ئېلىدە ئىلگىرى بولغان نۇرغۇن ئىشلارنى ئەسلىدى، ئۇنىڭ نېرۋىسى بىردىنلا سەگەكلەشكەندەك بولدى:

— ۋەزىرىم، بۇ ئۈچ تۇرنا ھەقىقەتەن لىڭ ئېلىنىڭ ئىلاھىي قۇشلىرى. سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭ ناھايىتى توغرا، قارىغاندا يۈرتۇمدا چوقۇم بىر زور ۋەقە يۈز بېرىپتۇ، — دېدى.

ئۈچ تۇرنا گېسىر شاھنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنىڭ قېشىغا ئۇچۇپ كەلدى. ئوتتۇرىدىكى تۇرنا ئېغىز ئېچىپ:

— مۆھتەرەم شىرمەت باتۇر گېسىر شاھ! سىز شىمالدىكى ئالۋاستىلار ئېلىدە ئالۋاستىلارنى تەسلىم قىلىپ، باشقىلارنىڭ يېرىنى ئىلكىڭىزگە ئالغان بولسىڭىزمۇ، لېكىن ئۆز ئېلىڭىزدىن مەھرۇم بولدىڭىز! — دېدى ۋە ئىشنىڭ جەريانىنى ئۇنىڭغا تەپسىلىي بايان قىلدى. ئۈچ تۇرنىنىڭ كۆز ياشلىرى قۇيۇلۇپ، قاتتىق ھەسرەتلىنەتتى.

گېسىر شاھ بۇنى ئاڭلاپ، قانلىرى قىزىپ، غەزەپتىن چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى، خور ئېلىنى چايناپ پۇركۇۋەتسىمۇ، ئاچچىقى بېسىلمايدىغاندەك قىلاتتى.

لېكىن، ئۇ ئالۋاستى يۇرتىنىڭ چوڭ ئىشلىرى تېخى دېگەن-

دەك يۈرۈشۈپ كەتمىدى، مۇشۇنداقلا كەتسەم بولمايدۇ، چوڭ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ماڭاي، دەپ ئويلىدى ـ دە، تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇدى:

*ئۇرغۇدى قەلبىمدە مۇھەببەت دولقۇنى،*
*ئەل غېمى، ئۆي غېمى تۇرار يەلكەمدە.*
*قىلمەن پۇشايمان پاراغەتنى دەپ،*
*ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزگىنىمگە.*
*لىڭ ئېلى كەتكەن بولسىمۇ قولدىن،*
*قايتىدۇ ھامىنى ئۆز خەلقى ئىلكىگە.*

بۇنى ئاڭلىغان تۇرنىلارنىڭ بىرى:
— ئۇنداقتا شاھىم، ئەگەر سىز ۋاقتىنچە ئېلىڭىزگە قايتال-مىغان ھالەتتىمۇ، ئامال قىلىپ خور سېرىق بارگاھ شاھىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ھەيۋىڭىزنى كۆرسىتىپ قويۇڭ.
گېسېر شاھ دەرھال مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:
— گۈزەل ئىلاھىي قۇشلار، سىلەرنىڭ ئېيتقىنىڭلار توغ-را، خور قاراقچىلىرىغا يامانلىقىمنى بىلدۈرۈپ قويمىسام بولماي-دۇ. مەن ھازىر ئۇلارغا بىر ئاگاھلاندۇرۇش خېتى يېزىپ، ئۇلارنى جىنايىتىنى تونۇشقا ئۈندەيمەن، ھازىرلا ئىلاھىي ئوقۇم-نى ئالاقىچى سۈپىتىدە ئۇلارغا ئاتىمەن.
گېسېر شاھ سۆزىنى تۈگىتىپلا بىر پارچە سېرىق يىپەككە خەت يازغاندىن كېيىن، چوڭ قىزىل تامغىنى بېسىپ، ئۇنى ئىلاھىي ئوق بويىنىغا ئاستى ـ دە، ئوقنى شۇ ھامان ئاتتى. ئاسمان ـ زېمىننى زىلزىلىگە سالغاندەك بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ، ئوق چاقماق چاققاندەك يىراقلارغا قاراپ ئۇچتى.
كەينىدىن گېسېر شاھ ئۈچ تۇرنىغا مۇنداق دېدى:
— سىلەر لىڭ ئېلىگە تېزرەك ئۇچۇپ بېرىڭلار ھەمدە لىڭ



ئېلى پۇقرالىرىغا مېنىڭ تېزلىكتە قايتىپ بېرىپ، ئۇلارنى بەخت-
سىزلىكتىن قۇتۇلدۇرىدىغانلىقىمنى ئېيتىڭلار، بولۇپمۇ مېنىڭ
بىچارە خانىشىم جۇماۋغا ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ئۆزىنى قەدىرلى-
شىنى، گېسېرنىڭ چوقۇم قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى، گېسېرنىڭ
سېغىنىشىنىڭ تېزلىكتە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىدىغانلىقىنى ئېيتىڭلا-
ر!

ئۈچ تۇرنا توختاۋسىز باش لىڭشىتىپ، گېسېرگە ھۆرمەت
بىلدۈردى. كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغاندا ئاپئاق قاناتلىرىنى كې-
رىپ، مۇھىم ۋەزىپە ۋە لىڭ ئېلىگە بولغان چەكسىز ئارزۇ —
ئۇمىدلەرنى ئېلىپ، كەلگەن چاغدىكى يۆنىلىش بويىچە ئۇچۇپ
كەتتى.

گېسېر شاھنىڭ ئالاقىچىسى بولغان ئىلاھىي ئوق ئېتىلغان-
دىن كېيىن، ئۇدۇل خور ھەربىي لاگېرىغا چۈشتى.

شۇ كۈنى رەڭگارەڭ شەپەق نۇرلىرى كېچە ئاسمىنىنى يو-
رۇتقان، ئالتۇن چاق شەكلىدىكى قۇياش تاغ چوققىسىغا ئۆرلىگە-
نىدى. خور قوشۇنلىرى چېكىنىشكە بۇيرۇق كۈتۈپ تۇراتتى. بۇ
چاغدا، بەزىلەر ئاچ بۆرىلەردەك ناشتىلىق يېسە، بەزىلىرى ئات
كارۋىنىنى تەييارلاۋاتاتتى. تۇيۇقسىز يەر — زېمىن قاراڭغۇلى-
شىپ، ئاسماندا يۇلتۇزلار كۆرۈندى.

— بۇ نېمە ئىشتۇ؟

بەزىلىرى، قۇياشنى ئەرش ئىتلىرى يەپ كېتىپتۇ، دېسە،
يەنە بەزىلىرى:

— ئىبلىس لۈزەن قېشىغا بېرىپتىكەن، شۇنداق بولۇپ
قاپتۇ، دېيىشتى.

قاراڭغۇلۇق ئىچىدە، كىشىلەر ۋەھىمىگە چۈشۈپ نېمە قى-
لىشىنى بىلەلمەي، خۇددى ھەرىلەرنىڭ ھوجۇمىغا ئۇچرىغاندەك
بولدى. تەخمىنەن بىر ئاش پىشىم ئۆتكەندە، شىمال تەرەپتىكى
ئاسەيسەي تاغ چوققىسىدا قوتاز چوڭلۇقىدا ئۈچ گۈلخان پەيدا

بولدى، كەينىدىنلا گومبۇرلەپ ئاۋاز چىقىپ خۇددى چېقىلغان چاقماقتەك ئوت ئۇچقۇنلىرى ئەتراپقا چاچرىدى، ئارقىدىنلا بوران ھۇۋلاپ تاراسلاپ مۆلدۈر چۈشتى. بىر ئۈزۈن ئوت يالقۇن چاچ-راتقىنىچە خور ھەربىي لاگېرىغا قاراپ يېقىنلاشتى، يېقىنلاشقان-چە بارغانسېرى تېزلەشتى، خور ھەربىي لاگېرىدا شۇئان يەر تەۋرەپ، تاغلار تەۋرىنىپ، چاڭ - توزانلار كۆتۈرۈلۈپ، پۈتۈن لاگېر خۇددى قايناۋاتقان قازانغا ئوخشاپ قالدى.

بەزىلەر بۇ غەلىتە ھادىسىدىن قورقۇپ ھوشسىزلىنىپ يې-قىلسا، بەزىلىرى قورققىنىدىن بەدەر قاچاتتى؛ چوڭ قورام تاش يېنىدا ياتقان ئات - تۆگىلەرنىڭ بېلى سۇنۇپ قوپالماي قالغان-دى.

ئارىدىن بىرەيلەن:

— بەلكىم گېپىر ئاتقان ئوق بولسا كېرەك، كۆپچىلىك تېز كېلىپ قاراپ بېقىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

ھودۇققان خور سەركەردە - لەشكەرلىرى يۈگۈرۈشۈپ كې-لىپ، چوڭ قورام تاشنىڭ تىلىنىپ پارچىلىنىپ كەتكەنلىكىنى، ئىلاھىي يالقۇنلىغان ئوقنىڭ بىر تاش پارچىسىغا قادىلىپ قالغان-لىقىنى كۆردى. ھېچكىم ئۇنىڭ قېشىغا بېرىشقا جۈرئەت قىلال-مىدى، ئاخىرى جۇماۋنى تېپىپ كېلىۋېدى، ھېلىقى ئوق يالقۇنى بىردىنلا ئۆچۈپ، خۇددى يىپ ئېگىرىش ئۇرچۇقىدەك نەچچىنى چۆرگىلەپ، سېرىق يىپەككە يېزىلغان ھېلىقى خەتنى چىقاردى.

شىنباسىرۇز خەتنى ئېھتىيات بىلەن قولغا ئېلىپ، سېرىق بارگاھ شاھىغا مەلۇم قىلدى.

جۇماۋ ئوقنى كۆرۈپ ئىگىسىنى كۆرگەندەك بولدى، ھەر خىل ئىشلار كۆڭلىگە كېچىپ، دەرھال لىق تولدۇرۇلغان بىر رومكا قانلىق شارابنى ئېلىپ، شاراب تۇتۇش ناخشىسىنى ئېيتقى-نىچە، ئوقيا ئۇچىغا قۇيۇۋېدى، خۇددى كالا گۆپۈلدەپ سۇ ئىچ-كەندەك ۋە تىل بىلەن تامشىغاندەك ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ھېلىقى

قانلىق شاراب بىر دەمدىلا ئىچىلىپ بولدى.

جۇماۋ ئىلاھىي ئوققا شاراب تۇتۇۋاتقاندا، سېرىق بارگاھ شاھى ھېلىقى خەتنى كۆرۈپ تىلى تۇتۇلغان، نېمە قىلارنى بىلەلمەي قالغاندى، بۇ چاغدا دوچىن مۇنداق دېدى:

— قارىغاندا گېسېر تېخى ۋاقتىنچە قايتىپ كېلەلمەيدۇ، بىز قالايمىقان خىياللاردا بولماسلىقىمىز كېرەك! لىڭ ئېلىنىڭ شۇنچە كۆپ باتۇرلىرىمۇ بىزنى ھېچنېمە قىلالمىدى، بامبۇك تۆشۈكى ئېلىپ كەلگەن بۇ قۇرۇق ھەيۋىدىن قورققىدەك نېمە بار؟

شىنبامىرۇز چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ ھېچنېمە دېمىدى.

خور قوشۇنلىرى ئەسلىدىكى پىلان بويىچە، ئۆز ئېلىگە قايتىشقا تەييارلاندى.

خانىش جۇماۋ قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەندىن باشلاپ، لىڭ ئىلى سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بۇنى مىسلىسىز خورلۇق ھېس قىلدى، ئۇلار غەزەپلەنمەي تۇرالىسۇنمۇ؟

گالىگوڭچۇڭ، نەنسائادەن، سېنلوڭرېجې قاتارلىق لىڭ ئېلى سەركەردىلىرى جوكاڭچاماۋدىن قورشاۋنى بۆسۈپ چىققاندىن كېيىن، تېزلىكتە يېڭى قوشۇن تەشكىللەپ، خور قوشۇنلىرىغا تۇيۇقسىز توسۇپ زەربە بېرىش ئارقىلىق خانىش جۇماۋنى قۇتۇلدۇرۇپ، ئوغرى سېرىق بارگاھ شاھىنى تىرىك تۇتۇشقا تەييارلاندى. تەكرار كېڭىشىش ئارقىلىق ئاخىرى نەنسائادەن، ۋۇياجۇجى قاتارلىق تۆت سەركەردە بىر قوشۇننى باشلاپ يالاسەيۇۇ تېغىدىكى ئۈچ ئاچا يول ئېغىزىنى توسۇشقا ماڭدى. بۇ خور قوشۇنلىرى چېكىنىشتە مۇقەررەر ئۆتىدىغان يول ئىدى؛ گالىگوڭچۇڭ بىر قوشۇننى باشلاپ چوڭ يولغا بېرىپ، يۇقىرى يول ئېغىزىنى توسماقچى بولدى؛ گادې، سېندا، دەنما ئۈچى باشلىغان قوشۇن چوڭ يولنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنى توستى؛ رىنچىندارلۇ، ئاماخاسان، سېنلوڭرېجې قاتارلىقلار چوڭ قوشۇننى باشلاپ، ئارقا ۋە

يان تەرەپتىن قوغلاپ زەربە بەرمەكچى بولدى.
قايتىشقا تاقىتى تاق بولغان خور قوشۇنى ئۆز ئېلىگە قايتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، خۇددى دېڭىز تاشقىنى قىرغاقتىن ئېشىپ يولنى بېسىپ كەتكەندەك، توختىماستىن ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەشتى. يالاسەيۇ تېغىنىڭ ئۇچ ئاچا يول ئېغىزىغا كەلگەندە، تاغدىكى قويۇق ئورمانلىقتا يوشۇرۇنغان نەنسائادەن خور قوشۇنىنىڭ ئالدىدىكى قىسمىغا كەينى - كەينىدىن ئوق ئۈزۈپ، خور لەشكەرلىرىنى كەينى - كەينىدىن يىقىتتى، قالغان لەشكەرلەر ئالاقزادە بولغىنىدىن بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلالمىدى. بۇ چاغدا خور ئاساسىي قىسمىدىن بىر ئاق ئاتلىق ۋە بىر سۆسۇن ئاتلىق ئېتىلىپ چىقتى، كەينىدىن يەنە بىر قارا ئاتلىق ۋە بىر ئالا ئاتلىق يېتىشىپ كەلدى. ئۇلار دوڭكوڭجوزا، چاڭنا، ناشاڭئېرزەن ۋە دوچىن سەركەردىلەر ئىدى. ئۇلار ئەتراپنى خېلى تەكشۈرۈپمۇ ئوق ئېتىلغان جاي ۋە ئوق ئاتقۇچىلارنى تاپالماي، نائىلاج قوشۇن ئالدىغا بېرىپ، تار ۋە كىچىك يولدا قىستىلىپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە باشلىدى.
كىم بىلسۇن، ئالدىدىكى ئېگىزلىكتە لىڭ ئېلىنىڭ تۆت چوڭ سەركەردىسى پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى خور قوشۇنىغا يەتتە تالدىن ئوق ئۈزدى، دوڭكوڭجوزا بىلەن ناشاڭئېرزەننىڭ ئېتىغا ئوق تەگكەن بولسىمۇ، ئۇلار ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈۋالغاچقا ئۆلمەي ئامان قالدى. لىڭ ئېلى سەركەردە - لەشكەرلىرى يەنە ئوق، سالغا ۋە تاش ئېتىش ئارقىلىق كۈچىنىڭ بارىچە توسۇپ زەربە بەردى، خور قوشۇنلىرى ئۆتۈشكە ئىلاج قىلالماي، نائىلاج ئۇچ ئاچا يول ئېغىزىدا چېدىر، ئادەم ۋە ئاتلار خۇددى شىنا قېقىلغاندەك كىچىككىنە بىر يەرگە سىغدىلىشتى. خور قوشۇنلىرى بىر يەرگە يىغىلغاچقا، نەنسائادەن قاتارلىق سەركەردىلەر قارىغۇلارچە ھۇجۇمغا ئۆتمەي، يەر شەكلى پايدىلىق بولغان يەرنى ئىگىلىدى، ئىككى تەرەپ مۇشۇ ھالەتتە ئون نەچچە كۈن

تىركىشىپ تۇرۇشتى.

15 ـ كۈنى كەچتە، خور خوشۇنى كىچە قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئاستاغىنا لاگىردىن قوزغالدى. يۈك ئاتلىرى ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەر تار يول بىلەن ئوغرىلىقچە ئۆتتى، پىيادە ئەسكەرلەر بولسا ياردىن يامىشىش ئارقىلىق ھەرھالدا بۇ خەتەر-دىن قۇتۇلغان بولدى.

دوڭكوڭجۇزا قاتارلىق تۆت خور سەركەردىسى بىر كىچىك ئېرىقنى تىمىسقىلاپ مېڭىپ، ئەمدىلا ئاتنى قامچىلاپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇۋاتقاندا، تار يولنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى لىك قو-شۇنىنىڭ لەشكەرلىرى كېلىپ قالدى ـ دە، ئۇلارنى بىر كىچىك ئېقىن بويىغا قېچىشقا مەجبۇرلىدى، سەركەردە نەنسائادەن ئاللى-قاچان يوغان قورام تاشلارنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ ئۇلارنى كۆ-تۈپ تۇرغانىدى. دۈشمەن ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، يېقىنلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى، لېكىن مېڭىشقا باشقا يول بولمىغاچقا، ئاچچىقىدا قورام تاشقا قاراپ تىللاشقا باشلىدى.

نەنسائادەنمۇ تاقەت قىلالماي، سەكرەپ چىقماقچى بولۇشىغا، چوڭ قوشۇن بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. خور قوشۇنى ئالدى ـ كەينىدىن توسۇلۇپ قالغاچقا، نەنسائادەن تەرەپكە قاراپ ئېتىلىپ باردى. ناشاڭئېرزەن ئالدىدا ئىدى، ۋۇياجۇجى ئۇنىڭ مۈرىسىگە بىر قىلىچ سالدى. بۇنى كۆرگەن خور سەركەردىلىرى دوڭكوڭ-جۇزا بىلەن چاڭنا قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ بېرىپ ئۇنى قۇتقۇز-ماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۈلگۈرەلمىدى. ناشاڭئېرزەننى نەنسائادەن بىر قىلىچ چېپىپلا ئۆلتۈردى. ۋۇياجۇجى كەينىگە بۇرۇلۇپلا چاڭنا ۋە دوڭكوڭجۇزا بىلەن ئېلىشتى، بىراق ئويلىمى-غان يەردە دوچىن كەينىدىن ئاستاغىنا كېلىپ، بىر قىلىچ بىلەنلا ئۇنىڭ بېشىنى چېپىپ تاشلىدى. نەنسائادەن قاتارلىق ئۈچ كىشى يارىلانغاچقا، دوچىن، دوڭكوڭجۇزا، چاڭنالارغا قانداقمۇ تەڭ كېلەلىسۇن؟! ئۇلار ئېغىر يارىلىنىپ، ئاتلىرىدىن يىقىلدى.

ئۇلارنىڭ بېشى ۋە كۆكرەكلىرىدىن قان توختىماي ئاقاتتى. بۇ
چاغدا لىڭ ئېلىنىڭ كېيىنكى قىسمى يېتىپ كەلدى، ئۈچ خور
سەركەردىسى بۇنى كۆرۈپ، ئادەملىرىنى باشلىغان هالدا بىر
قانلىق يول ئېچىپ ئالدىراپ قاچتى.
لىڭ ئېلىنىڭ پېشقەدەم سەركەردىسى سېنلوگرېجې قاتارلىق-
لار نەنسائادەنىنىڭ بۇلۇتقا تاقاشقان يالاسەيۋۇ تاغ تىزمىلىرىغا
بېشىنى قويۇپ، قىزىل قان ئېچىدە ئوگدىسىغا ياتقىنىنى كۆر-
دى، ئۇ گويا شىددەتلىك بىر مەيدان جەڭدىن كېيىن هېرىپ
كېتىپ دەم ئېلىۋاتقاندەكلا ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ بەدىنىدە ئويۇپ
قالغان قان ئۇنىڭ بۇ تاغ بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەنلى-
كىنى بىلدۈرەتتى...
موچىن، ۋۇياجۇجى، نەنسائادەن، تارگۇي قاتارلىق تۆت
قەهرىمان پۇتۇنلەي تالاپەتكە ئۇچرىدى. بۇنىڭدىن پېشقەدەم قەهـ-
رىمان قاتتىق ئازابلىنىپ، كۆز ياشلىرى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاند-
دەك چۇشتى...
ئىككىنچى كۈنى تاڭ سۈزۈلگەندە، خور قوشۇنى ئۈزۈن
سەپ بولۇپ، دوڭكوڭجۇزا، شىنبامىرۇز قاتارلىقلار باشلامچى
قوشۇن؛ سېرىق بارگاه شاهى ۋە لاۋلەيبۇ قاتارلىق توققۇز كى-
چىك شاهزادە ئوتتۇرا سەپ؛ چاڭنا، چاۋچۇنئېتۇ قاتارلىقلار
كەينىدىكى قوغدىغۇچى سەپ بولغان هالدا تاشقىن سۇدەك ئالغا
ئىلگىرىلىدى.
بۇ چاغدا، لىڭ ئېلىنىڭ هەرقايسى يول قوشۇنلىرى قوشۇ-
لۇپ بولدى، ئۇلار خور قوشۇنىغا بىرقانچە قېتىم توسۇپ زەربە
بەرگەن بولسىمۇ، هېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەي، ئەكسىچە
نۇرغۇن ئادەملىرى ئۆلدى ۋە يارىلاندى. گالىگوڭچۇڭ:
— ئېھ، كۆك تەڭرىم! ئېلىمىز نېمىگە دۇچ كەلدى شۇنچە
تالاپەتكە ئۇچرىغۇدەك! — دەپ لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە، كۆڭ-
لىدىكى غەزىپىنى ئىپادىلىدى. پالېيمۇ چەكسىز غەزەپلىنىپ،

قىزارغان كۆزلىرىنى مىدىرلىتاتتى. دارپەننىبىن ۋە گادىي تېخىـ
مۇ بىئارام بولدى، ئۇلار تۆتەيلەن مەسلىھەتلىشىپ، قوراللىرىنى
ئالدى ـ دە، ئاتلىرىغا سەكرەپ مىنگىنىچە خور قوشۇنلىرى
قاچقان تەرەپكە ئۇچقاندەك چاپتى.
خور قوشۇنلىرى كېچە ـ كۈندۈزلەپ يول يۈرۈپ خور دەرياـ
سىنىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن ئۆتۈش ئېغىزلىرىدىن ئۆتۈپ،
تاغدىن ئۆتۈشكە باشلىدى.
خور قوشۇنلىرى خور چېگرىسى ئىچىدىكى بەيمادۇڭمەن نېـ
لۇپەر مەيدانىغا كەلگەندىلا، كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ، لىڭ ئېلى
قوشۇنلىرى دەريادىن ئۆتەلمەيدۇ، ئەمدى بۇ يەردە خاتىرجەم بارـ
گاھ قۇرۇپ دەم ئالىدىغان بولدۇق، دەپ قارىدى. ئۇلار خاتىرـ
جەم يۇك ـ تاقىلىرىنى چۈشۈرۈپ، قازان ئېسىپ غىزا تەييارلاشـ
قا باشلىدى.
كىم بىلسۇن، لىڭ ئېلىنىڭ تۆت قەھرىمانى كۆكۈچ خور
دەرياسىدىن ئۆتۈپ شىددەت بىلەن خور ھەربىي لاگېرىغا ئېتىلـ
دى. پالېي ئالدى بىلەن چاڭناغا دۈچ كېلىپ، بىردەمدە 30 پاي
ئوق ئۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن چاڭنا چاققان بولغاچقا، ئىككى
قولىغا ئىككى پولات ئەينەكنى ئېلىپ، مەيلى ئوق قەيەردىن
ئۇچۇپ كەلمىسۇن، ھەممىسىنى پولات ئەينەككە چۈشۈردى.
دارپەننىبىن خور قوشۇنى ئىچىگە ئېتىلىپ كىرگەندىن كېـ
يىن، قارا بارگاھ قىسىم نيەنبا قەبىلىسىدىكى چۈۋۈجەندۈنى بىر
ئوق بىلەنلا ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، قارا پۆپۈكلۈك قوشۇنىنىڭ نورغۇن
ئادىمىنى يوقاتتى.
گادىي، سېندا شىنبامىرۋزنىڭ قىسمىغا قوغلاپ يەتكەندىن
كېيىن، ئاۋۋال قىلىچلىرىنى ئويناتقىنىچە يول ئېچىپ، باتۇر
چىتۇنەنلاڭنى چېپىپ ئۆلتۈردى، ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى قىزىل
پۆپۈكلۈك قوشۇنىنىڭ مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى. شىنباـ
مىرۋزنىڭ ئۇرۇشقىسى بولمىسىمۇ، لېكىن قول ئاستىدىكىلەرـ

نىڭ ئۆلتۈرۈلۈۋاتقىنىنى كۆرۈپ، قولىدىكى بىرۇنزا قىلىچىنى ئويناتتى ـ دە، گادىي ۋە سىنداغا قاراپ ئەسەبىيلەرچە ئېتىلدى. ئۇ قورالىنى ھەيۋە قىلغىنىچە، گادىي ۋە سىندالارنى كەينى ـ كەينىدىن چېپىۋەتتى.

دەل شۇ چاغدا، گالىگوڭچۇڭ ئالدىراش يېتىپ كېلىپ، شىنبامىرۇز بىلەن تۇتۇشۇشقا باشلىدى، ئاندىن ئۇ گادىي ۋە سىندانى قۇتقۇزۇۋېلىپ چىقتى. لېكىن، بۇ بىرنەچچە لىڭ ئېلى قەھرىمانى قايىل بولماي، يېڭىۋاشتىن كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، خور قوشۇنلىرىنى توختىماي قوغلىدى.

سېرىق بارگاھ شاھى خەتەردىن قۇتۇلغاندىن كېيىن:

— بۇ دەريا ۋادىسىدا لىڭ قوشۇنلىرى قوغلاپ، چېكىنىش يولۇمنى ئۈزۈپ قويغىلى تاس قالدى! — دېدى.

خور ئېلىدىكى ياسىكاما شەھىرىنىڭ شەرقىي قوۋۇقىغا قېچىپ باراي دېگەندە، ئەگەشكۈچىلىرى دەرھال بېرىپ شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىۋېدى، سېرىق بارگاھ شاھى تاقلاپلا ئىچىگە كىرىپ ئۆلۈمدىن ئامان قالدى ـ دە، بۇرۇلۇپلا دەرۋازىنى قاتتىق ياپتى. دارپەن يېتىپ كېلىپ، پولات دەرۋازىغا بىر نەيزە ئۇرۇۋېدى، خۇددى لايغا سانچىغاندەك بىر قارا ئوق كۆزى ئېچىلغان بولسىمۇ، لېكىن سېپىل ئېگىز ۋە پۇختا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرىنىڭ كۈچى ۋە ئادىمى ئاز بولغاچقا ھۇجۇم قىلىپ كىرەلمىدى. بۇ چاغدا، شىنبامىرۇز، دوچېن قاتارلىق خور سەركەردىلىرى جۇماۋنى ئالغان ھالدا گازوڭسېكا شەھىرىگە كىردى.

لىڭ ئېلى قەھرىمانلىرى سېپىل دەرۋازىسىنى ئېچىپ كىرەلمەي، نائىلاج ئۆز ئېلىگە قايتىشتى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى، جۇماۋنىڭ ئىرادىسى بۇرۇنقىدەكلا بولۇپ، ياسىكاما شەھىرىگە كىرىشكە قەتئىي ئۇنىمىدى، سېرىق بارگاھ شاھىنى ئازابلاپ، ئۇنىڭغا پەقەت بويسۇنمىدى. سېرىق بارگاھ شاھى ئامال قىلالماي، سەن

كاجۇيۇ شەھىرىنىڭ يېنىغا ئۆي شەكلى جۇكاڭچاماۋ شەھىرىدىكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان بىر قەلئە سالدى، ئۇنىڭغا «نۇر سىمۋول قەلئەسى» دەپ نام بەردى. جۇماۋ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، شۇ يەردە تۇرۇشقا باشلىدى. ئۆز دۆلىتىنى ئەسلەش، گېسېرنى سېغىنىش ھېسسىياتى ۋاقىتنىڭ ئۆتۇشىگە ئەگىشىپ بارغانسېرى كۈچەيدى؛ قەلبىدىكى قىساس يالقۇنى بارغانسېرى لاۋۇلدىدى! ئەمما، ئۇ قارلىق تاغ ئېلى بولغان لىڭ ئېلىدىن خور قوشۇنلىرى چېكىنگەندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ چوڭ ھوقۇقى چاتوننىڭ قولىغا ئۆتۇپ كەتكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن؟ چاتون قىزىل ئۆچكە ساقىلىنى سىلىغان ھالدا، خىلمۇخىل يامان ئىشلار بىلەن ۋەھشىيلەرچە شۇغۇللىنىۋاتاتتى.

جۇماۋ خور دۆلىتىگە بۇلاپ كېتىلگەندىن كېيىن «نۇر سىمۋول قەلئەسى» دە تۇرۇپ، ئەلنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتتىن قايغۇرۇپ، گېسېرنى ئويلاپ تاماق يېتىماي، ئۇيقۇسى كەلمەي بارغانسېرى ئورۇقلاپ، ئاخىرى كېسەل بولۇپ يىقىلدى. بىر كۈنى ئۇ بىر چۈش كۆردى، چۈشىدە كۆك تەڭرى ئۇنىڭغا جان تومۇرى بولغان ئۈچ تۇرنىنى يەنە ئالاقىچىلىككە ئەۋەتكەندىلا، ئاندىن گېسېرنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

جۇماۋ ئويغانغاندىن كېيىن خۇشاللىقىدا كېسىلى ساقايغاندەك بولدى، لېكىن ئۇ يەنە دەرھال غەم ـ غۇسسىگە چۆشتى: جان تومۇرى بولغان ئۇ ئۈچ تۇرنا ھازىر نەدە؟ ئۇلارنى قانداق قىلغاندا تاپقىلى بولار؟ ... ئۇ شۇلارنى ئويلاۋاتقاندا، ھېلىقى ئۈچ تۇرنا تۇيۇقسىز كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى.

جۇماۋ دەرھال گېسېرغا خەت يېزىپ، بىر تۇرنىنىڭ بوينىغا باغلىدى ـ دە، ئۇلارغا شىمالدىكى ئالۋاستىلار ئېلىگە تېزرەك ئۇچۇپ بېرىپ گېسېر شاھنى تېپىشنى جېكىلىدى.

ئۈچ تۇرنا پەرمان بويىچە كېچە ـ كۈندۈزلەپ ئۇچۇپ شىمالدىكى ئالۋاستىلار ئېلىگە باردى ـ دە، ئالۋاستى ئوردىسىدىن

شىرمەت باتۇر گېسېر شاھنى تېپىپ، خەتنى ئۇنىڭغا سۇندى. گېسېر خەتنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىختىيارسىز كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، چەكسىز ئازاب ئىچىدە قالدى. بىر دەمدىن كېيىن، ئۇ بىر ئىلاھىي ئوقنى شىرەگە قويدى، ئاندىن قەغەزگە مۇنداق دەپ يازدى: «ئەمدى ئالۋاستىلار ئېلى ماڭا تەۋە بولدى، خورنىڭ گۇناھىمۇ چېكىگە يەتتى، مەن لىڭ ئېلىگە تېزلىكتە قايتىپ بارىمەن، ئاندىن خور ئېلىگە يۈرۈش قىلىپ، ياۋۇز دۈشمەنلەرنى قاتتىق جازالايمەن!»

يېزىپ بولغاندىن كېيىن، خەتنى ئىلاھىي ئوققا چىگىپ ئاتتى.

بۇ چاغدا، خورلار ھەر يىللىق ئادىتى بويىچە كۈندۈز ئالۋاستىسىغا نەزىر بېرىۋاتاتتى. ئۇلار نۇرغۇن ياخشى يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ، خۇددى ئاتقا ئوخشايدىغان قورام تاشتىن سېرىق بارگاھ شاھى ئۇچۇن تەخت ھازىرلاپ، زىياپەت ئۆتكۈزدى. كۆپچىلىك شاراب ئىچىپ تازا مەست بولغاندا، ئاسماندا تويۇقسىز قىزىل نۇر چاقناپ، گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە سالدى. سېرىق بارگاھ شاھى تويۇقسىز چىققان گۈلدۈرمىما ئاۋازىدىن جان ـ پېنى چىقىپ، ھەدەپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغىلى تۇردى. ھېلىقى ئىلاھىي ئوق سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ تەختىگە تېگىپ، ئوققا قىستۇرۇلغان پەي بىلەن بىللە سانچىلدى. نۇرغۇن خور پۇقرالىرى چالا ئۆلۈكتەك بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن جۇماۋ ھېچنېمە بولمىدى، ئۇ خۇشاللىقىدىن:

— پادىشاھنىڭ ئىلاھىي ئوقى كەلدى! — دەپ ۋارقىرىدى ـ دە، ئالدىراش قولىنى يۇيۇپ، ئاق خادا بىلەن ئوق ئۇچىنى يۆگەپ، ئىلاھىي ئوقنى تاشتىن ئاستا ـ ئاستا تارتىپ چىقاردى. ئۇ خەتنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىنتايىن ھاياجان بىلەن ئىلاھىي ئوققا مۇنداق دېدى:

— ئەمدى مېنىڭ كۆپ سۆزلىشىم ھاجەتسىز، بۇ خەت مېنى

قانائەتلەندۇردى. ئايرىلغاندىن بۇيانقى ھەسرىتىمنى قۇياش نۇرى خۇددى تۇماندەك تارقىتىۋەتتى! پادىشاھقا تېزرەك قايتىپ كېلىشىنى ئېيتىپ قوي!

ھېلىقى ئىلاھىي ئوق بۇنى ئاڭلاپ توختاۋسىز باش لىڭشىتتى ـ دە، غۇيۇلدىغان ئاۋاز بىلەن جۇماۋنىڭ قولىدىن چىقىپ ئۇچۇپ كەتتى.

ئەتىسى قۇياش كۆتۈرۈلۈشى بىلەن، ئىلاھىي ئوق ئۇچۇپ ئۇچۇپ گويا ھەسەن ـ ھۇسەندەك شىرمەت باتۇر گېسېر شاھنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭغا جۇماۋنىڭ تاپىلىغانلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلدى. شاھ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ۋەزىرى شاڭۋەننى نەچچە تۈمەن ئالۋاستى قوشۇننى خور ئېلىگە باشلاپ بېرىپ، ئاۋۋال ئۇلار بۇلاپ كەتكەن ئات ـ ئۇلاغلارنى تارتىۋېلىشقا، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى شۇ جايدىلا ئېتىپ ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتتى.

ئالۋاستىلار قوشۇنى يۈرۈش قىلىپ كەلدى، سېرىق بارگاھ شاھى گېسېر ئۆزى بىۋاستە قوشۇن باشلاپ كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، دەرھال جەڭگە ئاتلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قىرىلىپ كەتتى. شاڭۋەن نۇرغۇنلىغان ئات، كالا، قوي قاتارلىق چارۋا ماللارنى ھەيدەپ، غەلىبە مارشىنى ياڭرىتىپ قايتتى.

گېسېر شاھ:

— ئەمدى مەن لىڭ ئېلىگە قايتىمەن، — دېدى ۋە مىسابىڭجىيگە ئەقىللىق قىزىل توشقانقۇلاق ئاتنى ئېپكېلىشكە بۇيرىدى. مىسابىڭجىي بۇ ئىلاھىي ئاتنىڭ گېسېرغا يۈرتىنى ئەسلىتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى تۆمۈر يۇگەن سېلىپ نوقتىلاپ، بىر كىچىك ئۆيگە سولاپ قويغانىدى. كىم بىلسۇن، ئات گېسېر شاھنىڭ ئېلىگە قايتىشنى ھەدەپ كېچىكتۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تۆمۈر يۇگەن ۋە نوقتىلارنى ئۈزۈۋېتىپ، شۇمى تېغىغا قېچىپ كەتكەنىدى. مىسابىڭجىي گېسېر شاھنىڭ ئالۋاستىلار

ئېلىدىن ئايرىلىشنى خالىمىسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئالداشقا ئامال قىلالماي، نائىلاج ئۇ ئاتنىڭ نېمە ئۈچۈندۇر غايىب بولغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. پادىشاھ بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، تاغ - داۋانلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ھەممە يەرنى ئىزدىدى. ئۇ شىمالدىكى ئېيىق شەكىللىك قىزىل يۇرەك تېغىغا چىققاندا، لىڭ ئېلىنىڭ تۇمان قاپلىغان ماچىنباتىڭلا تېغىنى كۆرۈپ، ھەم خۇشاللىنىپ، ھەم ھەسرەتلىنىپ، لىڭ ئېلى روھى ۋە تەڭرى ئانىغا دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ، ئىلاھىي كۈچ ئارقىلىق ئىلاھىي ئاتنى چاقىرىپ بېرىشنى ئىلتىجا قىلدى. دۇئا - تىلاۋەت تۈگىگەندە، ماچىنباتىڭلا تېغى چوققىسىدىن بىر پارچە ئاق بۇلۇت كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، بىردەمدىلا شاھ ئالدىغا كەلدى - دە، خۇددى چۈشتىكىدەك شاھنى شۇمى تېغى چوققىسىغا ئېلىپ باردى.

ئۇ يەردە، ئۇ قىزىل توشقانقۇلاق ئاتنىڭ ئۈچ قېتىم كىشىنەپ، ئالدى پۇتلىرى بىلەن يەرنى ئۈچ قېتىم تەپكىنىچە ئالدىغا چېپىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مۇنداق دېدى:

*ئىككىمىز بىرلىكتە ئەرشتىن چۈشۈپ،*
*گۈزەل لىڭ ئېلىدە ياشىدۇق بىرگە.*
*لېكىن بۇ شىمالدىكى ئالۋاستى ئېلىدە،*
*سەن مېنى تاشلاپ كەتتىڭ نېمىشكە؟*

قىزىل توشقانقۇلاق ئات مۇنداق دېدى:

*بىرىنچىدىن قايتىشنى كېچىكتۈردۈڭ سەن،*
*ئىككىنچىدىن سېغىندىم مەن لىڭ ئېلىنى.*
*ئۈچىنچىدىن جۇماۋنىڭ دەردىنى ئويلاپ،*
*قاچتىم ئۆزۈپ مەن تىزگىنىمنى.*



شاھ بۇنى ئاڭلاپ:

— قىزىل توشقانقۇلاق ئىتىم، سۆزلىرىڭنىڭ ھەممىسى ئورۇنلۇق، ئەمدى بىز تېزرەك لىك ئېلىگە قايتىپ بارايلى! — دېدى-دە، ئۇنىڭغا مىنىپ ئازراقمۇ ھايالشىماي ئالۋاستى شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ بەزى ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى. دەرھال قىزىل توشقانقۇلاق ئاتقا مىنىپ، لىك ئېلى تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇيلىمىغان يەردىن مىسابىڭجىيې ھاسىراپ - ھۆمۆدىگىنىچە يېتىپ كېلىپ يولنى توستى.

گېسىر ناھايىتى ئاچچىقلانغان ھالدا:

— سەن ئۆز راھەت - پاراغىتىڭنى دەپ، باشقىلارنىڭ ھەق ئىشىغىمۇ توسقۇنلۇق قىلىۋاتىسەن، ھازىر لىك ئېلى پۇقرالىرى مۇشكۇللۇككە ئۇچرىدى، مەن چوقۇم قايتىپ بېرىپ ئىنتىقام ئېلىشىم كېرەك! — دېدى - دە، قىزىل توشقانقۇلاق ئىتىنى قامچىلىغىنىچە، كەينىگىمۇ قارىماي لىك ئېلىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

سېرىق بارگاھ شاھى بۇ چاغدا قول ئاستىدىكى ۋەزىرلىرىنى جىددىي يىغىپ، گېسىرغا تاقابىل تۇرۇش چارىلىرىنى ئورتاق كېڭەشىۋاتاتتى. ئۇ مۇنداق دېدى:

— گېسىرنىڭ ئالۋاستىلار ئېلىگە كەتكىنىگە ئالتە يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئالۋاستى لەشكەرلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ بۇ يەرگە قاچان كېلىدىغانلىقى تېخى نامەلۇم، لىك ئېلىدىكى چاتوننىڭ پەرىزىمۇ شۇنداق، قارىغاندا ۋاقتىنچە ھېچ ئىش بولمايدۇ. ئەمدى بىز مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى كۈرۈشىمىز كېرەك. بىرىنچىدىن، ھەرقانداق كىشىنىڭ چېگرىدىن سىرتقا چىقىشىغا، شۇنداقلا سىرتتىن يوشۇرۇن كىرىشىگە بولمايدۇ، بۇ ھەرقايسى مۇھىم ئۆتكەللەرنى قاتتىق قامال قىلىپ، دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىشكە پايدىلىق؛ ئىككىنچىدىن، جۇماۋنى ياسىكاما قەلئەسىگە يالاپ ئەپكېلىپ، قاتتىق جازالاش

ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۇنى ئۆزىمىزگە ئىتائەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

شىنبامىرۇز ئىككىنچى تەدبىر نامۇۋاپىق دېگەن بولسىمۇ، لېكىن سېرىق بارگاھ شاھى جاھىللىق بىلەن ئۇنى ياسىكاما شەھىرىگە يالاپ ئەكەلدۇرۇپ قەپەسكە سولىدى ۋە كامبا دەرياسىنىڭ كىچىك ئېغىزى ۋە جايلاردىكى ئۆتكەللەرنى قاتتىق قامال قىلىپ، ھەرقانداق كىشىنىڭ كىرىش - چىقىشىغا يول قويمىدى.

گېسېر شاھ لىڭ ئېلىگە قايتىپ كېلىپ، مادىيادا ساھىلىدا توختىدى، ئۇ بىر چوڭ سودىگەر قىياپىتىدە ياسىنىپ، جاۋاھىرات خالتىسىدىكى بايلىقلارنى تاغ - دالىلارغا چېچىۋىدى، ئۇلار بىردىنلا توپ - توپ كالا، قوي، ئات پادىلىرىغا ئايلاندى، ئاندىن ئۇ ئازادە كىگىز ئۆيدىن بىرنى تىكىپ، شۇ يەردە ئولتۇردى. كۆن بويى ھەممە يەردە لاغايلاپ يۈرىدىغان چاتون مادىيادا ساھىلىدىكى ئەھۋالنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئىنتايىن پەرىشان بولغان ھالدا سېنلوڭرېجېنى چاقىرتىپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

— جىلغىنىڭ ئۇ تەرىپى سېنىڭ باشقۇرۇشۇڭدىكى يەر، ئۇ يەردە ئەزەلدىن بۇنچە كۆپ مال - ۋاران كۆرۈلمىگەن، ئەمدى بۇ نېمە ئىش؟ ئۇلارنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ كەل. ئەگەر گۇمانلىق ئەھۋال بايقالمىسا ئۇلارغا شۇنى ئېيتقىنكى، بۇ يەردە بىر كېچە - كۈندۈز مال باقسا، ئوت - سۇ پۇلى سۈپىتىدە ياخشى ئاتتىن بىرنى تاپشۇرۇشى كېرەك! بولمىسا يېمەك - ئىچمەك، ئوزۇق - تۈلۈكنى بەرمەيمىز!

سېنلوڭرېجىمۇ بۇ ئىشنىڭ بىر ئاز غەلىتىلىكىنى ھېس قىلىسىمۇ، لېكىن باشقۇرماسلىققا جۈرئەت قىلالمىدى - دە، كېسەل بولغىنىغا قارىماي، ئەسكى جۇۋىسىنى كىيىپ، بېشىغا بىر قىزىل دۇبۇلغىنى كىيىپ، بېلىگە بىر تاسمىنى باغلىدى، قىلىچىنى ئېلىپ، بىر ئاقساق ئاتنى مىنگىنىچە ئۆزى يالغۇز يۈرۈپ

كەتتى.

ئۇ كىگىز ئۆيگە كىرىپ، سودىگەرگە سالام بەردى ـ دە، ئۇنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى، نەگە بارىدىغانلىقىنى سورىدى، ئاندىن يولۋاس تېرىسى سېلىنچىسىنىڭ چېتىدە ئولتۇردى.

— سىز سېلىنچىدا بەھۇزۇر ئولتۇرۇۋېرىڭ! — دېدى گېسېر شاھ.

— بۇنداق ئېسىل سېلىنچىدا ئولتۇرغىدەك سالاھىيىتىم يوق! — دېدى سېنلوگرېجې.

شاھ نائىلاج ئۇنى ئىختىيارىغا قويدى. بۇ بىچارە بوۋاينىڭ چۆچىكىنىڭمۇ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ تاۋىقىغا چاي قويۇپ ئۇنىڭغا بەردى.

سېنلوگرېجې بۇ تاۋاقنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. چاي ئىچىۋاتقاندا، ئۇ يەنە گېسېرنىڭ خرۇستال ساپلىق قەلەمتىرىچىنى كۆرۈپ، بىردىنلا ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

گېسېر ئۆز دادىسىنى ئاللىقاچان تونۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن قەستەن ئۇنىڭ نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سورىدى. بۇ سوئال ئۇنىڭ كۆڭۈل سىرىنى تېخىمۇ قوزغىدى ـ دە، ئۆزىنى باسالمىغان ھالدا ئۆزى ۋە لىڭ ئېلىنىڭ ئەھۋالىنى قان يامغۇر يىغلىغان ھالدا بايان قىلىپ بەردى.

گېسېر شاھ ئۆزىنى زادىلا باسالماي «دادا!» دېگىنىچە ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى. سېنلوگرېجې ئالدىدا تۇرغان سودىگەرنىڭ ئۆز ئوغلى گېسېر ئىكەنلىكىنى بىلگەندە، تۇيۇقسىز كەلگەن خۇشاللىقتىن گاڭگىراپ ھوشىدىن كەتتى. گېسېر بوۋاينىڭ بېشىنى قۇچاقلاپ، سۇزۇك ۋە سالقىن ساندال ياغىچى سۈيىنى بوۋاينىڭ كۆكرىكىگە پۈركىگەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇ ھوشىغا كەلدى.

ئاتا ـ بالا كۆرۈشۈپ، مېھىر ـ مۇھەببىتى ئۇرغۇدى. سېنلوگرېجې خۇددى قاراڭغۇ كېچىدە تاڭنى ئارزۇلىغاندەك، خۇ-

شاللىقىدىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، گېپىرنىڭ قوللىرىنى تۇ-
تۇۋېلىپ يۈزلىرىگە يېقىپ، ھاياجانلانغان ھالدا:
— بۈگۈندىن باشلاپ، ئازاب - ئوقۇبىتىم تۈگىدى، مۇرادىم
ھاسىل بولدى — دېدى.
ئۇ قايتىدىغان چاغدا، كۆڭلىدىكى خۇشاللىقىنى باسالماي،
توكۇر ئېتىنى بولۇشچە چاپتۇردى ھەممە قويىنىدىن ياغاچ ساپلىق
پىچىقىنى چىقىرىپ، تەسەۋۋۇرىدىكى چاتونغا قارىتىپ پۇلاڭلاتقى-
نىچە:
— بۈگۈندىن باشلاپ ئەسكىلەرنى نەس باسسا، ياخشىلارنىڭ
كۈنى تۇغۇلىدۇ! — دەپ ۋارقىرىدى.

## يەتتىنچى قىسسە

# شىرمەت باتۇرنىڭ ھەيۋىسى

ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياش ۋە ئۇنىڭدىن تارالغان نۇر سىـ
ھىرلىك قولدەك لىڭ ئىلىنى ئالتۇن رەڭ شەپەققە تولدۇردى.
بۇ چاغدا، گىبىر شاھ مايمۇن ئويناتقۇچى بىر قەلەندەر سىياقىدا
ياساندى ـ دە، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جاڭرىبوكاما كىچىكى ئەترا-
پىدىكى گوڭچىڭ قەلئەسىگە كەلدى.

چاتون گىبىرنىڭ ئالۋاستىلار ئىلىدىن قايتىپ كىلىدىغانلىـ
قى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن بۇيان كۆڭلى بىئارام
بولۇپ، خانىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا دائىم قەلئەنىڭ ياغاچ شوتىسىـ
دىن ئۆمىلەپ راۋاققا چىقىپ تۆۋەنگە كۆز يۇگۇرتىدىغان بولۇپ
قالغانىدى. شۇ كۇنى ھىلىقى دىۋانە سىپىل تۈۋىدە تۇرۇپ ئۇلارنى
كۆرگەندىن كىيىن، مۇنۇ ناخشىنى يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇدى:

*كەلدىم قاقاس، ئەگرى ـ بۈگرى تاغ يولى بىلەن،*
*گويا ئەرۋاھ يىشىلىلىقنى سورۇپ ماڭغاندەك.*
*مۇڭلۇق نەزم پارچىلانغان ئەلگە بىرەر تەسەللى،*
*ئۇندا بار بىر خۇش خەۋەر گويا تىپىشماقتەك.*

ئاندىن ئۇ مايمۇنىنىڭ خادىغا يامىشىش ئويۇنىنى كۆرسىـ
تىپ، چاتوننى بۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىشقا تەكلىپ قىلدى ھەمدە
ئۇنىڭدىن يىگۇدەك بىرنەرسە بىرىشنى تەلەپ قىلدى.

چاتون ئويۇننى كۆرگەچ، بۇ قېرى دىۋانىنىڭ گېپى ئىچىدە گەپ بار، دەپ ئويلىدى ـ دە، گاراڭ ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

— سىلەر جاھان كېزىپ يۈرىسىلەر، كونىلاردا: «خەۋىرى تېز تىلەمچىلەر دائىم چوڭ يولدىن كېلىدۇ»، «گۆش چىشلىگەن قاغا ئالۋاستى ئېلىدىن» دېگەن گەپ بار. سەن ئالۋاستى ئېلىگە بارغانمۇ؟ ئۇ يەردە نېمە ئىشلار يۈز بەرگەنلىكىنى بىلەمسەن؟

قېرى دىۋانە خىرىلداپ كۈلگىنىچە مۇنداق دېدى:

— مەن دەل ئالۋاستىلار ئېلىدىن كەلدىم، ھەر كۈنى كوچىمۇ كوچا ئايلىنىپ يۈرسەم، بىلمەيدىغان ئىشىم بولمايدۇ ـ دە!

— راست شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا، مېنىڭ سەندىن سورايدىغان ئىنتايىن مۇھىم گېپىم بار، — دېگىنىچە، چاتون ئالدىراش ئۆيگە كىرىپ بىر تەخسە تالقان، بىر پارچە سېرىقماي، بىر ئاپقۇر ئېسىل شاراب ئېلىپ چىقتى ـ دە، راۋاقتىن چۈشۈپ:

— سەن ئەگەر راستىنلا ئالۋاستى ئېلىدىن كەلگەن بولساڭ، سېنىڭدىن سورايدىغان بىر ئىش بار، ئىلگىرى مېنىڭ جىيەن ئوغلۇم گېسېر ئالۋاستىلارنى بويسۇندۇرۇشقا كەتكەن، دەسلەپكى ئىككى يىلدا ئۇنى ئۆلدى دەپ خەۋەر كەلگەن، كېيىنكى ئىككى يىلدا ئۇنى تېخى تىرىككەن دېيىشتى، ئەمدى ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىدىن خەۋەر يوق يەنە ئىككى يىل ئۆتتى. دېمەك، ئۇنىڭ كەتكىنىگە جەمئىي ئالتە يىل بولدى. زادى ئۇ غەلىبە قىلدىمۇ ياكى مەغلۇپ بولدىمۇ؟ ئۆلدىمۇ ياكى تىرىكمۇ؟ يېقىندا يەنە ئۇنى ئالۋاستىلار ئېلىدىن قايتىپ كېلىدىكەن دېگەن گەپ تارقالدى، بۇ مۇمكىنمۇ؟ بۇلارنى ئېيتىپ بەرسەڭ، مەن سېنى راسا مۇكاپاتلايمەن! — دېدى.

قەلەندەر قىلچە ئارىسالدى بولماي جاۋاب بەردى:

— سىلەرنىڭ ھېلىقى گېسېر شاھىڭلار ئالۋاستىلار ئېلىگە

بىرىپ غەلىبە قىلمىدى، بەلكى ئالۋاستىلار شاھى ئۇنى تەسلىم قىلغان، ئۇنىڭ ئۆلگىنىگە بەش يىل بولدى.
چاتوننىڭ بۇنى ئاڭلاپ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ قەلەندەر بوۋاينى ئۆز يېنىغا ئولتۇرغۇزدى ـ دە، زىياپەت قىلىپ كۈتۈۋالدى. ئاندىن ئۇنىڭغا يەنە نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەرنى تەقدىم قىلدى. چاتون خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئاغزى بىسىقماي سۆزلەشكە باشلىدى:
— ياخشى! ياخشى! ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم. قۇياش كەچقۇرۇنلىقى بەكرەك ئىسسىيدۇ، ئادەم قېرىغاندا تېخىمۇ بەختلىك بولىدۇ، ئارزۇلىغان بۇ ۋاقتىم ئەمدى يېتىپ كەلدى! مېنىڭ ئۇ يامان جىيەنىم گەپ ئاڭلىماي، ھە دېسە قوشنا ئەللەر بىلەن ئازارلىشىپ، دائىم جېدەل چىقىراتتى، ئۇنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولماسلىقى كېرەك ئىدى!
چاتوننىڭ خانىشى ئالوڭجې گېسېرنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، قاتتىق ئېچىنغانلىقىدىن ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.
چاتون غەزەپلەنگىنىدىن تەختتىن سەكرەپ چۈشكىنىچە كالتەك بىلەن ئۇنىڭ باش ـ كۆزلىرىگە ئۇرۇشقا باشلىدى، تاكى ئالوڭجې ھوشىدىن كەتكەندىلا، ئاندىن ئۇ پېشىنى قېقىپ كەتتى.
قېرى تىلەمچى چىدىيالماي، بېرىپ ئالوڭجېنى ھوشىغا كەلتۈردى ـ دە، ئۇنىڭغا:
— بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە گېسېر ئۆلمەپتۇ، ئۇ ئالۋاستىلارنى ئاللىقاچان تەسلىم قىلغانىكەن، ھازىر ئۇ لىڭ ئېلىگە قايتىپ كەپتۇ، — دېدى.
كىم بىلسۇن، چاتون يىراقتا كەتمەي، بۇلۇڭغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ قېرى تىلەمچىنىڭ گەپلىرىنى يوشۇرۇنچە ئاڭلىۋالغانىدى، ئۇ بىردىنلا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى ـ دە، گەپمۇ قىلالمىدى.
گېسېرنىڭ ئانىسى گاسالاماۋ ئوغلىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدىن ھەممىنى ئۇنتۇدى، ئۇ قېرى تىلەم-

چىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆز ئوغلى گېسىر ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا تونۇدى، ئانا ـ بالا كۆرۈشۈپ ھەسرەتلىنىپ يىغلاشتى. گېسىر شاھ مۇنداق دېدى:

— ئانىجان! كۆڭلۈڭنى بۇزما! مانا مەن قايتىپ كەلدىمغۇ؟ ئەمدى سەن قىزىقچىلىقنى كۆرگىن!

تۆيۇقسىز يەر ـ زېمىن ئۆزگىرىپ، تاغ ـ جىلغىلار قىزغۇچ بىنەپشىرەڭگە كىردى. گېسىر شاھ ئەسلىي قىياپىتىگە كەلدى: چاچلىرى گۈزەل ئالتۇن رەڭگە كىردى، چىرايى خۇددى ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايدەك گۈزەللەشتى؛ پۈتۈن بەدىنىگە تۈرلۈك قۇراللارنى ئېسىپ، سۇرلۇك ۋە ھەيۋەتلىك تۈسكە كىردى. ئۇ ئورمانلىقتا يوشۇرۇنغان قىزىل توشقانقۇلاق ئېتىغا سەكرەپ مىندى ـ دە، چاتون قەبىلىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرىپىدىن ئايلىنىپ كەلـدى. قويۇق چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلۈپ، خۇددى قوشۇن نەرە تارتىپ قوزغالغاندەك ھالەتكە كەلدى.

ئىشىك يوچۇقىدىن بۇ ئەھۋالنى ئېنىق كۆرگەن چاتون ئالاقزادە بولغان ھالدا:

— ئوغرى خوتۇن! گېسىر كەپتۇ، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ سەن دەرھال مىس قازاننى ئۈستۈمگە كۆمتۈرۈپ قويغىن، مېنى ئۆيدە يوق دېگەن! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە، مىس قازان ئاستىغا يوشۇرۇنىۋالدى.

ئالۇڭجى بولسا، خۇشاللىقىدىن گويا بۇلۇتلار سۈرۈلۈپ كۈن نۇرىنى قايتا كۆرگەندەك، دەرھال كۆك تەڭرىگە ئىبادەت قىلىپ، گېسىر شاھنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالدى. شاھ سېپىل دەرۋازىسى ئالدىدا ئېتىنى توختىتىپ، چاتوننى چاقىردى. كىچىك ئانىسى بۇنى ئاڭلاپ، قەلبىدىكى ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا مۇنداق دەپ ناخشا ئېيتتى:

*مەن ئارزۇلىغان تاڭ سەھەر كەلدى،*
*گۈللىنەر قايتا لىڭ ئېلى ئەمدى.*

*ئالۋاستىلارنى يوقىتىپ كەپسەن جىيەنىم،*
*چاتون ئۆيدە تۇرۇشقا قىلالماي جۈرئەت*
*ئوغرىدەك داڭقان ئاستىغا كىرىۋېلىپ،*
*تىلەيدۇ كەڭچىلىك سەندىن، ياش تۆكۈپ.*

— ئوغرى خوتۇن، بۇنداق دېمە! بىراق بۇ مىس قازان بەك كىچىك ئىكەن، كاسامنى ياپالمىدى، مېنى دەرھال ئورۇن - كۆرپە ئاستىغا يوشۇرۇپ قوي! — دېدى چاتون.

بۇ چاغدا گېسېر شاھ ئاتتىن چۈشتى، كىچىك ئانىسى قىزىل توشقانقۇلاق ئاتنى ئۆزى باغلاپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنى ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن ئوردىغا باشلاپ كىرىپ، تەختتە ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن چاتوننى مىس قازاندىن تارتىپ چىقىرىپ، گېسېر شاھنىڭ ئالدىغا ئەپكەلدى، ئۇستەلگە سېرىقماي، تالقان قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى تىزىپ، گېسېر شاھقا خۇشبۇي ئىللىق شارابنى تۇتتى. چاتون تىترىگىنىدىن ئۇستەلنىمۇ جالاقلىتىۋەتتى. شاھ بۇنى كۆرۈپ ھەم ئاچچىقلاندى، ھەم كۈلۈۋەتتى.

چاتون گېسېر شاھ قويغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە جۈرئەت قىلالماي، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قاچماقچى بولۇۋېدى، گېسېر شاھ ئۇنى قولىنى سوزغان پېتى تۇتۇۋېلىپ يەرگە يىقىتتى - دە، كۆكرىكىگە تىزلاپ تۇرۇپ، ئاق ساپلىق قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ بىر چېپىپلا ئۆلتۈرىۋەتكۈسى كەلدى. گېسېر غەزەپلەنگەن ھالدا مۇنۇ بېيىتنى ئېيتتى.

*ئۆچ - ئاداۋەت ئوتىنى تەستۇر ئۆچۈرمەك،*
*قاچالمايسەن قىلمىشىڭ چەكسىز جىنايەت.*
*تاغا دېگەن بولاتتى بەك ئالىيجاناب،*
*قاراقچىلارنى باشلاپ سەن قىلدىڭ خىيانەت.*



*تاغام چاتىشاغىر ئايرىلىپ ئەمدى*
*پانىي دۇنيادىن، پۈكۈلۈپ قەددى.*
*يەتكۈچە بوزەك قىلىنىپ خەلقىم،*
*خانىش جۇماۋ چۇشۈپ ئىبلىس چاڭگىلىغا،*
*ساقايماس جاراھەت قالدۇردى دىلدا...*

*شەپقەت كېرەك ئىدى سەن قېرىنداشقا،*
*جىنايىتىڭ يول قويماس ئەمما بۇنىڭغا.*
*ئويلىسام ئەل ئۇچرىغان بەختسىزلىكنى،*
*بىر قىلىچتا ئالسام دەيمەن جېنىڭنى!*

چاتون ئالاقزادىلىك ئىچىدە رەھىم قىلىشنى تىلىدى:

— جىيەنىم، ئېيتقانلىرىڭ توغرا! لېكىن، تاغاڭنىڭ يۈزى- نى قىلىپ مېنى ئۆلتۈرمىگىن. مەن خور قاراقچىلىرىنىڭ ھىيە- لىسىگە ئۇچراپ، ھوشۇمنى يوقىتىپتىمەن، قانداق يامان ئىش- لارنى قىلغىنىمنىمۇ بىلمەيمەن. مېنىڭ ئوبدان جىيەنىم، ھەر- قانچە يامان بولسامۇ، مەن سېنىڭ تاغاڭ، ماڭا بىر كەڭچىلىك قىلغۇەتكىن...

گېسېر ئويلانغاندىن كېيىن، چاتوننى دەرھال ئۆلتۈرمىدى. ئۆزى ئاتقا مىنىپ، چاتوننى قامچىلىغان ھالدا ئالدىدا ھەيدەپ ماڭدى. كىشىلەر چاتوننى تونۇشى بىلەنلا بىردەك:

— ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەت، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەت! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە كەينىدىن ئەگەشتى. چاتون ئۆزىنى قوغدايدىغان جاي ئىزدەپ چاققانلىق بىلەن بىر ئۆڭكۈرگە كىرىۋالدى.

گېسېر شاھمۇ ئېتىنى توختىتىپ، ئازراق دەم ئالدى ۋە چاتوننىڭ ئۆڭكۈردە قانچىلىك تۇرالايدىغانلىقىغا قارىدى.

بۇ چاغدا، گالىگوڭچۇڭ يىراقتىن قىزىل توشقانقۇلاق ئات- نىڭ ئايىغىدىن چىققان چاڭ - توزاننى كۆرۈپ، شىرمەت باتۇر

گىسىر شاھنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدى ـ دە، ئالدىراش پالىي، سىندا، دارپىنبىن قاتارلىق قەھرىمانلارنى ۋە تەسلىم بولغان بىرنەچچە خور سەركەردىسىنى باشلاپ قارشى ئېلىشقا كەلدى. كۆپچىلىك گىسىر شاھ بىلەن بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشتى، ئاندىن جىلغىدا سالامغا بارغۇچىلار بارگاھنى قورۇپ، يولۋاس تېرىسى سېلىنچىسى سالدى ـ دە، گىسىر شاھنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئاندىن كۆپچىلىك يۈرەك سۆزلىرىنى ئېيتىشىپ، يامغۇردەك كۆز ياشلىرىنى تۆكۈشتى.

چاتون بۇنى ئاڭلاپ، ئۆز جىنايىتىنىڭ ھەقىقەتەن چېكىگە يەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى ـ دە، نائىلاج ئۆمىلەپ چىقىپ، شاھنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ يەنە بىر قېتىم گۇناھىنى تىلىدى.

— سېنىڭمۇ مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالىدىغان كۈنۈڭ بار ئىكەن ـ ھە! — دېدى گالىگوڭچۇڭ غەزەپ بىلەن. بۇنىڭ بىلەن سورۇندىكى ھەممەيلەننىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى تاشتى ـ دە، چاتوننىڭ جىنايەتلىرىنى ئۇ بىر ئېغىز، بۇ بىر ئېغىزدىن ساناشقا باشلىدى، بەزىلىرى بارماقلىرى بىلەن دۈشكەلەيتتى، بەزىلىرى ئۇنىڭغا توختىماي تۈكۈرەتتى، چاتون خۇددى كوچىدىن ئۆتسە ئۇر ـ ئۇرغا قالغان چاشقاندەك بولدى، ئۇ كۆپچىلىككە ھەدەپ كۈچۈكلىنىشكە باشلىدى.

بۇ چاغدا، ھېلىقى ئەقىللىق قىزىل توشقانقۇلاق ئات تاقەت قىلالمىدى ـ دە، چېپىپ كەلگىنىچە ئاغزىنى يوغان ئېچىپ بېرىپ، چاتوننى تىرىك پېتى پۈتۈن يۇتۇۋەتتى. كۆپچىلىك گىسىر شاھنى ئارىغا ئالغان ھالدا شەھەرگە كىردى.

كەچ كىرگەندە، كۆپچىلىك ھېلىقى قىزىل توشقانقۇلاق ئاتنىڭ توختىماي كىشنەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى ـ دە، كەينى ـ كەينىدىن ئات ئېغىلىغا كېلىشتى. ئەسلىدە قىزىل توشقانقۇلاق ئات يوغان بىر نەرسە تېزەكلىگەن بولۇپ، چاتونمۇ تېزەك بىلەن بىللە چۈشكەنىدى، چاتون تېزەك ئىچىدە تۇرۇپ



قالايمىقان ۋارقىرايتتى:

— گېسېر شاھ، ماڭا رەھىم قىلغىن! مەن ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق رەزىل ئىشلارنى قىلمايمەن...

گېسېر شاھ ئۇنىڭ رەسۋاسى چىققانلىقىنى كۆرۈپ، غەزىپى خېلى بېسىلدى ـ دە:

— گۇناھىڭ بويىچە سېنى ئۆلتۈرۈشۈم كېرەك ئىدى، تۇۋۋا قىلغىنىڭنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ساڭا گۇناھىڭنى يۇيۇش پۇرسىتى بېرەي، سېنى بىر چەت جايغا سۈرگۈن قىلاي! — دېدى.

كۆپچىلىكمۇ بۇنىڭغا قوشۇلدى.

گېسېر شاھ چاتوننى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، خورغا ھۇجۇم قىلىشنى كېڭەشكەچ، ئۆچ ئېلىشقا ئالدىرىماي، بەلكى غەلىبىنىڭ قولغا كېلىش خۇشاللىقى ۋە بەختىيارلىقى ئىچىگە چۆمدى!

بىر كۈنى، گېسېر شاھ سەيلە قىلغاچ، سېپىلنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىدىكى كارىدورغا چىقىپ قارىغانىدى، سېپىل تۈۋىدە بىر بوۋاي ـ موماينىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. بوۋاي بىر دەرەخ چىدـ مىلدىقىدا ئولتۇراتتى، موماي ئوت قالاپ تاماق ئەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئوتنى ياقالماي، تىت ـ تىت بولغىـ نىدىن بەدىنىنى تەر بېسىپ، ئوچاق ئالدىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. بوۋاي بولسا بۇنىڭغا قىلچە پەرۋا قىلماي، خۇددى قاققان قوزۇقـ تەك ئورنىدا قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى، كۆرسىمۇ كۆرمەسكە، ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسقا سالاتتى. موماي ئۇنىڭغا بىر قاراپ قوـ يۇپ، ئاچچىقلانغان ھالدا ئۇنى تىللىدى:

— سەن قېرى ئەبلەخ، مەن بۇ يەردە ئوت ياقالماي ئاۋارە بولۇۋاتسام، كۆرۈپ تۇرۇپ ياردەم بەرمەيۋاتىسەن، بۇ قىلىقىڭ ھېلىقى گېسېر بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ؟

— ھەي، ئۇ دېگەن پادىشاھ، مەن بولسام ئاددىي ئادەم، مېنى قانداقمۇ ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرىسەن؟ — دېدى بوۋاي

لايغەزەللىك بىلەن كۈلۈپ.

— دۆلەت ئىشىمۇ، ئائىلە ئىشىمۇ ئوخشاش، چوڭغا سىپ-لىشتۇرۇشمۇ، كىچىككە سىپلىشتۇرۇشمۇ ئوخشاش. شۇنچە كۆپ قىرىنداشلىرىمىزنى خور قوشۇنلىرى قىرىپ تاشلىدى، تېخى گېسىرنىڭ ئەڭ يېقىن خانىشىنى بۇلاپ كەتتى، تاقەت قىلغىلى بولمايدىغان شۇنچە نۇرغۇن ئىشلار يۈز بەرسە، بىر ئەلنىڭ پادى-شاھى بولغان گېسىر بۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى، بۇنداق پەرۋاسىز-لىق پوزىتسىيىسى بىلەن ساڭا ئوخشاش بىر ئائىلە باشلىقىنىڭ بايىقى ئىپادىسىنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى يوق!

گېسىر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، كۆڭلى دەككە - دۈككىگە چۈش-تى، ئۇ قوللىرى بىلەن قىزارغان يۈزلىرىنى تۇتۇپ، ئالدىراش ئۆز تۇرالغۇسىغا قايتىپ كېلىپ، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى…

ئەتىسى گېسىر تېخى تاڭ يورۇماستىنلا قوراللىنىپ، قولى-غا ئوقياسىنى ئېلىپ، كېڭەش بارگاھىدا خور ئېلىغا ھۇجۇم قىلىش پەرمانىنى چۈشۈردى.

بۇ چاغدا بەزىلەر مۇنداق دېدى:

— مۆھتەرەم شاھ، سەن خوردىن قان قەرزىنى تەلەپ قىل-ماقچى بولۇۋاتىسەن، بۇ ناھايىتى توغرا. شۇنداقتىمۇ «ئەزىمەت دائىم باشقا يۇرتتا تۇرسا، ئۆز يېرىدىن مەھرۇم بولىدۇ» دېگەن ماقال بار. شۇڭا بۇ نىيىتىڭدىن يېنىپ، ئۆز تەختىڭدە خاتىرجەم ئولتۇرغىنىڭ تۈزۈك! ئۈچ ئېلىشقا بىزنى ئەۋەتكىن.

گېسىر بۇنى ئاڭلاپ، تەسىرلەنگىنىدىن كۆزلىرىگە ياش ئالدى - دە، مۇنداق دېدى:

— دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماسلىققا بولمايدۇ. لېكىن، خورنى بويسۇندۇرۇشتا ئەقىل - پاراسەتمۇ، باتۇرلۇقمۇ بولۇشى كېرەك. مەن بىر ئادەم بارسىلا بولىدى. ھەممىنى ئاتلاندۇرۇش ھاجەتسىز.

پادىشاھ قارار قىلغاچقا، سورۇندىكى باشقىلار نائىلاج ئۇنىدى-

ـمدى. شۇنىڭ بىلەن، گېسېر ئۆزى يالغۇزلا ئاتقا مىنىپ، خورغا يۈرۈش قىلدى. يول يىراق بولسىمۇ، ئۇ بىردەمدىلا خور زېمىنىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ دەرھال خۇددى چېقىندەك ئۇچىدىغان ئىلاھىي ئوقنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ۋەزىپىنى تەپسىلىي ۋە ئېنىق چۈشەندۈردى ـ دە، ئاندىن ئوقنى ئاتتى، ئوق گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ خۇددى بىر بىنەپشىرەڭ چاقماقتەك بوشلۇقتا ئۇچۇپ كەتتى.

سېرىق بارگاھ شاھى ئۇچۇن قورولنى ساقلاۋاتقان ئۈزۈن بىلەك، ئورا كۆز، كۈچتۈڭگۈر ئۈچ ئالۋاستى ئوق ئاۋازىنى يىراقتىنلا ئاڭلاپ، ئىنتايىن ھەيران قالدى. ئورا كۆز يىراققا قاراپ چۆچۈگەن ھالدا:

— بولمىدى! بىر ئوق بىزگە قاراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتىدۇ! ئۇنى تېز تۇتۇۋال — دېدى. ئۈزۈن بىلەك بىلەكلىرىنى ئاچتى، ئىككى ئالۋاستى ئۇنىڭ كەينىدىن چىڭ قۇچاقلىدى. بۇ چاغدا، ئۈزۈن بىلەك ئىلاھىي ئوقنى بېلىدىن تۇتۇۋېلىپ، چىڭ سىقىمـ ـداپ قويۇۋەتمىدى. ئۈچ ئالۋاستى ئىلاھىي ئوقنى تارتىپ چۈشۈـ رەي دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئوقنىڭ كۈچى تەڭداشسىز بولغاچـ قا، ئوق بۇ ئۈچ ئالۋاستىنى بوشلۇققا ئېلىپ چىقتى ـ دە، ئۇلارنى بىراقلا دولقۇنلۇق خۇاڭخې دەرياسىغا تاشلاپ غەرق قىلىـ ـدى.

گېسېر يولنى توختىماي داۋاملاشتۇردى. بىر تاغدىن ئۆتـ ـكەندە، تۇيۇقسىز تاش يار ئۆڭكۈر ئىچىدىن بىر ئۈزۈن مۈڭگۈزـ لۈك ياۋا كالا چىقتى، ئۇنىڭ قان رەڭلىك تىلىدىن ئوت ياناتتى، قارا قۇيرۇقى خۇددى قۇيۇنغا ئوخشايدىغان قارا بۇلۇتقا، ھۆركىـ ـرىشى گۈلدۈرمامىغا ئوخشايتتى، بۇ خور سېرىق بارگاھ شاھىـ ـنىڭ ئەرۋاھ كالىسى ئىدى. گېسېر ئالدىرىماي ـ تېنىمەي بىر ئوق ئېتىۋېدى، ئوق ئۇنىڭ پېشانىسىدىن كىرىپ قۇيرۇقىدىن چىقىپ كەتتى، ئۇ كالا بىردەمدىلا تاش يار ئۈستىدىن يىقىلىپ



چۈشتى. پادىشاھ كالاقىنى ئارقى-
لىق كۆك تەڭرىگە نەزىر قى-
لىپ، يەنە يولىنى داۋاملاشتۇر-
دى.

گېسىر شاھ خور ئېلىنىڭ
دۆلاچاك تېغىغا چىققاندا، ھې-
لىقى قىزىل توشقانقۇلاق ئات
تۇيۇقسىز يەرگە يېتىۋېلىپ،
پەقەت ماڭغىلى ئۇنىمىدى. پا-
دىشاھ دىمىقتا بولۇپ: «بۇ نېمە
ئىشتۇ؟» دەپ ئويلىدى.

ئەسلىدە يول بويىدىكى تام
ئىچىدە يۈز مىڭ بوت بار بو-
لۇپ، بوتلارنىڭ يېنىدا چاتىشا-
غىر ئۆلگەندىن كېيىن ئۆزگەر-
گەن قۇرغۇي ئۇۋىسى بار ئى-
دى. ئەسلىدە چاتىشاغىر سې-
رىق بارگاھ شاھىدىن ئىنتىقام
ئېلىشقا قەسەم قىلغانلىقتىن
ئۆلگەندىن كېيىن روھى بىر
قۇرغۇينىڭ جەستىدە تىرىلگە-
نىدى. گېسىر قىزىل توشقانقۇ-
لاق ئاتنىڭ نېمە ئۈچۈن ماڭماي
تۇرۇۋالغانلىقىنى بىلەلمەي،
ئۇنىڭ ياش مۆلدۈرلەپ تۇرغان
كۆزلىرىگە قارىۋېدى، قىزىل
توشقانقۇلاق ئات مۇنداق دېدى:

— ۋاي - ۋۇي خوجايىن!

سەن ئاكاڭنى ھەر كۈنى سېغىناتتىڭ، ئەمدى ئاكاڭ مانا ئۆز قېشىڭدا تۇرمامدۇ!

گېسېر ھەيران بولغان ھالدا بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋېدى، دېگەندەك بىر قۇرغۇينىڭ قېشىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ گويا ئاكىسى چاتسشاغىرنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى شۇ ئەسنادا قۇرغۇي تۇيۇقسىز ئېغىز ئاچتى:

— مېنىڭ ياخشى ئىنىم، ئەمدى سەن ئاخىرى يېتىپ كې- لىپ ئۆچ ئالىدىغان بولدۇڭ!

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئىنىسىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئۇنىڭ تۇند- نى چىشلەپ قويۇۋەتمىدى. ئاكا - ئىنى ئىككىسىنىڭ شەكلى ئوخشاشمىسىمۇ، كىشىنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزىدۇۋەت- كۈدەك يىغا - زارە قىلىشتى، بىر ھازادىن كېيىن، گېسېر مۇنداق دېدى:

— ئاكا، سەن ۋە لىڭ ئېلىدىكى سانسىز قېرىنداشلىرىمىز ۋەتەن ئۈچۈن ئۆزىنى تەقدىم قىلدى، مەن چوقۇم خور سېرىق بارگاھ شاھىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرۈپ ئىنتىقام ئالىمەن!

قۇرغۇي بۇنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتقىنىچە، ئايرىلغۇسى كەلمىگەن ھالدا ئۇچۇپ كەتتى.

گېسېر قۇرغۇي بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، ئىنتىقام ئوتى تېخىمۇ ئۇلغايدى، ئۇ ئالدىراش يولغا چىقىپ، ئالۋاستى ئۆتكىلىدىن ئۆتتى - دە، خور سېرىق بارگاھ شاھى تۇرۇشلۇق قەلئەگە قاراپ كەتتى.

بۇ دەل يىل بېشى، قىش بىلەن باھارنىڭ گىرەلەشكەن ۋاقتى ئىدى. خور يېرىدە تىزغا كەلگۈدەك قېلىن قار - مۆلدۈر يېغىپ، نۇرغۇن ئادەم ۋە مال - چارۋىلارنى ئۆلتۈرگەنىدى، خور دەرياسى كېچىكى مۆلدۈر ۋە مۇز پارچىلىرى بىلەن قاپلىنىپ مۇز مۇنارلىرىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. بۇ يەتتە كۈن جەرياندا دەريا سۈيى مۇز تۇتۇپ كەتكەچكە، ھەتتا كىشىلەرنىڭ سۇ ئېلىشىمۇ

قىيىنلاشقانىدى.

گېيىر شاھ بىر قېرى شەيخكە ئايلىنىپ قىزىل توشـقانقۇلاق ئاتنى بىر ھاسىغا ئايـلاندۇرۇپ ھېلىقى مۆلدۈر ئاـپتى بولغان يەرگە كەلدى - دە، قار - مۇزلار ئۈستىدە ئوڭدىسىغا ياتتى. غەلىتە ئىش، ئۇنىڭ ئەتراپىدا كۈن نۇرى چاقناپ، مۇزلار ئېرىپ، سۈزۈك سۇلار مەيىن دولقۇن ياساپ ئېقىشقا باشلىدى، لېـكىن باشقا يەرلەر يەنىلا قار - مۇزلار بىلەن قاپلانغانىدى.

ئۇ يەردە ياتقان قېرى شەيخ غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا زوڭ ئولتۇرغان بىر ئاپئاق ئەركەك شىر پەيدا بولـدى. ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېـچىپ، ياسكاما شەھىرىگە غەـزەپلىك تىكىلگەن ھەمدە ھېلىـقى پۇختا سېپىل دەرۋازىسىنى يانجىيدىغان قىياپەتكە كەلگەنـدى. ئەركەك شىر بىر ھۆرـكۈرىۋېدى، يەر - زېمىن زىلـزىلىگە كەلدى. بىردىنلا ئاسـماندا تومەنلىگەن يۇلتۇزلار چاقناپ ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈز



مىڭ ئېيىق پەيدا بولدى.

بىردەمدىن كېيىن، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرى يوقىلىپ، قېرى شەيخ قىياپىتىگە قايتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، خور ئېلىدە شۇملۇق ئالامەتلىرى ئۈز-لۈكسىز يۈز بەردى، مۆلدۈر چۈشۈپ ئۈزۈن ئۆتمەيلا، خور ئالتە دەرياسى ئىچىدىكى قوڭۇر رەڭ چوڭ دەريادا تۇيۇقسىز ئاجايىپ بىر چوڭ بېلىق پەيدا بولدى، ئۇ كىچىك دەريالارنى يۇتۇۋېتىپ، چوڭ دەريانى دېڭىزغا ئايلاندۇرۇپ، بېلىقچىلار ئائىلىسى ياشايدى-غان 12 كەنتنى پۈتۈنلەي سۇغا غەرق قىلدى.

سېرىق بارگاھ شاھى بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ئانچە پىسەنت قىلىپ كەتمىدى. ئۇ كۆڭلىدە بۇنى بىر تەبىئىي ئاپەت، ئادەتتىكى ئىش، دەپ ئويلىدى. گەرچە شىنبامىرۇز تەكرار ئا-گاھلاندۇرۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا پەرۋا قىلماي يۈرۈۋەردى.

شۇ كۈنى سېرىق بارگاھ شاھى مەلىكە گۈمالاۋ، دېدەك دارمۇ قاتارلىقلارنى ئېلىپ، مارجان سۇپىسىغا بېرىپ، شەھەر سىرتىنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدى. تۇيۇقسىز، ئۈچ قەۋەت-لىك سېپىل دەرۋازىسىدىن غەلىتە ئۈچ نەپەر ياش چىقىپ كەل-دى، ئۇلارنىڭ مۇسكۇللىرى ئاق قۇلۇلىدەك ئاق، چىرايى قىپ-قىزىل، قامەتلىك ئىدى. ئۇلار قوللىرىغا نەيزە ئېلىپ، مايمۇن يېتىلەپ، ئېشەك ھەيدەپ كېتىۋاتقان، ھەربىكىتى سىرلىق بول-غاچقا، سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ: «ئۇلار نەدىن كەلگەندۇ؟ ئەمدى نەگە بارار؟» دەپ ئويلىدى ـ دە، ئۇلاردىن ئەھۋال ئۇقۇشقا ئادەم ئەۋەتتى.

سوراش ئارقىلىق مەلۇم بولدىكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سەر-گەردانلار بولۇپ، بارلىق ئەللەرنى دېگۈدەك ئايلىنىپ چىققان، پەقەت خور ئېلىلا ئۇلارغا تونۇشلۇق بولمىغاچقا، بۇ يەرنى كۆ-رۈشكە كەلگەنىكەن.

سېرىق بارگاھ شاھى مەلۇماتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇلارغا بولغان قىزىقىشى ئېشىپ، ئۇلارنى شۇ ھامان ئالدىغا چاقىرتىپ سورىدى:

— ئاڭلىسام سىلەر ھەممە يەرنى ئايلىنىپسىلەر، ئۇنداقتا سىلەر شىمالدىكى ئالۋاستىلار ئېلىگە بارغانمۇ؟ ئۇ يەردە نېمە ئىشلار يۈز بەرگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟

— بىز بىرنەچچە يىل ئىلگىرى ئالۋاستىلار ئېلىگە بارغان، ئۇ چاغدا لىڭ ئېلىدىكى گېنېرال ئالۋاستىلارنى يوقىتىشقا بارغاندى، كېيىن گېنېرال كۆپ دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمەي، ئالۋاستىلارنى تەسلىم قىلىش تۇگۇل، ئالۋاستىلار ئۇنى يەۋەتكەنىدى، — دېدى ئۇلار.

سېرىق بارگاھ شاھى بۇنى ئاڭلاپ، شۇئان خۇشاللىقىدا:

— خۇش خەۋەرنى مانا ئاخىر ئاڭلىدىم، تەلىيىمگە گېنېرال ئۆلۈپ، مېنىڭ كۈچلۈك دۈشمىنىم قالماپتۇ، ئەمدى ئۆمۈر بويى خۇشال ياشايدىغان بولدۇم، — دېدى.

ئۇ ساقاللىرىنى سىلاپ، كۆرەڭلىگەن ھالدا يولۋاس تېرىسىدىن قىلىنغان يېپىنچا ئىچىدە غادايغىنىچە جايىغا بېرىپ ئولتۇردى.

ھېلىقى ئۈچ ياش سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ ئىنتايىن خۇشال بولغىنىنى كۆرۈپ، مايمۇنغا ھەر خىل ئاجايىپ ئويۇنلارنى ئوينىتىشقا باشلىدى. سېرىق بارگاھ شاھى ۋە مەلىكە، دېدەكلەر ئەزەلدىن مۇنداق ئېسىل ئويۇننى كۆرمىگەچكە، ھەيرانلىقتىن ئېغىزلىرىنى ئېچىپ قېلىشتى. ئۇلار داڭ قېتىشقانلىرىچە كۆرۈشۈپ، ھەتتا كەچ كىرگەنلىكىنىمۇ بىلەلمىدى.

بۇ ئۈچ ياش ئىچىدىكى ئاجا ئىسىملىك بىرى مۇنداق دېدى:

— ئەڭ ئېسىل ئويۇن مايمۇننىڭ تەختىراۋان كۆتۈرۈشى بولۇپ، ھىندىستان لاماسىغا تەختىراۋان كۆتىرىش ئويۇنىنى كۆرسىتىپ بەرسەك، ئۇ بىز ئۈچىمىزگە 18 ئاتلىق دورا —



دەرمەك ۋە 18 قېچىرلىق رەخت بەرگەن، شۇنداقتىمۇ ئۇلار هېچقانداق زىيان تارتمىغان، چۈنكى ئۇنىڭ هوقۇق كۈچى تېخىمۇ ئاشقان، خانىشنىڭ زىبۇزىننەتلىرىمۇ زىيادە كۆپەيگەن. جۇڭگو پادىشاهىمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بىر توپ تاۋار - دۇردۇن ئېپكېلىپ بىزنى تەختىراۋان ئويۇنىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغانىدى، بىز ئۇنىڭغا بىر مەيدان تەختىراۋان كۆتىرىش ئويۇنىنى كۆرسىتىپ بەرگەندىن كېيىن ئۇ پادىشاهنىڭ ئۆمرى ئۇزارغان، خانىش چەكسىز بەخت - سائادەتلىك بولغان.

سېرىق بارگاه شاهى بۇنى ئاڭلاپ، بۇ ئۈچ ياشنىڭ مەقسىتىنى ئۇقۇپ:

— سىلەر بىزنىڭ خور ئېلىگە كەلگەنىكەنسىلەر، قانداقلا بولمىسۇن ماڭا تەختىراۋان كۆتىرىش ئويۇنىنى كۆرسىتىپ بېردسىلەر. بىزنىڭ قىزىل، قارا جەمئىي 12 چوڭ بارگاهىمىزدىن سىلەرگە نېمە لازىم بولسا، شۇ هەدىيە قىلىنىدۇ، — دېدى.

ئاجا مۇنداق دېدى:

— بۇگۈن كەچ بولۇپ قالدى. سېرىق بارگاه شاهى بۇ ئويۇننى كۆرۈشنى قارار قىلغانىكەن، ئۇنداقتا ئەتە سەهەردە 12 قەبىلە كىشىلىرىنىڭ يىغىلىپ بىرلىكتە ئويۇن كۆرۈپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە تەكلىپ قىلىمىز.

شۇ كۈنى كەچتە بۇ ئۈچ ياش بىر يەرنى تېپىپ يېتىپ قالدى. سېرىق بارگاه شاهى ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن، 12 چوڭ قەبىلىگە ئەتىسى ئەتىگەندىلا مايمۇن ئويۇنىنى كۆرۈش توغرىسىدا مەكتۇپ ئەۋەتتى. ئەتىسى قۇياش زېمىننى ئالتۇن نۇرغا پۈركىگەندە، سېرىق بارگاه شاهى هېلىقى ئۈچ سەرگەرداننى ئوردىغا چاقىرتىپ كەلدى، هەرقايسى قەبىلە كىشىلىرىمۇ يىغىلدى.

سېرىق بارگاه شاهى سەرگەردانلارنىڭ تەلىپى بويىچە بېشىغا خورچە ئات قۇيرۇقى باش كىيىمى ۋە شاهانە تونىنى كىيدى،

ئاجا قاتارلىقلار ئۈچ نەيزىنى ئۈچ مايمۇننىڭ قوللىرىغا تۇتقۇز-
دى، نەيزىلەردىن قىلىنغان ئورۇنغا گۈزەل ۋە ئالىچىپار يولۋاس
تېرىسى كۆرپىسىنى سېلىپ، سېرىق بارگاھ شاھىنى ئۇستىگە
ئولتۇرغۇزدى. ئاجا:

— شاھ ئالىيلىرى، سىز بۇ قامچىنى ئېلىپ، قايسى ماي-
مۇن گەپ ئاڭلىمىسا، شۇنى قامچىلاڭ! — دېدى.

ئۈچ مايمۇن سېرىق بارگاھ شاھىنى ئاسمانغا يەڭگىللا كۆ-
تۇردى.

سېرىق بارگاھ شاھى كېرىلىپ كەتتى، كۆڭلىدە: «ئەمدى
مەن قۇشلاردەك بوشلۇقتا ئۇچۇۋاتىمەن، يۇقىرىدا تۇرۇش دېگەن
مانا شۇ» دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ مايمۇنلارغا يەنىمۇ
ئېگىزرەك كۆتۈرۈشنى، قانچە ئېگىز بولسا شۇنچە ياخشى ئىكەن-
لىكىنى ئېيتتى.

مايمۇنلار بۇ گەپ بويىچە، سېرىق بارگاھ شاھىنى بارغانسې-
رى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بۇلۇتلار قاتلىمىغىچە يەتكۈزدى.

سېرىق بارگاھ شاھى تۇيۇقسىز بېشى ئايلىنىپ، نەپەس
ئېلىشىنىڭ قىيىن بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ دەرھال
مايمۇنلارغا تېزرەك يەرگە چۈشۈشنى بۇيرۇدى.

سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ بەدەنلىرىدىن چىلىق - چىلىق تەر
قۇيۇلۇشقا، لەۋلىرى توختىماي تىترەشكە باشلىدى، لېكىن نەيزە
ئورۇندۇق خۇددى قۇش پەيلىرىنى شامال ئۇچۇرغاندەك توختىماي
يۇقىرى ئۆرلەيتتى.

بەزى خور پۇقرالىرى قوللىرىنى پېشانىلىرىگە قويغىنىچە
ئاسمانغا قاراپ، قورقۇنچقا چۈشتى. نۇرغۇن كىشىلەر خۇشلۇقتىن-
دىن قاقاقلاپ كۈلۈشكەنلىرىچە قىزىقچىلىقنى كۆرۈشكە باشلىدى-
دى.

بۇ چاغدا، ئىككى مايمۇن نەيزە ئورۇندۇقنى پەسكە، يەنە
بىر مايمۇن بولسا ئورۇندۇقنى كۈچ بىلەن يۇقىرىغا تارتقانىدى،

سېرىق بارگاھ شاھى ئېسىلىپ قالدى. ئۇ جان ئاچچىقىدا مايمۇنلارنى قامچىلاشقا باشلىدى. مايمۇنلار ئالدىراشلىقتا قولىلىرىنى بوشىتىشى بىلەن، سېرىق بارگاھ شاھى ۋارقىراشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، 49 ئەۋلاد ئوردىسىنىڭ ئەۋرەز كۆلچىكىگە چۈشۈپ كەتتى. پۇقرالار بۇنى كۆرۈپ قوسقىسى كەلسىمۇ ئۇندىيەلمىدى. ئاخىرىدا يەنىلا دوچىن قاتارلىق سەركەردىلەر نەيزە ئۇچىغا بىر تۆمۈر ئىلمەكنى قىستۇرۇش ئارقىلىق سېرىق بارگاھ شاھىنى سۇزۇپ چىقتى. سېرىق بارگاھ شاھى قورقۇپ كەتكىنىدىن ھوشىدىن كېتىپ، سېزىمنى يوقاتقانىدى. مەيداندىكى كىشىلەر چىلەكتە سۇ ئەكېلىپ، ئۇنى پاكىز يۇغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئاستا - ئاستا ھوشىغا كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ بەدىنىدىن دائىم كىشى يىرگىنىدىغان سېسىق پۇراق چىقىپ تۇرىدىغان بولدى.

ئۇ ھوشىغا كېلىشى بىلەنلا، قول ئاستىدىكىلەرگە دەرھال ھېلىقى ئۈچ ياشنى تۇتۇپ كېلىپ بېشىنى ئېلىشنى بۇيرۇدى، شۇ چاغدىلا كىشىلەر بۇ ئۇچەيلەننىڭ ئىز - دېرەكسىز يوقالغانلىقىنى بايقىدى.

سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ خىجىللىقى غەزەپكە ئايلىنىپ دەردىنى چىقىرىدىغان ئادەم تاپالمىدى - دە، كېچىكىپ كەلگەن شىنبامىرۇزغا:

— زۆرۈر چاغدا كەلمەيسەن، كېرەك بولمىغان چاغدا سۆرۈلۈپ كېلىسەن، كۆرۈپ تۇرۇپ قۇتقۇزماي، ماڭا زىيانكەشلىك قىلدىڭ! بەختىمگە ئامىتىم بار ئىكەن، خەتەرگە يولۇقساممۇ، قۇتۇلۇپ قالدىم، — دەپ چېچىلغىنىچە، پېشىنى قېقىپ چىقىپ كەتتى.

مايمۇننىڭ تەختىراۋان كۆتۈرۈش ھېلىسى سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ ئۇيقۇسىنى ئاچالمىدى، شۇڭا، خور چېگرىسى ئىچىدە يۈز بېرىدىغان غەلىتە ئىشلار ئۇدا ئۇزۇلمىدى. بىر كۈنى، بىر



سودا كارۋىنى ساجۇيۇ دىگەن يەر-
دە تۇيۇقسىز پەيدا بولدى. بۇ،
خور سەركەردىلىرىنىڭ قارىغا
ئىتىش مەيدانى، سىرىق بارگاھ
شاھىنىڭ مەشىق مەيدانى،
خورنىڭ مۇھىم ھەربىي ئىشلار
ئورنى بولۇپ، ئالاھىدە كىشى-
لەردىن سىرت، ئادەتتىكى كى-
شىلەرنىڭ بىر قەدەم يېقىنلى-
شىشىغىمۇ يول قويۇلمايتتى.
بۇ گۈزەل يايلاقتا بىر سۇزۇك
ئېقىن بولغاچقا، بۇ يەر قوشۇن-
نى مەشىق قىلدۇرۇش ۋە ھەر-
بىي ئاتلارنى بېقىشتىكى بىر
ياخشى جاي ئىدى.
سودا كارۋىنى بۇ يەرگە
چېدىر تىكىپ، 60 چوڭ ئىتنى
تۆت تەرەپتىن قوغداشقا قويدى.
ئۇلار يەشىك - يەشكلەپ
خۇش پۇراق قارا چايلارنى
ئاسمان - پەلەك دۆۋىلىۋەتتى،
قىپقىزىل باغلايدىغان ئارغامچىلى-
رى ئېرىقتىنمۇ ئۇزۇن ئىدى،
رەخت، تاۋار - دۇردۇن، ئال-
تۇن زىننەت بۇيۇملىرى پارقى-
راپ كۆز قاماشتۇراتتى.
سىرىق بارگاھ شاھى ئال-
تۇن ۋە قاشتېشى بايلىقلارغا

كۆزى قىزىرىپ، قوشۇن ئەۋەتىش ئارقىلىق سودىگەرلەرنىڭ چېدىرلىرىنى ۋەيران قىلىپ، بارچە بايلىقلىرىنى مۇسادىرە قىلدـ ماقچى بولدى. لېكىن، خور شاھزادىسى گارۋاۋۇنا بۇنى توغرا تاپماي مۇنداق دېدى:

— خور ـ لىڭ ئۇرۇشىدىن بۇيان، بىز گەرچە ھەرقايسى مۇھىم ئۆتكەللەرنى كېچە ـ كۇندۇز قوغداۋاتقان بولساقمۇ، لېـ كىن يېقىندا قەلەندەر، سەرگەردان، شەيخ قاتارلىق نەدىن كەلـ گەنلىكى نامەلۇم بولغان كىشىلەر ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇردى، بۇ بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قوزغىشى كېرەك. بۇ سودا كارۋىنىنىڭ كېلىشىمۇ غەلىتە، ئۇلار قايسى چېگرىدىن ئۆتۈپ بۇ يەرگە كەلـ دى؟ بۇنى ئوبدان ئېنىقلىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېقىندىن بۇيان بىزنىڭ دۈشمەن قىلىۋالغان ئوبىيېكتلىرىمىز كۆپ، تارتقان زىيانلىرىمىزمۇ جىق، ئەگەر يېنىكلىك بىلەن قوشۇن ئەۋەتىپ، كارۋاننىڭ چېدىرلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلـ ساق، ئاقىۋىتى ياخشى بولماسمىكىن؟

دوچىن ياخشى ـ يامىنىنى سۈرۈشتۈرمەيلا گەپ قىستۇردى:

— سىلەر دائىم بىزنى نەس باستى دەيسىلەر، لېكىن تا ھازىرغىچە بىز شۇنچە ياخشى تۇرمامدۇق؟ مېنىڭچە، بىز يەنىلا پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە سودىگەرلەرگە ھۇجۇم قىلايلى.

چاڭنا مۇنداق دېدى:

— تاماقنى پىشقاندىن كېيىن يېيىش كېرەك. بىز ئاۋۋال ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارغا سۇ ۋە ئوت ـ چۆپ پۇلى تاپشۇرۇشنى ئېيتايلى، ئەگەر تاپشۇرمىسا، ئاندىن لەشكەر ئەۋەتسەكمۇ كېـ چىكمەيمىز!

سېرىق بارگاھ شاھى بۇنىڭ داۋلىسى بار دەپ ئويلاپ، شىنبامىرۇزنى ئەھۋالنى ئۇقۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

شىنبامىرۇز رەتلىك كىيىنىپ، ئوقياسىنى ئېلىپ، ئوقدېـ نىنى بىلىكىگە ئاستى ـ دە، ئاق قاشقىلىق چىپار ئېتىنى مىـ

نىپ، پاردەمچى سەركەردە بىلەن سودا كارۋىنى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار سودا كارۋىنىنىڭ چېدىرى قېشىغا كەلگەندە، ئۈچ سودىگەرنىڭ كۆلۈشكەنلەرچە نېمىدۇر بىر نەرسىنى مەسلىھەتلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى، لېكىن ئىتلار قاۋاپ تۇرغاچقا، نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇلار كىرىۋېرىشكە جۈرئەت قىلالماي، بۇرۇلۇپلا سۇ قايىنىتىدىغان چېدىرغا كىردى. خىزمەتچىلەر ئۇلارغا سوغۇقلا كۆلۈپ قويۇپ، ھېچقايسىسى ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا ئېرەن قىلمىدى.

بىر دەمدىن كېيىن، خىزمەتچىلەردىن بىرى ئالدىغا كېلىپ:

— چېدىرىمىز ئالدىدا سىلەر نېمىلەرنى دېيىشىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

شىنبامىرۇز كېلىش سەۋەبىنى دەرھال چۈشەندۈردى، بۇنى ئاڭلاپ ھېلىقى خىزمەتچى ئاچچىقلانغان ھالدا:



— ۋاي ـ ۋويْ، تازىمۇ قالايمىقان سۆزلەيدىكەنسەنغۇ! شەرقتىكى گۈللەنگەن خەن يېرىدىن غەربتىكى بۇددا ئېلى ھىندىستانغىچە كارۋىنىمىز قانچە قېتىملاپ ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەزەلدىن ئوت ـ سۇ پۇلى دېگەننى تاپشۇرمىغانىدۇق، قېرىشقاندەك سىلەرنىڭ ئېلىڭلاردا بىزنىڭ چېدىر تىكىشىمىزگە يول قويمايۋاتىسىلەر، شۇنداقمۇ ئىش بولىدىكەن ـ ھە! ئەگەر سىلەرنىڭ ھېلىقى سېرىق بارگاھ شاھىڭلار ھەقىقەتەن بىزنى تەھدىت بىلەن قورقۇتماقچى بولسا، بولىدۇ! بىز بىر قەدەممۇ يۆتكەلمەيمىز! بۇنىڭدىن كېيىن بارلىق ئات ـ قېچىرلارنىڭ سۇ ۋە يەم ـ خەشىكىنى پادىشاھىڭلار ئۆز ۋاقتىدا كېچىكتۈرمەي تەمىنلىسۇن! ئەمدى سىلەر دەرھال يوقىلىڭلار، بولمىسا مەن ھازىرلا ئىتلارنى قويۇۋېتىمەن. ئۇلارنىڭ سىلەرنى چىشلەپ، باش ـ كۆزۈڭلارنى قان قىلىۋەتمىگىنىنى مەن بىر كۆرەيْ! — دېدى.

شىنبامىرۇز كۆڭلىدە: «بۇگۈن بۇ يەرگە كېلىپ بىزنى تازا نەس باستى ـ دە، ئۇنىڭ بىزنى تىللىغىنى ئاز دەپ، ئىتلىرىغىمۇ تالىتىدىغان ئوخشايدۇ!» دەپ ئويلاپ ئىختىيارسىز قورقۇنچقا چۈشتى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى باتۇر كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى:

— ھەيْ، سەن خىزمەتكار، پوزىتسىيەڭ تاشتىنمۇ قاتتىق، مىجەزىڭ قوتازدىنمۇ قوپال ئىكەن! ئېلىمىز باشقا يەرگە ئوخشىمايدۇ، سىلەرنىڭ خالىغانچە ھەرىكەت قىلىشىڭلارغا، ئەركىن بېرىپ ـ كېلىشىڭلارغا يول قويۇلمايدۇ! بۇگۈن سەن بىئەدەپلىك قىلغان بولساڭمۇ كۆڭلۈمگە ئېلىپ كەتمەيمەن، لېكىن جاھىللىق بىلەن ئوت ـ سۇ پۇلىنى تاپشۇرمايدىكەنسىلەر، خور قوشۇنلىرى بۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ.

ھېلىقى خىزمەتكار بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— بولىدۇ! بىز بۇ يەردە كەم دېگەندە يەتتە كۈن تۇرىمىز، بۇ يەتتە كۈن جەريانىدا بىزنىڭ سىلەرگە ئوت ـ سۇ پۇلى تۆلەشكە چولىمىز تەگمەيدۇ، سەككىزىنچى كۈنى سىلەرگە تاپشۇرساقمۇ

كېچىكمەيمىز، ئەگەر سىلەر كۆتۈپ تۇرالمىساڭلار، ئەتە ئەتىگەن-
دە كەلسەڭلەر بولىدۇ، مەن كەچتە ئايغىم ۋە كىيىم - كېچەك-
لىرىمدىن قېقىپ چۈشۈرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سىلەرگە
ۋە سېرىق بارگاھ شاھىڭلارغا يېمەكلىك قىلىپ بېرىمەن، بۇنداق
ياخشى نەرسىنى ھەرگىز خور قەبىلىلىرىگە بۆلۈپ بەرمەڭلار -
ھە! — دېدى - دە، ئۇنىڭغا بىر چەكچىيىپ قويۇپ، بۇرۇلۇپلا
چېدىر ئىچىگە كىرىپ كەتتى، شىنبامىرۇز نېمە قىلىشنى بىلەل-
مەي تۇرۇپلا قالدى، مۇئاۋىن سەركەردە بولسا قورقۇنچتىن ئۈن-
دىمىدى.

ھېلىقى خىزمەتكار چېدىردىن بېشىنى چىقارغان ھالدا يەنە
غەزەپ بىلەن:

— نېمە؟ تېزرەك كەتمەي يەنە نېمىگە تۇرىسىلەر؟ مەن
ئەمدى ئىتنى قويۇۋېتىمەن، — دېگىنىچە بىرىگە بۇيرۇپ بىر
ئىتنى قويدۇرۇۋەتكەنىدى، ئىت قىلچە ئارسالدى بولماستىنلا
شىنبامىرۇزغا ئېتىلىپ كەلدى. بايىقى ياردەمچى سەركەردە بىل-
لەن جېنىنىڭ بارىچە سىرتقا قاچتى، يۈرەكلىرى پاقلاننىڭ يۈرى-
كىدەك دۈكۈلدەيتتى. ئىككىسى كەينىگە قاراشقىمۇ جۈرئەت قى-
لالماي كۈچىنىڭ بارىچە قېچىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندىلا ئاندىن
ياسىكاما شەھىرىگە قايتىپ كېلىشۋالدى. ئۇلار ئۆزلىرى دۇچ
كەلگەن ئەينى ئەھۋالنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئوبدان
سۆزلەشتۇق، يەتتە كۈن ئىچىدە ئوت - سۇ پۇلىنى يىغىدىغان
بولدۇق، دېيىشتى...

ئۇ سودا كارۋىنى ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچىدىلا يېقىن
گۈل - گىياھ ۋە دەل - دەرەخلەرنى تاش ئېتىپ ۋەيران قىلدى،
گۈزەل يايلاقنى قاقاسلىققا ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئاۋۋال گەپنى دەپ
بولغاچقا، خور پادىشاھ - ۋەزىرلىرىمۇ ئامال قىلالماي، نائىلاج
پۇل يىغىدىغان كۈننى ساقلاپ، شۇ چاغدا بىراقلا ھېساب ئالماقچى
بولدى.

تۆتىنچى كۈنى گېسىر بىلىقچى قىياپىتىدە ياسىنىپ، ئۇس-
تىگە بۇغا تېرىسىدىن قىلىنغان شىم ۋە پەشمەت كەيدى، بېلىگە
كەركىدان، بۇغا، بۆكەن قاتارلىق 18 خىل ھايۋاننىڭ مۈڭگۈزد-
نى ئاستى، تۆمۈر ئىلمەك، بېلىق تورى قاتارلىقلارنى ئالدى ـ
دە، چېدىرنى خور دەرياسىدىكى بېلىق ئۇۋىسى بار يەرگە تىكىپ،
تورنى يايدى. بۇ چاغدا ئۈچ تال چوڭ بېلىق دەريادىكى تۈرلۈك
جانلىقلارنى يالماپ يۇتۇۋاتاتتى. بېلىقچى بۇ بېلىقلارنى قىلچە يۈز
خاتىرە قىلماي، بىراقلا تورغا چۈشۈرۈپ قىرغاققا تارتىپ چىقار-
دى ـ دە، ساھىلغا تۆكتى. ياسىكامادىكى خور سەركەردىلىرى
بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال شىنبامىرۇزنى ئەھۋال ئىگىلەشكە
ئەۋەتتى.

ساھىلغا تۆكۈلگەن بېلىقلار ئىچىدىكى ھېلىقى ئۈچ ئالاھىدە
چوڭ قىزىل، ئالتۇن رەڭ، ئاق ماڭلاي بېلىق كۆزلىرىنى ئاچ-
قان، قۇيرۇقىنى ئوڭ ـ سولغا پۇلاڭلاتقان ھالدا جان تالىشىۋا-
تاتتى. بېلىقچى پىچاقنى ئېلىپ بېلىقنىڭ قورسىقىنى يارماقچى
بولۇۋاتقاندا، شىنبامىرۇز يېتىپ كەلدى ـ دە، بۇ بىرنەچچە چوڭ
بېلىقنىڭ ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ مەخپىي ھۆججەتلىرىدە سىزىلغىنىغا
ئوخشايدىغانلىقىنى كۆردى، بۇ دەل سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ جان
تومۇرى بولغان بېلىق ئەمەسمۇ! سېرىق بارگاھ شاھى تېخى
ئالدىنقى كۈنلىرى ئۇلارنى ياخشى قوغداشنى ئېيتقان، ئەمدى
ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرۇپتۇ! ئۇ شۇلارنى ئويلاپ غەزەپلەن-
دى ـ دە، ئالدىراش بېلىقچىغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— ھەي سودىگەر، دەسلەپ چەكلەنگەن يايلاققا چېدىر تىكىپ
ۋەيران قىلدىڭ، ئىتلىرىڭنى قويۇۋېتىپ مېنى چىشلەتتىڭ! ئەم-
دى يەنە خور بېلىقلىرىنى تۇتقىلى تۇرۇپسەنغۇ، بىزنى نېمىشقا
بۇنداق ئانىي تاپسەن؟

سودىگەر خۇددى ئاڭلىمىغاندەك، بىر چوڭ بېلىقنىڭ قور-
سىقىنى يېرىپ، ئىچىدىن بىرمۇنچە قان ئارىلاش نەرسىلەرنى

تارتىپ چىقاردى، يەنە تېخى شىنبامىر ۋزنىڭ ياقىسىدىن ئالغىند-
چە ئۇنى بىر تەستەك سالدى.
ساھىلغا قاقلانغان بېلىقلار تېزلىكتە ئۆلدى، شىنبامىر ۋز
خىجىل بولغان ۋە تىت ـ تىت بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئامال
قىلالمىدى. كۆڭلىدە: «ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن جېدەللىشىۋەرسەم،
ئىشنى قاتماللاشتۇرۇپ قويىمەن. ھازىر بۇ كىشىنىڭ نەدىن
كەلگەنلىكى نامەلۇم بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن ئازارلىشىشقا بولماي-
دۇ. ھازىرقى مۇھىم ئىش — سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ جان
تومۇرى بولغان ئاۋۇ ئۇچ بېلىقنى قولغا كىرگۈزۈش، سېھرىگەر-
لەر ئۇنى تىرىلدۈرۈش ئامالىنى قىلىدۇ» دەپ ئويلىدى ـ دە،
چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئالدىماقچى بولدى:
— ھۆرمەتلىك بېلىقچى! ماۋۇ قىزىل، ئالتۇن رەڭ، ئاق
پېشانىلىك ئۇچ بېلىق توغرۇلۇق خور قەدىمكى ھۆججەتلىرىدە
ئېيتىلىشىچە، ئۇلار ئۇچ خىل زەھەرلىك نەرسىلەر، سېنىڭ
ئۇنى ئېلىپ قېلىشىڭ ھاجەتسىز، ئۇنى ماڭا بېرىۋەتكىنىڭ تۈ-
زۈك، مەن شۇنىڭ ئۈچۈن كەلگەن. كونىلار: «ئەزىمەت كىشى
ئالتۇنغا ئوخشاش ئادەمنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرالايدۇ» دېگەن.
ساڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مىڭلىغان بېلىق ئىچىدە بۇ ئۇچ بېلىق
ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ.
بېلىقچى ئۇنىڭغا يۈزخاتىرە قىلماي، ھېلىقى بىرنەچچە تال
قاقلىنىپ ئۆلگەن بېلىقنى تاغىرىنغا سالدى ـ دە:
— ھەي شېرىن سۆزلۈك ئالدامچى! مەندەك سودىگەرگە
نىسبەتەن ئېيتقاندا، دورىمۇ، زەھەرلىك نەرسىلەرمۇ زۆرۈر،
سېنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشىڭ ھاجەتسىز، ئۇزۇڭغا چىق! —
دېگىنىچە، شىنبامىر ۋزنى ئۇچىنى تېپىپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاق-
نىتىۋەتتى. شىنبامىر ۋز بېلىقچى بىلەن قارشىلىشىشقا جۈرئەت
قىلالماي، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتقىنىچە شەھەرگە قايتتى.
ئۇ شەھەرگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، سېرىق بارگاھ

شاھىغا ئەھۋالنى بىرمۇبىر مەلۇم قىلدى، ۋەزىرلەر بىردەك سودا كارۋىنىنىڭ قىلمىشى ئۇچىغا چىققان يولسىزلىق دەپ قاراپ، كېچىلەپ قوشۇن باشلاپ، ئەتىسى تاڭ سەھەردە سودا كارۋىنىغا ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن، سىرىق بارگاھ شاھى دەرھال پەرمان چىقىرىپ، قوشۇن باشلىغۇچى توۋت سەركەردىگە جەڭ پەرمانىنى يەتكۈزۈشكە ئالاقىچى ئەۋەتتى، ئۇلار ئاتنى ئوقتەك چاپتۇرۇپ، چەكسىز تۇن پەردىسى ئىچىدە تېزلا غايىب بولدى.

گارۋا قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى شاھزادە گارۋاۋۇنانىڭ قىزى چېزۇنيىشى بۇ يىل 24 ياشقا كىردى، ئۇنىڭ قامىتى زىلۋا، بەدىنى ئاق، چاچلىرى يىپەكتەك يېيىلىپ تۇرىدۇ، تولۇن ئايدەك يۈزلىرىدىن نۇر ياغىدۇ، قۇلۇلە قېپىدەك ئاپئاق چىشلىرى تەكشى ۋە چىرايلىق، گۈزەل كۆزلىرى خۇددى بۇلۇتلار ئارىسىدىكى يۇلتۇزدەك چاقنايدۇ، سۆزلىرى باھاردىكى كاككۇك ئاۋازىدەك يېقىملىق، مېڭىش ـ تۇرۇشلىرى يەڭگىل ھەم يۇمشاق ئىدى. شۇ كۈنى كەچتە ئۇ بېشىدىكى ئىككى تال زىننەت بۇيۇمىنى ئېلىپ ياستۇقىغا قويۇپ ياتتى، بىر دەمدىلا خۇددى 12 تال ئۇيقۇ كەلتۈرگۈچى قۇرت مېڭىسىگە كىرگەندەك تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى. سەھەردە ئۇ بىر چۈش كۆردى، چۈشىدە ئاسماندىكى رەڭدار بۇلۇتلار ئىچىدە ئاق كىيىم كىيىپ مەرۋايىت ۋە قاشتېشى زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىغان بىرەيلەن ئۇنىڭغا:

— تېزرەك قوپ، چېزۇنيىشى! كۈن چىققىلى نېكەم! — دەۋاتقانمىش. ئۇ شېرىن ئۇيقۇ ئىچىدە: «ۋاي ـ ۋۇي، ئەجەبمۇ قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتىمەن» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقسا، ئەتراپ پارلاق شەپەق نۇرىغا تولغانمىش، ئۇنىڭ قەلبى خۇشاللىققا تولۇپ، بۇنداق خاسىيەتلىك مەنزىرە مېنىڭ ئىبادەتخانامدا بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە! دەپ ئويلاپتۇ، شۇئان بەدىنى يەڭگىلگىنە بوشلۇققا قاراپ كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى ھېس

قىلىپ، ھەرقايسى خور قەبىلىلىرىنىڭ ئالتۇن نۇرغا چۆمۈپ چاقناۋاتقانلىقىنى، ياسىكاما شەھىرىنىڭ قۇياش نۇرى خۇددى سېرىقمايدەك ھالەتكە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپتىمىش، ئۆز ئىبادەت-خانىسى ئۆزى ئارزۇلىغاندەك قۇياش نۇرىغا تولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىچىدە بېشىغا كۈمۈش دۇبۇلغا، ئۇستىگە ساۋۇت كىيگەن، خۇددى ئىلاھلارغىلا ئوخشايدىغان بىر سۇمباتلىق ئەر بېشىغا قادالغان قۇماي پېيىنى تىترەتكەن ھالدا ناخشا ئېيتىۋاتقۇدەك، بىر ناخشا ئېيتىلىپ بولغاندا تاڭ ئېتىپ، ئۇمۇ ئۇيقۇدىن ئويغانغاندىلا، بۇنىڭ بىر چۈش ئىكەنلىكىنى بىلدى.

بۇ چاغدا خورنىڭ تۆت چوڭ سەركەردىسى قوشۇنلىرىنى يىغىپ سودا كارۋىنىنى قورشاشقا كەلدى. دوچىن قوشۇن باشلاپ كەلگەندە، سودا كارۋىنىنىڭ چېدىرلىرى غايىب بولۇپ، پەقەت ئوچاقلىرى ۋە دۆۋە - دۆۋە كۈللەرنىڭ قالغانلىقىنى، ئىچكەن چاي شامىلىرىنىڭ تاغدەك دۆۋىلەنگەنلىكىنى كۆردى. پۈتۈن سا-ھىل قۇپقۇرۇق بولۇپ، ئادەمنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ سىنچىلاپ قاراپ يىراقتا ئىككى خىزمەتكارنىڭ قېچىرلارنى ھەي-دىگىنىچە ئاستا - ئاستا يۇقىرىلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. دوچىن كەينىدىن قوغلاپ تاغ بېلىغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ سايىسى-مۇ كۆرۈنمەي قالدى، ئۇ نائىلاج روھى چۈشكەن ھالدا قايتىپ كەلدى.

خور قوشۇنى سودا كارۋىنىنى قوغلاپ يېتەلمىگەندىن كې-يىن، ئۇلار يەنە سودا كارۋىنى چېدىر تىككەن جايغا قايتىپ، ئۇ يەرنى ئىنچىكىلەپ ئاختۇرۇشقا باشلىدى. شاھزادە گارۋاۋۇنا ئاتتىن چۈشۈپ، نەيزە سېپى ئارقىلىق چاي شامىلىرىنى ئاختۇ-رۇۋېدى، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر نەرسىنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى كۆر-دى، بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىچىدىن ئون ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا چىقتى. ئۇ تېخى ئۇيقۇغا قانمىغاندەك، كەينى - كەينىدىن ئۈچ قېتىم ئەسنىدى، پاسكىنا قوللىرى بىلەن كۆزلى-

رىنى ئۈۋىلاپ ئەتراپقا قارىدى - دە، تويۇقسىز شاھزادە گارۋاۋۇ-
ناغا قاراپ:
— ۋاي - ۋۇي، چىدىرلار نىمىشقا كۆرۈنمەيدۇ؟ چاتاق
بولدى! ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟.
شاھزادە گارۋاۋۇنا:
— سەن نىمە ئادەم؟ تېز ئىيت! ئەگەر ياۋاش بولمىساڭ،
مەن دەرھال جىنىڭنى ئالىمەن! — دېگىنىچە غەزەپ بىلەن قىلى-
چىنى چىقاردى.
بالىمۇ ھەيران بولۇپ:
— ۋاي دادا، سەن مىنى تونۇمىدىڭمۇ! مەن سىنىڭ لىك
ئىلىگە يۈرۈش قىلىپ ئۇرۇشتا ئۆلگەن ئوغلۇڭ دايىئاجانىڭ قايتا
تىرىلگەن تىنى بولىمەن! مىنى ئۆلتۈرۈشكە قانداقمۇ قولۇڭ
بارىدۇ؟ — دىدى.
شاھزادە گارۋاۋۇنا بۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنى يالغانچىلىق
قىلىۋاتىسەن دېۋىدى، ھىلىقى ئوغۇل بالا بىر ئالتۇن ئۈزۈكنى
چىقىرىپ گارۋاۋۇناغا بەردى. گارۋاۋۇنا ئالتۇن ئۈزۈكنى كۆ-
رۈش بىلەنلا، بۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئوغلى جەڭگە ماڭغاندا، ھەدىسى
چىزۇنىيشى ئۇنىڭغا قالدۇرغان قۇت بەلگىسى ئىكەنلىكىنى
بىلدى - دە، قەلبىنى بىردىنلا ئىسسىق ئىقىم چۇلغىدى. بۇ
بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ئەتىۋار ئوغلىدىن ئايرىلغاچقا، سىغى-
نىش ئازابىنى يەتكۈچە تارتقانىدى، ئەمدىلىكتە ئۆز ئوغلىنىڭ
قايتا تىرىلگەنلىكىنى كۆرگەندە، قانداقمۇ قايغۇسى خۇشاللىققا
ئايلانمىسۇن! شاھزادە گارۋاۋۇنانىڭ كۆز ياشلىرى بىردىنلا بۇ-
لاقتەك تۆكۈلدى.
بۇ چاغدا باشقا خور سەركەردە - لەشكەرلىرىمۇ يىتىپ
كەلدى، شىنبامىرۇز كەلگەندە، ئاق - قارىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا
نەيزىسىنى كىچىك ئوغۇل بالىغا سانچىۋىدى، كۆتمىگەندە نەيزە
سىپى تويۇقسىز سۇندى، نەيزە ئۇچىمۇ ئىرىپ كەتتى. شىنبامى-

ـرۇز ئۇنى گېسېرنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى دەپ گۇمانلىنىپ، ئوغۇل بالىدىن كىم، نەدىن كەلگەنلىكىنى، ئىسمى نېمە ئىكەنلىـ كىنى سورىدى.

ئوغۇل بالا تەمتىرىمەي مۇنۇ ناخشىنى ئېيتتى:

*مەن كەلدىم يىراق جۇڭخۇا ئېلىدىن،*
*ئۆزۈم خەنزۇ بالىسى سەنبەيدۇنجۇ مەن.*
*بەش ياشتا ئايرىلدىم ئاتا ـ ئانامدىن،*
*ئالتە ياشتىن تارتىپ بولدۇم سەرگەردان.*

*خور ـ لىڭ جېڭىدە يىقىلدىم ئاتتىن،*
*شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇيقۇدا ياتتىم.*
*كېيىن ئۆلدى سەركەردە دايىئاجا،*
*ئۇنىڭ بەدىنىدىن قايتا تۆرەلدىم.*

بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ بارلىق خور لەشكەرلىرى، بۇ بالا ھەقىـ قەتەن بىچارە ئەھۋالغا قاپتۇ، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىش كېـ رەك، دەپ قاراشتى.

شاھزادە گارۋاۋۇنا مۇنداق دېدى:

— بۇ بالا ھەقىقەتەن ئوغلۇم دايىئاجانىڭ قايتا تۆرەلمىسى ئىكەن، ئەمدى ئۇ بىزنى پاناھ تارتىپ كەلگەنىكەن، مەن ئۇنى بېقىۋېلىشىم كېرەك، كۆپرەك غەمخورلۇق قىلىشىڭلارنى سورايـ مەن!

ئاندىن ئۇ بالىنى كەينىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئىككىسى بىر ئاتقا مىندى ـ دە، ئۆيىگە قايتتى.

يولدا ئۇلار ئاسماندا قارا بۇلۇتلارنىڭ كۆتۈرۈلگەنلىكى، ئاسماننىڭ قان رەڭگىدىكى تۇمان بىلەن قاپلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئوغۇل بالا:

— خور ئېلىنىڭ تەقدىرى پۈتتى! — دېدى.
گارۋاۋۇنا بۇنى ئاڭلاپ، قاتتىق غەزەپلەنگەن ھالدا قىلىچىنى ئېلىپ ئۇنى چېپىپ تاشلىماقچى بولۇۋېدى، بالا:
— سىلەر خورلۇقلار ئىش قىلىشتا ھەقىقەتەن داۋلىسىزلىق قىلىسىلەر، مەن ئازراق يالغان سۆزلەپ سىناپ باقاي دەيمەن، مەن ئوغلۇڭنىڭ قايتا تۆرەلمىسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ — دېدى چېچەنلىك بىلەن.
گارۋاۋۇنا شۇ چاغدىلا قىلىچىنى يىغىپ:
— ھەي بالام! خور سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ قانۇنى بەك رەھىمسىز، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق گەپلەرنى ھەرگىز دېگۈچى بولما. كونىلار: «ئېغىزنى چىڭ تۇتقان ياخشى» دېگەن، سەن بۇنىڭ مەنىسىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى.
— سەن ياخشى نىيەت بىلەن سۆزلەۋاتساڭ، مەن قانداقمۇ گېپىڭنى ئاڭلىماي؟ — دېدى بالا.
ئىككىسى سۆزلەشكەچ، گارۋاۋۇنا قەلئەسىگە كېلىپ قالدى.
شاھزادە گارۋاۋۇنا بالىسىنى قەلئەگە باشلاپ كىرىپ، ئۇنى تاشقىرىقى ھويلىغا ئورۇنلاشتۇردى، ئۆزى ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ، قىزى چېزۇنىيىشىغا:
— مەن بىر سەرگەردان بالىنى باشلاپ كەلدىم، سەن ئۇنىڭغا ئازراق يېمەكلىك ئەپچىقىپ بەرگىن! — دېدى.
چېزۇنىيىشى كۆڭلىدە: «ئاخشام كۆرگەن قۇتلۇق چۈشۈم مۇشۇ بالا توغرۇلۇقمىدۇ؟ ئۇنى تېزراق كۆرۈپ باقاي» دەپ ئويلىدى ـ دە، لىق تولدۇرۇلغان بىر چەينەك چاينى ئېلىپ، ياخشى تاللاپ قويۇلغان قويىنىڭ ئالدى پۇتى، تالقان، ئىرىمچىك قاتارلىقلارنى تەييارلاپ بالىغا ئاپىرىپ بەرگىلى ماڭدى.
بالا تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ، ئاستا كېلىۋاتقان بىر قىزنى كۆردى. ئۇ بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ، ئۇنىڭ گۈللەردەك

چىرايىنى كۆرگەن تاغ ئىچىدە جاپالىق دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغۇچى-لارمۇ كۇلۇمسىرەيتتى؛ راھىب، شەيخلەرنىڭمۇ قەلبىنى ھاياجان-غا سالاتتى؛ چوڭ يولدىكى يولۇچىلارمۇ قايرىلىپ قارىشاتتى؛ ئۇنىڭ بەدىنى زىلۋا، كېلىشكەن بولۇپ، پەرىلەردىنمۇ ئېشىپ چۈشەتتى؛ سۆزلىرى يېقىملىق مۇزىكىدەك بولۇپ، بۇلبۇل ئاۋا-زىمۇ ئۇنىڭغا يېتەلمەيتتى.

بالا كۆڭلىدە مۇنۇلارنى ئويلىدى: «بۇ رەزىل خور ئېلىدىمۇ مۇشۇنداق گۈزەل قىزلار بار ئىكەن! لېكىن ئېلىدىكى خانىش جۇماۋ گۈزەل بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇنىڭ ئالدىدا سەل چېنىپ قالىدىكەن! نېمە ئۈچۈن سېرىق بارگاھ شاھى ئۇنى خانىشلىققا ئالمىغاندۇ؟ ئاجايىپ ئىش! بۇ قىز ئۇنىڭ يېقىن تۇغقىنىمىدۇ، يا؟ بولمىسا، ھەممە يەردە نامى تىلغا ئېلىنىدىغان گۈزەل پەرىزات ‹چېز ۋنيىشى› دېگەن شۇ!»

ئۇ قىز يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى كۆتۈرۈپ ئەكەلگەندە، بالا قەستەن قىلىق چىقىرىپ، تالقاننى چېچىپ شامالدا ئۇچۇرتىۋەت-تى؛ قوي پاچىقىنى ئۇچكە بۆلۈپ، بىر ـ بىرلەپ چۆرۈپ تاشلى-دى؛ ئېرىمچىك قۇتىسىنى تامغا نىقتاپ پارچىلىۋەتتى؛ چەينەك-تىكى چاينى يەرگە قۇيدى، يەنە تېخى ناخشا ئېيتىپ، چېز ۋنيد-شىنى مەسخىرە قىلىپ، تاشلانغان بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ خور ئېلىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

چېز ۋنيىشى ھودۇقۇپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى ـ دە، ئالدىراش قايتىپ بېرىپ دادىسىغا دوكلات قىلدى.

گارۋاۋ ۋنا بۇنى قايتىپ كېلىۋاتقان يولدا بالىنىڭ دېگەن سۆزلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ ئويلاندى ـ دە، بىردىنلا غەزىپى ئۆر-لەپ:

— شۇنداق بولدىمۇ؟ مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن! — دېگىنىچە، ئوڭ قولىغا قارا ئامبۇرنى، سول قولىغا چوڭ قارا تۆمۈر بولقىنى ئېلىپ، تاشقىرىقى ھويلىغا ئېتىلىپ چىقىپ قارى-

ۋېدى، ھېلىقى بالىنىڭ ئۇ يەردە بەخىرامان ئولتۇرۇپ قوي پاچىقىنى بىر - بىرلەپ تىتىپ يەۋاتقانلىقىنى، يەنە بىر تەرەپتىن تالقان ئارىلاشقان قويۇق چاي ۋە ئېرىمچىكنى يەۋاتقانلىقىنى كۆر-دى، ئۇ يەنە ئۆز - ئۆزىگە:

— دادام بەك ئاق كۆڭۈل ئىكەن، ئۇ ماڭا شۇنچە كۆپ ياخشى يېمەكلىكلەرنى ئەۋەتىپتۇ، قانچە مىننەتدار بولساممۇ ئاز-لىق قىلىدۇ! — دەۋاتاتتى.

شاھزادە گارۋاۋۇنا ئاستا قايتىپ كېلىپ قىزىغا:

— سەن نېمىشقا يالغان ئېيتىسەن؟ گۆش بىلەن تالقانىنى نەدە تاشلايدۇ؟ ھازىر ئۇنى ھۇزۇرلىنىپ يەۋاتىدىغۇ؟ — دېدى.

چېزۇنىيىشى بېرىپ قاراپ راستىنلا شۇنداق ئىكەنلىكىنى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلەلمىدى.

ئەتىسى گارۋاۋۇنا بالىغا:

— ئوغلۇم، سەن نېمە ئىش قىلالايسەن؟ — دەپ سورىۋې-دى، بالا:

— مەن تاسمىسى يوق چاقنى ئايلاندۇرالمايمەن، سىرتقى دۈشمەننى باشلاپ كىرەلمەيمەن، ئۆيدىكى نەرسىلەرنى سىرتقا ئەپچىقىپ تاشلىيالمايمەن، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق ئىشنى قى-لالايمەن، — دېدى.

— مېنىڭ ساڭا بۇ ئىشلارنى قىلدۇرۇشۇم ھاجەتسىز، سەن پەقەت ئانچە - مۇنچە ئىش قىلالىساڭلا بولىدى.

بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، شاھزادە گارۋاۋۇنا مۇنداق دېدى:

— ئوغلۇم، سەن يارغۇنچاقنى تارتىپ تالقان چىقىرالام-سەن؟

— دادا، مەن ساڭا تۇنۇگۈن تاسمىسى يوق چاقنى ئايلاندۇ-رالمايمەن دېگەنغۇ؟

— ئۇنداق بولسا، سەن ئۆينى سۈپۈرۈپ، ئەخلەتلەرنى تۆ-

كۈۋەتكىن!

— دادا، تۇنۇگۇن ساڭا ئۆيدىكى نەرسىلەرنى سىرتقا تاشلى-مايمەن دېگەنىدىڭغۇ؟

— ئۇنداق بولسا، سەن ئازراق تىكەن چېپىپ ئۆيگە ئەكەل-گىن!

— مەن تۇنۇگۇن سىرتتىكى دۈشمەننى ئۆيگە ئەكىرمەيمەن دېدىڭغۇ؟

— بالام، ئۇنداق بولسا نېمە ئىش قىلىسەن؟

— مەن بولقا ۋە ئامبۇر بىلەن تۆمۈر سوقالايمەن، شۇنداقلا مەشكە ئوت يېقىپ قىززارتالايمەن.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. شاھزادە گار-ۋاۋۇنا بۇنى كۆرۈپ، خۇش بولۇپ كەتتى.

قىزچاق چېھرىنىڭ ئازار يېگەن بولسىمۇ، كۆڭلىدىكىنى دېيەلمەي، تازا خاپا بولدى. كەچتە ئۇ خېلى ئۇزاققىچە ئۇخلىيال-ماي تاڭ ئاتاي دېگەندىلا، ئاندىن چالا - پۇچۇق ئۇيقۇغا كەتتى. چۈشىدە ئاسمان رەڭدار شەپەققە تولغان، تالا - تالا شەپەق نۇرلى-رى چۈشكەن يولدا تەڭرى ئانىنىڭ بوغا مىنگىنىچە ئالدىغا كېلى-ۋېتىپ، تۆۋەندىكى ناخشىنى ئېيتىۋاتقانلىقىنى كۆردى:

*بىلەمسەن زۇلمەتلىك خور ئېلىدە،*
*ئالتۇن قۇياشنىڭ پارلىغىنىنى؟*
*تۆمۈرچىلىك دۇكىنىنىڭ تامىلىرىدا،*
*شىر تۇكلىرىنىڭ سىلكىنگىنىنى؟*

*لىڭ ئېلىنى ئالەمگە تونۇتقان گېپىر،*
*كىردى كەپسىز بىر بالىنىڭ سىياقىغا.*
*ئاز قالدى سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ كۈنى،*
*ھەمدەمدە بولغىن سەن ئۇنىڭغا!*

چىزۇنىيشى ئۇيغىنىپ، چۈشىدىكى تەڭرى ئانىنىڭ ئېشارد-
تى ۋە سەرگەردان بالا كەلگەندىن كېيىنكى تۇرلۇك ئالامەتلەرنى
ئەسلەپ، مەن بىلەن قەستەن قارشىلاشقان بۇ بالا ئەسلىدە گېسېر
ئىكەن - دە! دەپ ئويلىدى.

چىزۇنىيشى ئۆز ھاياجانىنى زادىلا باسالماي، ئورنىدىن تۇ-
رۇپ ھېلىقى بالىنى ئىزدەپ، ئۇنىڭغا بىر مۇھەببەت ناخشىسىنى
ئېيتىپ بەردى. ئۇ ناخشىنى ئېيتىپ بولۇشغا بالا كۆرۈنمىدى،
ئۇ ھەر تەرەپنى ئىزدەپ، بوشلۇقتا چىرايى قىزغۇچ، قامىتى
خۇددى شىر پادىشاھدەك ھەيۋەتلىك بىر باتۇرنىڭ قىزىل توشقاند-
قۇلاق ئېتىنى مىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ يولۋاس بېلى
خۇددى ۋاجرا (بۇددا دىنىدا) دەك مەزمۇت، پۇتلىرى خۇددى
پىلدەك ئېغىر، ئاق دۇبۇلغا - ساۋۇتلىرى ۋال - ۋۇل نۇر
چاچاتتى. ئۇ چىزۇنىيشىنىڭ بويىنغا «كېچە - كۈندۈز ئامان
بولۇڭ» دېگەن بىر خادىنى يۆگىدى - دە، كەينىدىن قىزغا قاراپ
بىر چوڭقۇر مۇھەببەت ناخشىسىنى ئېيتتى.

ئۇلار نۇرغۇن كۆڭۈل سىرلىرىنى ئېيتىشىپ، ئىختىيار-
سىز بىر - بىرىگە مۇھەببەت باغلىشىپ، ئۆمۈرلۈك ئايرىلماس-
لىققا قەسەم قىلىشتى.

گېسېر سېرىق بارگاھ شاھىنى بالدۇرراق بويسۇندۇرۇپ،
خانىش جۇماۋنى قۇتقۇلدۇرۇپ، لىڭ ئېلىدىن ئۈچ ئېلىشقا پايدى-
لىق بولۇش ئۈچۈن، چىزۇنىيشىغا مەخپىيەتلىكنى قاتتىق ساق-
لاشنى جېكىلىدى. ئاندىن ئۇ قايتىدىن سەرگەردان بالىغا ئايلى-
نىپ، داۋاملىق ئىشلەۋەردى.

## سەككىزىنچى قىسسە

# خور ئېلىنى بويسۇندۇرۇش

تۇرلۇك شۇملۇق ئالامەتلىرى سېرىق بارگاھ شاھىغا يەتكۈزۈلۈپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ گۇمانى ئېشىپ، دەرھال چېزۇنىشىدىنىڭ ئالدىغا ئادەم ئەۋەتىپ پال سالدۇرۇشقا چاقىردى.

چېزۇنىشى پال ئەسۋابلىرى ۋە پالنامىنى ئېلىپ، سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ ئالدىغا كەلدى. سېرىق بارگاھ شاھى پال ئۈچۈن سوۋغات سۈپىتىدە ئۇنىڭغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھەدىيە قىلدى.

چېزۇنىشى پالنامىنى ئېچىپ، ئىچىدە بىردەم ئىستىغپار ئېيتتى ـ دە، ئەستايىدىللىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— پالدىن قارىغاندا، خەتەرلىك ئەھۋاللىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، ئالدىنقى كۈنلىرى يۈز بەرگەن ئىشلارمۇ شۇملۇق ئالامەتلىرى ئەمەس. لېكىن، ئۆتكەن يىلى گېسېرنىڭ ئىلاھىي ئوقى ۋەيران قىلىۋەتكەن ئالتۇن تەختنى دەرھال رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرگەندىلا، ئاندىن ھەقىقىي خاتىرجەملىككە، دۆلەت ۋە ئەل ئامانلىقىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، سېرىق بارگاھ شاھى مەملىكەت بويىچە ئۈچ يۈز مىڭ تۇتۇن، 12 قەبىلە ئاقساقىلى ۋە گارۋانىڭ 18 قەبىلىسىدىگە دەرھال يىغىلىپ، ئالتۇن تەختنى رېمونت قىلىش چوڭ ئىشنى مۇھاكىمە قىلىشقا پەرمان چىقاردى.

ئەتىسى شاھزادە گارۋاۋۇنا بالىغا مۇنداق دېدى:

— سىرىق بارگاھ شاھىنىڭ ئالتۇن تەختىنى ئۆتكەن يىلى گېسىرنىڭ ئىلاھىي ئوقى تېگىپ ۋەيران قىلىۋەتكەن، تونۇگۇن چېرۇنىشى پال سېلىپ، ئالتۇن تەختنى ياساتقاندىلا ئاندىن دۆ-لەت ئامان بولىدۇ دېگەچكە، ھەرقايسى قەبىلە باشلىقلىرى ۋە بارلىق تۆمۈرچىلەر يىغىلىپ، شۇ ئىشنى كېڭەشىدۇ! لېكىن، بۇ ئالتۇن تەخت ئاتىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۆمۈرچى توققۇز ئالۋاستى ئاكا - ئۇكىلار تەرىپىدىن ياسالغاچقا، بۇگۇن ئاددىي ئادەملەر ئۇنى قانداقمۇ ئەسلىگە كەلتۇرەلىسۇن؟ شۇنداقتىمۇ بار-ماي بولمايدۇ، بۇ...

— بارغىنا ھۆرمەتلىك ئاتا! مەن ئەزەلدىن پادىشاھنى كۆر-مىگەن، بۇگۇن سېنىڭ بىلەن بېرىپ، مەنمۇ قىزىقچىلىقنى كۆ-رەي دەيمەن، بولامدۇ؟— دېدى بالا.

— سېنى ئاپارسامغۇ بولىدۇ، لېكىن سىرىق بارگاھ شاھى-نىڭ قانۇنى بەك قاتتىق، شۇڭا سەن ھېچقانداق گەپ قىلما، چوقۇم ئېھتىياتچان بول. شۇنداق قىلالىساڭ سېنى بىللە ئاپىرى-مەن!

— دادا، مەن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايمەن، ئاغزىمنى چىڭ يۇمۇپ ئولتۇرسام بولدى، — دېدى بالا خۇشال بولۇپ.

— ئۇنداق بولسا يۈر! — دېدى شاھزادە گارۋاۋۇنا.

بالا ئۇنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ كەلدى - دە، ئىككىسى بىللە يولغا چىقتى.

ئۇلار ياسكاما قەلئەسىدىكى سىرىق بارگاھ شاھىنىڭ بارگا-ھىغا كەلگەندە، ھەرقايسى قەبىلە باشلىقلىرى يىغىلىپ بولغاند-دى، سىرىق بارگاھ شاھى ئوتتۇرىدىكى يولۋاس تېرىسىدىن يا-سالغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ھالدا، كۆپچىلىكنى ئالتۇن تەخت-نى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۇرۇشكە سەپەرۋەر قىلدى ھەمدە كىمكى بويۇنتاۋلىق قىلسا كاللىسى ئېلىنىدىغانلىقىنى جاكارلى-دى.



مەيدان سۈكۈتكە چۆمدى. شۇنچە كۆپ قەبىلە باشلىقلىرىدىن بىرىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇ ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

سېرىق بارگاھ شاھى بۇنى كۆرۈپ، ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ئاچچىقلىنىپ دەپ تۇرۇشىغا، ئۆچكە تېرىسىدىن جۇۋا كىيگەن بىر كىچىك بالا ئورنىدىن تۇردى:

— سېرىق بارگاھ شاھى باشچىلىقىدىكى ھەرقايسى قەبىلە باشلىقلىرى ماڭا ئوبدان ھەق بەرسە، مەن ئالتۇن تەختنى رېمونت قىلىپ ئەسلىدىكىدىنمۇ ياخشى قىلالايمەن! — دېدى ئۇ.

— بۇ بالا كىم؟ دەرھال ئۇنى ئېلىپ كېلىڭلار! — دېدى سېرىق بارگاھ شاھى.

دوچىن شۇ ھامان بالىنى شاھنىڭ ئالدىغا كەلتۈردى.

سېرىق بارگاھ شاھى مۇنداق دېدى:

— سەن كىمنىڭ بالىسى؟ ئاتا ـ ئاناڭ كىم؟ قايسى قەبىلىدىن؟ زادى رېمونت قىلالامسەن؟ ئوبدانراق ئويلىنىپ سۆزلە! قالايمىقان سۆزلىسەڭ، بېشىڭ كېتىدۇ!

بالا قىلچە پىسەنت قىلماي، ئۆز ئەھۋالىنى بىر قۇر سۆزلەپ بەردى.

سېرىق بارگاھ شاھى بۇنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدىن بېشىنى لىڭشىتقىنىچە:

— ناھايىتى ياخشى! ناھايىتى ياخشى! — دېدى ۋە شاھزادە گارۋاۋۇنانى ئالدىغا چاقىرىپ كېلىپ تاپىلىدى:

— سەن شۇنداق بىر ياخشى بالىغا ئىگە بولۇپ، ھەقىقەتەن قېرىغاندا ئامىتىڭ كەپتۇ! خورنىڭ ئالتۇن تەختى نابۇت قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمدى ئۇنى رېمونت قىلىشقا ئۈمىد تۇغۇلدى. سەن بۇ بالىنى ئوبدان كۈتۈۋېلىش كېرەك. مەن بۇ بالىغا تاڭنى دەپ ئىسىم قويىمەن، سەن چېرۇنىيشى قىزنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بەرگىن! بالام، بۇنىڭدىن كېيىن سەن ئائىلىمىزنىڭ كۈيئوغلى

بولىسەن، سەن شاھزادە گارۋاۋۇنانىڭ گېپىنى ياخشى ئاڭلا!
ئۇ يەنە مەيداندىكىلەرگە جاكارلىدى:
— گارۋاۋۇنانىڭ بېقىۋالغان ئوغلى تاڭنى ئالتۇن تەختنى رېمونت قىلىشقا ۋەدە بەردى، مەن يەتتە كۈنلۈك مۆھلەت بېردىمەن، ئەگەر بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ئورۇنلىيالمىسا، شاھزادە گارۋاۋۇنانىڭ پۈتۈن مۈلكى ھۆكۈمەتنىڭ بولىدۇ، 18 قەبىلىنىڭ ئاقساقىلى ۋەزىپىسى بىكار قىلىنىپ، ئائىلىسى بويىچە جازالىنىدۇ، ھەرگىز رەھىم قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئالتۇن تەخت بەلگىلەنگەن مۇددەتتە پۈتسە، گارۋاۋۇنانىڭ ۋەزىپىسى ئۆستۈرۈلىدۇ، ئائىلىسىدىكى ھەربىر كىشىگە ئون مىڭ سەردىن كۈمۈش ئىنئام قىلىنىدۇ، گارۋاۋۇنانىڭ 18 قەبىلىسىنىڭ 20 يىللىق بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. تاڭنى ئون مىڭ تۇتۇنگە خان قىلىنىپ يۈز مىڭ سەر كۈمۈش ئىنئام قىلىنىدۇ، مەن قارار قىلغانىكەنمەن، ئىش شۇ بويىچە بولىدۇ! گارۋاۋۇنا ئاتا ـ بالا ئوبدان ئىسىڭلاردا بولسۇن!
شاھزادە گارۋاۋۇنا قورققىنىدىن جاقىلداپ تىترەپ، پۈتۈن بەدىنىنى سوغۇق تەر بېسىپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تاڭنىغا مۇنداق دېدى:
— ھەي كىچىك ئەبلەخ، سەن بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغان قاتىل بولدۇڭغۇ ئەمدى! بۇ ئالتۇن تەختنى ئىلگىرىكى بەش ئەۋلاد ئەجدادلىرىمىز ياسىيالمىغان، كېيىن تۆمۈرچىلەردىن بولغان توققۇز ئالۋاستى ئاكا ـ ئۇكىنى تەكلىپ قىلىپ كەلگەندىن كېيىنلا ياساپ چىقىلغان. ھازىر پۈتۈن خور ئېلىنى ئاختۇرۇپمۇ ئۇنى ياسىيالايدىغانلارنى تاپقىلى بولمىسا، ئەمدىلا ئون ياشقا كىرگەن سەن سېرىق تۇك ياسىيالامسەن؟ ئەمدى ياخشى بولدى، يەتتە كۈندىن كېيىن ئائىلىمىز بەربات بولىدۇ. ئېسىت، سەن ماڭا ئەجەپمۇ زىيانكەشلىك قىلدىڭا!

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە كۆكرىكىنى قامالللاپ، ئۆكسۈپ يىغلا-شقا باشلىدى. ئۇنىڭ خوتۇنى، ئانىسى، چۆرىلىرىمۇ ئازابتىن يىغلاپ كەتتى، پەقەت چىرزۇنىيشىلا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئول-تۇراتتى.

تاڭنى مۇنداق دېدى:

— مېنىڭ پو ئاتقىنىم ئەمەس، ئالتۇن تەختنى قايتا ياساش تەس ئەمەس! پەقەتلا بۇنىڭغا ئوتنى ئۇلغايتىدىغان زور تېرە تۇلۇم كېرەك، مەن ئەتە ياۋا كالىدىن بىرنى ئېتىپ، تېرىسىدىن تۇلۇم ياسايمەن؛ ئۈچىنچى كۈنى ياغاچ كۆمۈر كۆيدۈرىمەن؛ تۆتىنچى كۈنى چوڭ مەش ياسايمەن؛ بەشىنچى كۈنى كىچىكرەك نەرسىلەر-نى ياساپ، ھۈنەرنى پىشۇرىمەن؛ ئالتىنچى كۈنى ئالتۇن تەخت ياسايمەن؛ يەتتىنچى كۈنى ئالتۇن تەختنى سېرىق بارگاھ شاھىغا تەقدىم قىلىمەن، تەقدىم قىلىنغان كۈمۈشلەرنى ئېلىپ كەلسەملا بولدى. سىلەرنىڭ بۇنداق يىغا ـ زارە قىلىشىڭلارنىڭ ھېچبىر پايدىسى يوق!

شاھزادە گارۋاۋۇنا ئەر ـ ئايال ئىككىسى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئازابلىنىپ تۇرغاچقا، بالىنىڭ گەپلىرىمۇ قۇلىقىغا كىر-مىدى.

ئەتىسى تاڭنى ياۋا كالا ئوۋلاشقا ماڭدى، ئۇنى پەقەت چىرزۇن-يىشى ئۆزى يالغۇزلا ئۇزاتتى. تاڭنى مۇنداق دېدى:

— سەن ئۆيدە قالغىن، مەن ئۆزۈم يالغۇز باراي! مەن سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ جان تومۇرى بولغان ياۋا كالىنى ئۆلتۈ-رۈشنى ئويلاپلا يۈرەتتىم، ئەگەر ئۇنى ئۆلتۈرەلمىسەم، خورنى قانداق بويسۇندۇرىمەن؟ ئۇنىڭ جان تومۇرى ياۋا كالىنىڭ قەيەر-دىلىكىنى بىلمەيمەن، ئۇنى قانداق قىلغاندا ئۆلتۈرگىلى بولىدۇ؟ مەن شۇ باھانە بىلەن بېرىپ كۆرۈپ باقاي.

چىرزۇنىيشى سېرىق بارگاھ شاھىغا دائىم پال سېلىپ بېرە-دىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ جان تومۇرى ياۋا كالىنىڭ ئەھۋالىنى

بىلەتتى، شۇڭا ئۇ قانداق قىلسا بولىدىغانلىقىنى دەپ بەردى.

تاڭنى ئۇنىڭ ئېيتقىنى بويىچە توققۇز چوققىلىق ۋاجرا تېغىدىغا يامىشىپ چىقىپ، قارلىق چوققىلار ئېچىدىكى خرۇستال پاقا قەلئەسىنى تېپىپ، دېڭىز قۇلۇلىسى قاناتلىق ئوقنى قولغا كەلتۇرۇش ئارقىلىق خور سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ جان تومۇرى بولغان ياۋا كالىنى ئۆلتۇردى. ئۇ ياۋا كالا تېرىسىنى ئاشلىدى ـ دە، بەخىرامان قايتىپ كېلىپ:

— ئەمدى ئوت ئۇلغايتىدىغان تۇلۇم ياسايمەن! — دېدى.

شاھزادە گارۋاۋۇنا ئۇنىڭغا قاراپ، خورسىنغان ھالدا:

— گۇناھ ئەمەسمۇ، سەن مۇشۇنداق قىلىپ، ئالتۇن تەختنى قاچان ياساپ بولىسەن؟ — دېگىنىچە يەنە ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى.

تۆتىنچى كۈنى تاڭنى ياغاچ كۆمۈر كۆيدۈردى. بەشىنچى كۈنى بەزى تۆمۈر ئادەم، تۆمۈر ئات ۋە قەلەي قىزلارنى، مىس راھىبلارنى ياسىدى. ئۇ شۇ نەرسىلەرنى ياسىغاچ ئوينايتتى.

شاھزادە گارۋاۋۇنا بۇنى كۆرۈپ، ئەندىشىگە چۈشكەن ھالدا مۇنداق دېدى:

— ئوغلۇم، ساراڭ بولۇپ قالمىغانسەن؟ ئۆگۈنلۈككە ئالتۇن تەختنى تاپشۇرىدىغان تۇرساق، سەن تېخىچىلا بۇ نەرسىلەرنى ئويناپ ئولتۇرىسەنغۇ؟ بۇ ئالتۇن تەختنى تۆمۈرچى توققۇز ئالۋاستى ئاكا ـ ئۇكىلار ۋە نەچچە مىڭلىغان ئىشلەمچىلەر توققۇز يىلدا ئاران پۈتكۈزگەن، ئەتە بىر كۈن ئېچىدە ئۆزۈڭ يالغۇز قانداق ياساپ بولالايسەن؟ قارىغاندا، بىز بىر ئائىلىدىكىلەرنىڭ جېنى سېنىڭ قولۇڭدا نابۇت بولىدىغان ئوخشايدۇ!

شۇ كۈنى كەچتە شاھزادە گارۋاۋۇنا ئۆيىدە يېتىپ غەمگە چۆككەندى، تۇيۇقسىز جاراڭلىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، كىيىمىنى يېپىنچاقلىغىنىچە تۆۋەنگە چۈشۈپ قارىۋېدى، قىزىل رەڭلىك تۆمۈرچىلەردىن 360 كىشىنىڭ تاڭنىنىڭ تۆمۈر تاۋلاپ ئالتۇن



تەخت ياسىشىغا ياردەملىشىۋاتقانلىقىنى، تەختنىڭ پۈتەي دەپ قالغانلىقىنى كۆردى. شاھزادە گارۋاۋۇنانىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى، كۆڭلىدە: «بۇ بالا قالتىس ئىكەن، بىراق شۇنچە كۆپ تۆمۈرچىلەرنى نەدىن تاپقاندۇ؟ ياكى بىرەر ئەۋلىيانىڭ نامايەندىسىمۇ يا؟» دەپ ئويلىدى.

يەتتىنچى كۈنى سەھەردە، سېرىق بارگاھ شاھىغا ئالىلقاچان خەۋەر يەتكۈزۈلگەچكە، ئۇنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتكەنىدى. بۇ چاغدا گارۋانىڭ 18 قەبىلىسى ئالتۇن تەختنى چۆۋۈپ، ئايرىم ھالدا يەتتە ئات ھارۋىسىغا قاچىلىدى، شاھزادە گارۋاۋۇنا باشتىكى ئېگىز ئاتقا مىنىپ، تۆمۈرچىلەر قوشۇنىنى باشلىغان ھالدا ياسكاما قەلئەسىگە سوۋغا تەقدىم قىلىش ئۈچۈن داغدۇغا بىلەن ئاتلاندى.

سېرىق بارگاھ شاھى بۇنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدا كەينى ـ كەينىدىن ماختىدى ھەمدە شۇ ھامان گارۋاۋۇنا بىلەن ئوغلىنى مۇكاپاتلىدى.

ئونىنچى كۈنى، سېرىق بارگاھ شاھى ئوق ئېتىش ئويۇنى ئارقىلىق تەبرىكلىمەكچى بولدى.

دوچىن ئالدى بىلەن بىر ئوق ئۇزدى. بۇ چاغدا كۇندۇز ئالۋاستىسى ئاق ئۆچكىنى مىنگەن ھالدا بوشلۇقتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، لېكىن ئېلى جەڭ ئىلاھى بۇ ئوقنى كۇندۇز ئالۋاستىسىغا قاراپ ئۇچۇردى. ئېچىنىشلىق ۋارقىرىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كۇندۇز ئالۋاستىسى بىلەن ئۇنىڭ ئاق ئۆچكىسىگە بىرلا ۋاقىتتا ئوق تېگىپ، «گۇم» قىلىپ يەرگە چۈشۈپ، بۇرۇنغا بىر سېسىق پۇراق ئۇرۇلدى. خورلار بىردىنلا داڭقېتىپ تۇرۇپ قېلىشتى.

دوچىن ئۇدۇلدىكى ئالىچىپار تام ئۈستىدىكى مىس ئەينەككە تەگكۈزمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن تەگكۈزەلمىدى. بۇ چاغدا تاڭنې ئورنىدىن تۇرۇپ، «ئۈچ دائىرىنى بويسۇندۇرغۇچى» ياسى ۋە «سېھىرلىك تۆمۈر قانات» ئوقىنى ئادەتتىكى ئوقياغا ئايلاندۇ-

روپ بىر ئوق ئۇزۇۋېدى، «گۇم» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەك مىس ئەينەكتىن تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى، ياسىكاما شەھىرى خۇددى چوڭ يەر تەۋرەش يۈز بەرگەندەك بىر دىنلا تەۋرەندى. كىشىلەر ئىختىيارسىز هالدا بارىكاللا ئېيتىشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، تاڭنې تىلغا ئېلىنسىلا ئۇنىڭغا قايىل بولمايدىغىنى قالمىدى.

ۋاقىت ئاستا ـ ئاستا ئۆتمەكتە، بىر كۈنى خور پادىشاھ ـ ۋەزىرلىرى ئۆتكەن قېتىمقى ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسىدە تەۋرىنىشتىن بۇزۇلغان ئالتۇن تۇۋرۇكنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەگەر ياسىكاما قەلئەسىدە قىرلىق ئالتۇن ئەلەم تۇۋرۇكى بولمىسا، ئامەت كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ۋەزىپىمۇ تەبىئىي هالدا هۈنەرگە پىششىق بولغان تاڭنېغا يۈكلەندى.

تاڭنې مۇنداق دېدى:

— ئالتۇن تۇۋرۇكنى سوقۇش ئاسان، لېكىن ئۇنى پۇختا، مۇستەھكەم قىلىش تەس، چۈنكى ئالتۇننىڭ سۈپىتى يۇمشاق، ئۇنىڭ سوقۇلۇپ بۇزۇلۇشتىن ساقلىنىشى تەس. ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك بولۇشى ئۈچۈن، ئەڭ ياخشىسى بىر قىرلىق چۆيۈن ئەلەم تۇۋرۇكى قۇيۇش لازىم؛ ئەگەر گۈزەللىكتە تەڭداشسىز بولسۇن دېسەڭ، ھەسەن ـ ھۈسەن ئارقىلىق بىر ھەسەن ـ ھۈسەن تۇۋرۇكى ياسىغان ياخشى!

تاڭنې سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ بۇنىڭغا ناھايىتى قىزىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— سەن پەقەت ھەسەن ـ ھۈسەننى قولغا كەلتۈرەلىسەڭلا، مېنىڭ ئۇنى سوقۇپ چىقىشقا ئامالىم بار.

بىر چەتتە تۇرغان شىنبامىرۇز ھەقىقەتەن ئۆزىنى باسالماي:

— شاھىم، خۇددى گاس پىتىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەكلا گەپ بولدى ـ دە بۇ، ھاھا، نەدىمۇ ئۇنداق ئاجايىب ـ غارايىب

ئىشلار بولسۇن؟ — دېگىنىچە مەسخىرە قىلىپ كۈلدى.
سېرىق بارگاھ شاھى شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغان قۇرۇق خىيالغا بېرىلگەنلىكىنى بىلدى ـ دە، نائىلاج:
— ئۇنداقتا بىرەر ئەجىر بىلەن پۈتىدىغىنىنى ياسىغىن! — دېدى تاڭنىغا.
ئاخىرىدا كۆپچىلىك ئالتۇن تۇۋرۇكنى بەش كۈندە ياخشى سوقۇپ چىقىشنى قارار قىلدى ـ دە، ھەرقايسىسى ئۆز يولىغا ماڭدى.
ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، تاڭنى ئىشقا كىرىشمىدى. تۆتىنچى كۈنى سەھەر تېخى تاڭ سۈزۈلمىگەن، يەرگە تېخى قىرو چۈشمىگەن، ئاق قۇلار تېخى كىيىملىرىنى كىيمىگەندە، تاڭنى ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئىچىدە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلدى، ئاندىن ئەسۋاب ـ جابدۇقلىرىنى يىيىپ، جاڭ ـ جۇڭ قىلغان ئاۋازلار ئىچىدە بىردەملىك ماھارەت بىلەن ئالتۇن تۇۋرۇك، تۆمۈر زەنجىر قاتارلىقلارنى سوقۇپ بولۇپ، ئەتراپىنى كۈن نۇردەك چاقناتتى.
شاھزادە گارۋاۋۇنا ئالتۇن تۇۋرۇكنىڭ شۇنچە كۆركەملىكىنى كۆرۈپ، ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختىدى ـ دە، دەرھال ئادەم تەشكىللەپ ئۇنى ياسكاما قەلئەسىگە ئاپاردى. ئالتۇن تۇۋرۇك تېزلىكتە قەلئەدىكى ئوردا ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، سېرىق بارگاھ شاھى بىلەن ۋەزىرلەر بۇنى كۆرۈپ، خۇشاللىقتىن چاۋاك چېلىپ باركاللا ئېيتمىغىنى قالمىدى. بۇ چاغدا قەيەردىندۇر شېچىن ئىسىملىك بىر ئەبلەخ قىسىلىپ چىقىپ، ئىچى ئاداپ، ئۇنىڭ بىلەن چېلىشىمەن دەپ، تۇرۇۋالدى.
تاڭنى ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، «ھىم» دەپلا قويدى ـ دە، قاراپمۇ قويمىدى. شېچىن ئۇنىڭ كۆپچىلىك ئالدىدا يۈزىنى چۈشۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، بىلەكلىرىنى خۇددى پىلنىڭ بۇرنىدەك بىرنەچچە قېتىم تۇردى، ئاندىن تاڭنىنى قوچاقلىۋېلىپ ئۇنى

يىقىتماقچى بولۇپ قانچە كۈچىگەن بولسىمۇ، تاڭنى خۇددى بىر تاغدەك مىدىراپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭ تېخىچە بولدى قىلغۇسى كەلمىگەنلىكىنى كۆرگەن تاڭنى بىلەكلىرىنى بىر سىلكىش بىلەنلا، شېچىننى يىراققا ئېتىۋېدى، ئۇنىڭ يۈرەك، ئۆپكىلىرى يېرىلىپ، تىن تارتماي ئۆلدى.

ۋەزىرلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ھالدا، «پالۋان» ئاتالغان شېچىننىڭ قانداق بولۇپ بۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلەلمەيلا قالدى.

سېرىق بارگاھ شاھى خۇددى لىڭ ئېلى ئۇرۇش ئىلاھى يۈرىكىنى قاماللىۋالغاندەك بولۇپ، تاڭنىغا ئۆزىنىڭ سېپى چىدقىپ كەتكەن، «ئويناتسا مىڭلىغان قوشۇننى قىرىدىغان» قىلىچىنى ياساش ۋە زىنىنەتلەشنى بۇيرۇدى.

تاڭنى قىلىچنى كۆرگەندىن كېيىن، قاقاقلاپ كۈلگىنىچە:

— شاھىم، بۇ قىلىچنىڭ قورۇق نامىلا بار ئىكەن، ھەتتا ئۇنىڭ سېپىمۇ بوش تۇرسا، كۈلكىلىك ئىش ئەمەسمۇ؟ — دېدى ـ دە، پادىشاھنىڭ قىلىچىنى ياخشى ياساشقا ماقۇل بولدى.

تاڭنى قىلىچنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئاۋۋال بۇ ئارقىلىق خور ئېلىنىڭ جان تومۇر تېغىدىكى جان تومۇر دەرىخىنى كەستى، شۇنداقلا بۇ قىلىچ بىلەن يەنە جان تومۇر تېغى كەينىدىكى جان تومۇر يولۋىسىنى ئۆلتۈردى. ئاندىن قىلىچقا ئەپسۇن ئوقۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ سېپىنى ياساپ، سېرىق بارگاھ شاھىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

سېرىق بارگاھ شاھى قىلىچنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ چىقىرىدۋېدى، پۈتكۈل ئوردا شەپەق نۇرىغا چۆمۈپ، كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتىۋەتتى. ئۇنىڭ قارىغانسېرى خۇشاللىقى ئېشىپ، ئۇنى قولىدىن چۈشۈرگىسى كەلمىدى. تاڭنى بۇ قىلىچ بىسىنىڭ ئۆتكۈرلىكىنى سىنايمەن دەپ قول تەگكۈزۈشكە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن سېرىق بارگاھ شاھى بۇنىڭغا قىزى-

قىپ، ئوڭ قول بارماقلىرى ئارقىلىق قىلىچ بىسىنى سىناپ بېقىۋېدى، ئويلىمىغان يەردىن بارماقلىرى قىلىچ بىسىغا تېگىش بىلەنلا ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشتى، ئۇ ئاغرىققا چىدىماي قىلىچنى تاشلاپ، تەختتىن دومىلاپ چۈشتى، قانلار بارماقلىرىدىن يامغۇر-دەك سىرغىپ چىقتى.

مەيداندىكى ۋەزىرلەر ۋە قوغدىغۇچىلار پاتپاراق بولۇشۇپ، ئۇنىڭ يارىسىنى تاڭغان بولسىمۇ، لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ قاننى توختىتالمىدى. سېرىق بارگاھ شاھى بىردەمدىلا ھوشىدىن كەتتى. كۆپچىلىكنىڭ ئامالسىز قالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— مېنىڭ شاھىمنى ساقايتىدىغان بىر ئامالىم بار، لېكىن پۇرىقى سېسىقراق، ئۇنى ئىشلەتسەم بولارمۇ - بولماسمۇ؟ — دېدى تاڭنې.

— ئادەمنى قۇتقۇزۇش مۇھىم، ئۇنىڭ پۇرىقى بىلەن نېمە كارىمىز، — دېيىشتى كۆپچىلىك.

تاڭنې پوق بىلەن سۇيدۇكنى ئارىلاشتۇرۇپ، سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ ئاغزىغا سالدى، ئاندىن قولىقىغا ئۈچنى پۈۋلىۋېدى، قان توختاش بىلەنلا قالماي، پادىشاھمۇ ھوشىغا كەلدى. ئۇ ئىنتايىن مەيۈسلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن گۇناھنى ھېچكىمگە قو-يالماي، پەقەت ئۆزىنىلا ئەيىبلىدى.

بۇ چاغدا، جۆلاشەن تېغىدىكى ئەرۋاھ بىر قارا بۆرىگە ئايلان-غان ھالدا ئوردا ئىشىكى ئالدىغا كەلدى - دە، قورام تاشتا ئولتۇرغىنىچە سېرىق بارگاھ شاھىغا قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ يې-قىنچىلىق بىلدۈردى، لېكىن تاڭنېغا پەنجىسىنى كۆتۈرگەن ھالدا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، غەزىپىنى ئىپادىلىدى. باشقىلارنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلانغان تاڭنې يوشۇرۇن ھالدا تاش زەنجىر سالغىغا بىر تاشنى سېلىپ ئېتىش ئارقىلىق قارا بۆرىنى بىراقلا ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. ئۇچۇپ چىققان بىر كىچىك تاش پارچىسى يەنە چاڭناغا تېگىپ، ئۇنىمۇ ئۆلتۈردى. چۆچۈپ كەتكەن



پادىشاھ ـ ۋەزىرلەر كەينى ـ كەينىدىن:

— بۇ نېمە ئىش، بۇ نېمە ئىش؟ — دېيىشىپ كەتتى.

شۇ كۈنى كەچتە سېرىق بارگاھ شاھى تۇرلۇك ئەندىشىلەرگە پېتىپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى، ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىنلا ئاندىن كەينى ـ كەينىدىن يۈز بەرگەن يامان ئىشلارنىڭ تاڭنىي بىلەن مۇناسىۋىتى باردەك ھېس قىلدى. ئۇ ئەتىسى سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ شاھزادە گارۋاۋۇنا ئائىلىسىدىكىلەردىن باشقا ئەلەم ـ قەلەم سەركەردىلىرىنى يوشۇرۇن يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى.

شىنبامىرۇز تاڭنىينىڭ گېپىر ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان پەرەز قىلغاچقا، كېڭەشلەرگە ئىنتايىن ئاز قاتنىشىپ، ئىزچىل ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ، خىيال ئىچىدە يۈرەتتى. شۇ تاپتا ئۇ خۇددى ھېچنېمىنى بىلمىگەن كىشىدەك، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئولتۇردى.

كۆپچىلىك ھېچبىر ئامال تاپالماي ئولتۇرغاندا، دوچىن:

— ئامال تېپىلدى، شاھىمنىڭ پەرمانى ئارقىلىق ئادەم يەيدىغان جان تومۇر يولۋاس ئىشقا سېلىنسا، تاڭنىي ھەقىقەتەن گېپىر بولغان ھالەتتىمۇ جان تومۇر يولۋىسىنىڭ رەقىبى بولالمايدۇ، تاڭنىينى جان تومۇر يولۋىسىنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتسەك، ئۇنى يولۋاس چوقۇم يەۋېتىدۇ، —دېدى.

ۋەزىرلەر بۇ ئۇسۇلغا دەرھال قوشۇلۇپ، شۇ ھامان قارار قىلىشتى.

ئەتىسى سېرىق بارگاھ شاھى تاڭنىينى چاقىرتىپ كېلىپ، ناھايىتى سەمىمىي قىياپەتتە مۇنداق دېدى:

— تاڭنىي، مەن بىر ئاۋارىچىلىككە قالدىم، جۆلا ئىلاھىي تېغىدا ئادەم يەيدىغان بىر ۋەھشىي يولۋاس پەيدا بولۇپ قاپتۇ، ئۇنىڭغا ھېچكىم تاقابىل تۇرالمايدۇ، شۇڭا بۇ ۋەزىپىنى ساڭا تاپشۇرماقچىمەن!

تاڭنىي، ئۇ جان تومۇر يولۋىسىنىڭ ئاللىقاچان ئۇ ئالەمگە

كەتتى، شۇ ئارقىلىق ماڭا تاقابىل تۇرماقچى بولغىنىڭ ئۇخلىماي چۈش كۆرگىنىڭ! دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئانچە رازى بولمىغان قىياپەتتە ماقۇل بولدى.

تاڭنىي ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاللىقاچان ئۆلتۈرۈلگەن جان تۇمۇر يولۋسىنىڭ تېرىسىنى ئېلىپ، سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ قېشىغا ئاپاردى.

پادىشاھ، ۋەزىرلەر تاڭنىينىڭ قولىدىكى يولۋاس تېرىسىنى كۆرۈپ، ھاڭ - تاڭ قېلىشتى.

تاڭنىي توغرىسىدىكى ئىشلار جۇماۋنىڭ قۇلىقىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ غەمكىن كۆڭلىنى ئازراق ئۈمىد نۇرىغا چۆمدۈردى. ئۇ قۇياش نۇرىنىڭ تاغ - دەريالارنى قاپلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى؛ ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇپ، يامان چۈشتىن بالدۇرراق ئويغىنىشنى تىلەيتتى.

دېرىزىدىن تۇنجى سەھەر نۇرى كىرگەندە، ئۇنىڭ ياشقا تولغان كۆزلىرى ئاللىقاچان سىرتقا تىكىلگەنىدى. ئۇ تاڭنىينىڭ شەپەق نۇرى ئىچىدە ئۆزى تۇرۇشلۇق قەلئە دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ، شۇ يەردە ئولتۇرغان ھالدا نېمىدۇر بىر نەرسىنى كۈتۈۋاتقاندەك تۇرغانلىقىنى كۆردى. جۇماۋ بىر خىل بەخت سېزىمى ئارقىلىق يەڭگىل قەدەملەر بىلەن مېڭىپ ئەھۋال سوراش ناخشىسىنى ئېيتتى.

تاڭنىي تونۇشلۇق بېرىشكە ئالدىرىماي، بەلكى گېپىرنى لىك ئېلىدە ئالۋاستى يەۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

بۇنى ئاڭلىغان جۇماۋ راست دەپ قېلىپ، ياشىغىنىنىڭ ئەھمىيىتى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. تۇيۇقسىز، ئۇ تاڭنىينىڭ بېلىدىن كىچىك پىچاقنى ئېلىپ، ئۇنى ئۆز كۆكرىكىگە سانجىدى. تاڭنىي چاققان كېلىپ، ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ پىچاقنى تارتىۋالدى - دە، كۈلگەن ھالدا مۇنداق دېدى:

— مەن ساڭا چاقچاق قىلىپ قويسام راست دەپ قالدىڭمۇ؟

مەن گېسېرنىڭ ئالۋاستىلارنى ئاللىقاچان تەسلىم قىلغانلىقىنى بىلىمەن، هازىر ئۇ دەل خور ئېلىدە!
جۇماۋ بىر ئىشنىپ بىر ئىشەنمىدى، تاڭنى بولسا هازىر تېخى تونۇشلۇق بېرىدىغان چاغ ئەمەس، دەپ ئويلاپ، بىر باهانە بىلەن كېتىپ قالدى. ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك خانىشىنىڭ سالامەت تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى جايىغا چۈشتى.
گېسېر شاهنىڭ قىزىل توشقانقۇلاق ئېتى خوجايىنىنىڭ ئەقىل - پاراسەت ۋە باتۇرلۇقى ئارقىلىق سېرىق بارگاھ شاهىنىڭ قول ئاستىدىكى چوڭ سەركەردىلىرىدىن شېچىن، چاڭنا قاتارلىق كىشىلەرنى يوقاتقانلىقى هەمدە يول توسىغۇچى ئالۋاستىلار ۋە خور سەركەردە - لەشكەرلىرىنى، هەتتا خورنىڭ جان تومۇر يولۋىسى، جان تومۇر بېلىقى، جان تومۇر دەرىخىنىمۇ بىر - بىرلەپ بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، خورنى بويسۇندۇرۇش ۋاقتى يەتكەنلىكىنى هېس قىلىپ، ۋاقتىنچە گېسېردىن ئايرىلدى - دە، لىڭ ئېلىگە قويۇندەك ئۇچۇپ كەتتى.
گالىگوڭچۇڭ بۇ چاغدا دۆلەت ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ، گېسېر شاهنىڭ غەلىبە خەۋىرىنى كۈتۈپ تۇراتتى. قىزىل توشقانقۇلاق ئات گېسېر شاهنىڭ خور ئېلىدىكى ئەهۋالىنى بىر - مۇبىر بايان قىلدى. ئاندىن يېڭىۋاشتىن يەنە گېسېرنىڭ قېشىغا قاراپ ئۇچتى.
لىڭ ئېلى پۇقرالىرى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، گېسېر شاه بىلەن ئىچكى - تاشقى جەهەتتىن ماسلاشقان هالدا خورغا هۇجۇم قىلىشنى تەكلىپ قىلدى.
ئىككىنچى كۈنى، هەرقايسى قەبىلە قوشۇنلىرى تولۇق قوراللىنىپ، داغدۇغا بىلەن خور ئېلىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. قوشۇن رەتلىك هەم هەيۋەتلىك ئىدى، ئەتراپ هەربىي بايراقلارغا تولغانىدى، بوشلۇقنى دۇبۇلغا پۆپۈكلىرى، يەر - زېمىننى ئادەم ۋە ئاتلار قاپلىغانىدى. لىڭ قوشۇنى بىر مەزگىل تەرتىپكە سې-

لىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ روھى يېڭىۋاشتىن ئۇرغۇدى.
ئۇلار يول بويى ئاتاكا قىلدى، يول بويى ئىلگىرىلىدى. ياسكاما سېپىلى ئۈستىدىكى قاراۋۇللار نەدىن كەلگەنلىكى نامەلۇم بولغان بۇ قوشۇننى بايقاش بىلەنلا، دەرھال سېرىق بارگاھ شاھىغا دوكلات قىلدى. سېرىق بارگاھ شاھى سېپىل راۋىقىغا چىقىپ لىك ئېلىنىڭ زور قوشۇنى كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قورقىنىدىن جان ـ پېنى چىقىپ كەتتى. بىر هازادىن كېيىن، دەرھال ھەرقايسى قەبىلىلەرگە خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئادەم ئەۋەتىشنى بۇيرۇدى.
قوشۇن شەھەرگە قىستاپ كەلدى، ياسىكاما شەھىرى خەۋپ ئىچىدە قالدى. سېرىق بارگاھ شاھى خۇددى پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تىت ـ تىت بولماقتا ئىدى. دەل شۇ چاغدا، تاڭنى كىرىپ كەلدى ـ دە:
— پادىشاھىئالەم، هازىر خور ئېلىدە لىك ئېلى بىلەن جەڭ قىلىشنى خالايدىغان ھېچكىم يوق، قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى.
سېرىق بارگاھ شاھى چامباشچىلىق سەنئىتىگە ماھىر ئىدى، هازىر پاراكەندىچىلىكتە ئۇنىڭ ئۇنداق سەۋرچانلىقى ئاللىقاچان يوقالغانىدى. ئۇ:
— تېز، سەن تېز شىنبامىروزنىڭ قېشىغا بېرىپ كېڭىشىپ باق، ئۇنىڭ دۈشمەننى چېكىندۈرۈش ئۇسۇلى بارمىكىن! — دېدى.
تاڭنى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەھەردىن چىقتى ـ دە، ئۇدۇل لىك قوشۇنى بارگاھىغا بېرىپ، ئەركەك شىر شاھ قىياپىتىدە پەيدا بولدى ـ دە، مۇنداق جاكارلىدى:
— ئەتە تاڭ يورۇشى بىلەنلا ياسكاما شەھىرىگە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتىمىز. پالېي قوشۇن باشلاپ شەرقىي دەرۋازىغا، دەنما جەنۇبىي دەرۋازىغا، گالىگوڭچۇڭ غەربىي دەرۋازىغا ھۇجۇم

قىلسۇن، شىمالىي دەرۋازا ئەسىرگە چۈشكەن خور قوماندانلىرى-نىڭ چىقىش ئېغىزى قىلىنىپ، تۆت ئەرۋاھ قوشۇن قوماندانى ئارقىلىق قوغدالسۇن. چوڭ قوشۇن بىرلا غەيرەت بىلەن قاراقچى-لار شەھىرىنى ۋەيران قىلسۇن، كىچىكتۇرۇشكە ھەرگىز بولماي-دۇ.

گېسىر ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپلا، يەنە ئالدىراش ئەس-لىدىكى ئورنىغا قايتىپ كەلدى ـ دە، قىزىل توشقانقولاق ئاتنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئاق بۇركۇتكە ئايلىنىش ئارقىلىق تولا تېغى باغرىغا ئۇچۇپ بېرىپ، چاتساشاغىردىن ئايلانغان قورغۇيغا ياسكا-ما شەھىرىگە كېلىپ جەڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىشنى ھەمدە ئۈچ ئەرۋاھ ئاچا ـ سىڭىلغا دەرھال كېلىپ جەڭ ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلىشنى تاپىلىدى.

شۇ كۈنى كەچتە ئاي قوتانلىغان بولۇپ، يىراقتىن پات ـ پات ئازابلىق يىغا ئاۋازى كېلەتتى. گېسىر ئارامسىزلىنىپ، بۇنىڭدىن بىر خىل غەلىتىلىك ھېس قىلدى ـ دە، سىرتقا چىقىپ كۆزدىن كەچۈردى. ئەسلىدە خور پۇقرالىرى ئۇرۇش ئاپىتىدىن قورقۇپ، تۆت ـ بەشتىن بولۇپ يىغلىشىۋاتقانىكەن. ئاق كۆڭۈل گېسىر شاھ قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا مۇنداق دېدى:

— بىچارىلەر، بۇ گۇناھسىز نامرات پۇقرالارنى ئامال قىلىپ ئۇرۇش ئوتى يانغان جەڭ مەيدانىدىن خاتىرجەمرەك بىر يەرگە كەتكۈزۈپ، پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغان ئاپەتتىن ساقلاش كې-رەك!

كۆپ ئۆتمەي، پايانسىز يايلاقتا مۇنداق بىر چاقىرىق ئاڭلان-دى:

— كۆپچىلىك، ۋەتەنتاڭجاماۋدىكى تاغ ئويمانلىقىغا بېرىڭلار! ئۇ يەردىكى ئالتۇن ھالقا تاقىغان شىر ئويناتقۇچى كۆپچىلىكنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇپ خاتىرجەم قىلىشقا ياردەم بېرەلەيدۇ!

غەم ئىچىدە قالغان كىشىلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بىردىنلا

جانلىنىپ كەتتى، ئۇلار قېرىلارنى يۆلەپ، بالىلىرىنى يېتىلىگىنىچە، ۋەنتاڭجاماۋدىكى تاغ ئويمانلىقىغا قاراپ سەلدەك ئاقتى.

ئەمدى گېسېر شاھنىڭ كۆڭلى خېلى جايىغا چۈشتى - دە، چېزۇنىيىشى بىللەن بىللە قىزىل توشقانقۇلاق ئاتقا مىنىپ، سېرىق بارگاھ شاھى ئوردىسىغا كەلدى. گېسېر شاھ تۆمۈر زەنجىرنى تۇتقان ھالدا يۇقىرىغا ياماشتى. بۇ چاغدا ئەرۋاھ ئۈچ ئاچا - سىڭىل قىزىل توشقانقۇلاق ئاتتىن ئۆزگەرگەن ئاق بۇركۈتنى قوللىرىغا ئالدى، ئۇلار ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى ئۆز ئۇن نۇرلۇق چىراغنىڭ قېشىغا تارتىپ باغلاپ، يەنە بىر ئۇچىنى گېسېر شاھقا بەردى. گېسېر شاھ ئالتۇن تۇۋرۇكتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئارغامچا بىلەن «ئاق رەڭلىك يولۋاس ئوردىسى» نىڭ يان ئىشىكىنىڭ ئۇدۇلىدىكى نۇرلۇق چىراغ ئالدىغا كەلدى. بۇ نۇرلۇق چىراغ بىر خىل چىدىغۇسىز سېسىق پۇراق چىقىرىپ، توختىماي ئۇچقۇندايتتى. گېسېر شاھ چىراغ مېيى ئىچىگە قان شەربىتىنى قۇيۇۋېدى، شۇ ھامان ئۇنىڭدىن ئۈچ قوڭغۇز ئۆمىلەپ چىقتى. ئۇ چىراغنى يەرگە ئاتتى، ئاندىن ئەرۋاھ ئۈچ ئاچا - سىڭىلنى چاقىرىپ، ئۇلارغا بۇ يەرگە ئوبدان قاراشنى تاپىلىدى.

سەھەردە لىنىڭ قوشۇنلىرى ياسىكاما شەھىرىنى قاتمۇقات قورشىۋالدى. پالىېنىڭ چىرايى بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ، كۆزلىرى چاقناپ، غەزەپ - نەپرىتى يالقۇنلايتتى، نەپەس ئېلىشى جىددىيلىشىپ، چىشلىرى غۇچۇرلايتتى، ئۇ ئايپالتىسىنى كۆتۈرگىنىچە سېپىل دەرۋازىسىغا ئېتىلىپ بېرىپ چاپتى. باشقا باتۇرلارمۇ پالتىلىرىنى كۆتۈرگىنىچە يېتىپ كېلىپ، زەرب بىلەن دەرۋازىنى ئېچىۋەتتى. دەرۋازا ئېچىلىشى قوغداۋاتقان خور سەركەردە - لەشكەرلىرى ئالدىراش - تېنەش:

— كەلدى، ھۇجۇم قىلىپ كەلدى! — دەپ ۋارقىراشقىنىچە ئوت كۈچى بىلەن قارشى ئالدى. ئىككى تەرەپ گىرەلەشمە جەڭگە چۈشۈپ كەتكەندە، قەلئە ئىچىدىكى خور قوشۇنلىرى سىرتتىكى

بارلىق ئۆزۈن ـ قىسقا شوتىلارنى قەلئە ئىچىگە ئەپكىرىۋەتتى، چوڭ ـ كىچىك قەلئە دەرۋازىلىرىنىڭ ھەممىسىنى چىڭ ئەتتى، پالېي قوشۇنلىرى قەلئەگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىشكە ئامال قىلالـ مىدى، شۇنداقلا دەرۋازىغا ئوت قويۇشقىمۇ جۇرئەت قىلالمىدى، چۈنكى بۇ چاغدا گېسېر ۋە خانىش جۇماۋلارنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلەلمەيتتى.

بۇ چاغدا، تۆمۈرچىلىك دۇكىنىدىكى تاڭنې چېزۇنيىشىغا:

— ئەمدى سېرىق بارگاھ شاھىغا ئات ئىگەرلەش پۇرستى كەلدى، سەن مېنىڭ قورال ـ ياراغلىرىم، دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلىـ رىمنى تېز ئېلىپ كەل ھەمدە ماڭا ئاق يول تىلە! — دېدى.

چېزۇنيىشىنىڭ مېڭىشلىرى پەرىلەردەك يەڭگىل، ئاۋازى خۇددى ئۇستا سازەندىنىڭ ساز چېلىشىغا ئوخشاش ئىدى، ئۇ كۆلۈمسىرىگەن ھالدا جەڭ ئىلاھىغا ئۈچ قېتىم باش ئۇردى، بىر ئاپئاق پۆپۈكنى ساۋۇت ـ دۇبۇلغىغا ئۇراپ، تاڭنېغا ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن تەقدىم قىلدى ھەمدە بەخت تىلەش ناخشىسىنى ئېيتتى.

چېزۇنيىشى يەنە پەرمان ئوقى ئارقىلىق جەڭ ئىلاھىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، قۇتلۇقلاش شارابى تۇتۇپ، تەڭرى ئاتا تەقدىم قىلغان ئۇزۇن ئۇمۇر كۆرۈش ۋاجراسىنى تاڭنېنىڭ بوينىغا ئاستى، مول زىيايەت ھازىرلاش ئارقىلىق ئۇنى ئۇزاتتى.

گېسېر ئەسلىي ھالىتىگە ئۆزگىرىپ، دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلىرىنى كىيگەن ھالدا قىزىل توشقانقۇلاق ئېتىغا مىندى ـ دە، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە قەلئە تۈۋىگە كەلدى، ئۇ تۆمۈر قوزۇقنى سېپىل تېمىغا قاقتى. لىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى گېسېر شاھنى تونۇپ، خۇشاللىقىدىن سەكرىشىپ كەتتى. گېسېر سېپىل ئۈستىگە چىقىپ، قولىدىكى تۆمۈر زەنجىرنى جاراڭلاتقان ھالدا تاشـ لىۋېدى، تۆمۈر زەنجىر سېپىل راۋىقىنىڭ سۇمۇرغ قۇتىسى ئاستىدىكى تۆمۈر ئىلمەككە ئۇدۇل بېرىپ ئىلىنىپ، تۆمۈر زەنـ

جىر شوتىسى ياسالدى. ياسكاما قەلئەسىگە يوشۇرۇنغان سېرىق بارگاھ شاھى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن چىرايىدا قان قالمىغان ھالدا كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. شەرق، جەنۇب ئىككى دەرۋازىغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان پالېي ۋە دەنمانىڭ سەركەردە - لەشكەرلىرى دەرھال سېپىل ئۈستىگە شىددەت بىلەن ئوق ياغدۇردى، خور قوشۇنلىرى ئوق تېگىپ ئوڭدا - دۈم بولۇپ يىقىلىپ ئۆلدى. سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ جان تومۇر قوشلىرى بولغان سابا توققۇز ئاكا - ئۇكىلار قەيەردىندۇر ئۈچۈشۈپ كېلىپ، تۆمۈر زەنجىرنى ئېلىۋەتمەكچى بولۇۋېدى، قۇرغۇي ئۇلارنى بىر - بىرلەپ يەۋەتتى.

گېسىر شاھ باشلامچى بولۇپ ئۆزۈن شوتىغا يامىشىۋىدى، كەينىدىن پالېي، دەنما قاتارلىقلارمۇ ئەگىشىپ كەلدى. سېرىق بارگاھ شاھى «زۇلمەتلىك پۇختا قەلئە» گە ئالدىراش يوشۇرۇنۇپ كىرىۋېلىپ، چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ كەينىدە تۇرغان مۇچۇڭكاد كۆڭلىدە: «گەرچە مەن لىك ئېلىنىڭ نۇرغۇن قان قەرزىگە بوغۇلغان بولسامۇ، لېكىن ئەمدى خور ئېلىدە چوڭ ۋەزىيەت قولدىن كەتتى، گېسىر ئۆزى بىۋاستە قىرغىن قىلىپ كەلمەكتە. ئەگەر شۇ تاپتا تۆھپە قوشۇپ جىنايىتىمنى يۇمىسام، جەزمەن بۇ كاللامنى ساقلاپ قالالمايمەن!» دەپ ئويلىدى - دە، سېپىل كۇنگۇرىسىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئۇدا ئوق ئۈزۈش ئارقىلىق، كەينى - كەينىدىن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ پولات زەنجىر شوتىنى بۇزماقچى بولغان خور قوشۇنلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، گېسىر شاھ ۋە باشقا باتۇرلارنىڭ بىخەتەر ھالدا سېپىل راۋىقىغا كېلىشىنى قوغدىدى. مۇچۇڭكاد بۇت قۇتىسى ئىچىدىكى بىر ئاق خادانى ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن گېسىرغا تەقدىم قىلدى، ئاندىن يەنە بىر خادانى نەيزىسىگە چىگىپ، تىزلانغان ھالدا كەڭچىلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

گېسىر قەھرى بىلەن مۇنداق دېدى:

— سەن بولساڭ، ئىككى تىللىق ئەبلەخ! سەن گەرچە ئىككى تىللىق يىلانغا ئايلىنالمىغان بولساڭمۇ، لېكىن ئىككى يۈزلىمە سۆپەتتىدە بىچارىلەرچە ياشاۋاتىسەن. سېنىڭدەك ھۆپۆپكە ئوخشاش جانىۋار يوقىتىلمىسا، سەن قانداقمۇ گۇناھىڭغا توۋا قىلىپ، يېڭىۋاشتىن ئادەم بولالايسەن؟

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە، مۇچۇڭكادىنى تۇتۇپ ئۇنىڭ كۆكرىكىگە خەنجەر سالماقچى بولۇۋېدى، مۇچۇڭكاد دەرھال قەسەم قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز يامانلىق قىلماي، تۆھپە قوشۇش ئارقىلىق جىنايىتىنى يۇيىدىغانلىقىنى ئېيتتى. گېسىر شاھ ئۇنىڭ سەمىمىيلىك بىلەن توۋا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆلتۈرمىدى، ئۇ دەرھال يۈكۈنۈپ ئۇنىڭ ھىممىتىگە رەھمەت ئېيتتى.

گېسىر ئۇنىڭدىن جۇماۋنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى ھەمدە ئۇنىڭغا جۇماۋنى ئامال بار دەرھال بۇ يەرگە ئەپكېلىشنى بۇيرۇۋېدى، مۇچۇڭكاد خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى. مۇچۇڭكاد سىرتتىن نەچچە يۈز قېتىم كىشنىسىمۇ ئىچىگە ئاڭلانمايدىغان، ئىچىدە داقا - دۇمباقلار ياڭرىسىمۇ سىرتتىن ئاڭلىغىلى بولمايدىغان ھېلىقى تاش ئۆڭكۈر قەلئەسى ئىچىگە كەلدى، ئىچىدىكى ياساۋۇللار ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەنىدى، شۇڭا جۇماۋ نەزەربەنت قىلىنغان ئۆي ئىشىكى ئالدىغا خاتىرجەم ھالدا دادىللىق بىلەن يۈگۈرۈپ بېرىپ:

— جۇماۋ گېسىر شاھ بىلەن لىڭ ئېلى باتۇرلىرى ياسىكاما شەھىرىگە كېلىپ بولدى، سەن تېز بېرىپ، گېسىر شاھ بىلەن كۆرۈشكىن! — دېدى.

جۇماۋ ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمەي:

— قەلئە تېشىدا خور قوشۇنلىرى بارمۇ ياكى لىڭ ئېلى قوشۇنلىرى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— پۈتۈن شەھەرنى لىڭ ئېلى قوشۇنلىرى ئىگىلىدى! گې-

سېر شاھ مېنىڭ بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەندى، شۇڭا تۆھپە
قوشۇپ، گۇناھىمنى يۇماقچىمەن. جۇماۋ بۇنى ئاڭلاپ خۇشال
بولۇپ، مۇچۇڭكادىنىڭ كەينىدىن ئالدىراش يۈگۈرۈپ چىقىپ
ئۆڭكۈر قەلئەسى سىرتىغا قارىۋېدى، دېگەندەك سېپىل ئىچى -
سىرتىنىڭ ھەممە يېرىگە لىڭ ئېلىنىڭ بايراقلىرى قادالغانلىقىنى
كۆردى - دە، خۇشاللىقىدا شوتىلاردىن سەكرەپ دېگۇدەك، شەر-
قىي دەرۋازا مەيدانىغا كەلدى، گېسېر شاھ خۇددى يۇلتۇزلار
ئىچىدىكى ئايدەك بىر توپ باتۇرلار ئىچىدە تۇراتتى. جۇماۋ كى-
شىلەر توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ گېسېر شاھنىڭ پېشىنى تۇتقىنىچە:
— شاھىم! سەن نېمىشقا ئەمدى كەلدىڭ! سېنى تولا كۈتۈپ
تاقىتىم تاق بولدى ...— دېدى - دە، شاھنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى
ئېتىپ ھوشىدىن كەتتى. گېسېر تېۋىپنى دەرھال دورا ئەپكېلىش-
كە بۇيرۇدى. ئۇ خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ئاستا - ئاستا ھوشىغا
كېلىپ، ياشلانغان كۆزلىرىنى ئېچىپ شاھقا قارىغىنىچە پىچىر-
لىدى، تاتارغان لەۋلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەندى.

گېسېر شاھ ئۇنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرىنى سىلاپ، ئىنتايىن
ھەسرەتلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى:

— سۆيۈملۈك خانىشىم! سېنى ئازابقا قويدۇم! لىڭ ئېلى-
نىڭ ئاپەتكە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئويلىماپتىمەن. سەن قاراقچى
سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا كۆرمىدىڭ
ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولۇپ، كۆرمىگىنىڭ قالمىغان
بولسىمۇ، لېكىن قەتئىي تېز پۈكمەي، ۋەتەن - خەلق ئۈچۈن
مەردانىلىك كۆرسەتتىڭ! بىرنەچچە قېتىم ماڭا خەۋەر ئەۋەتىپ،
سادىقلىقىڭنى ئىپادىلىدىڭ، سەن ھەقىقەتەن مېنىڭ ياخشى خانى-
شىم! مەن قانچە سۆزلىسەممۇ ساڭا بولغان قايىللىقىم ۋە ھېس-
سىياتىمنى ئىپادىلەپ بولالمايمەن! بۇ قالايمىقان ھەربىي سەپتە
يۈرەك سۆزلىرىمنى ئېيتىش تېخىمۇ تەس. ئەمدى ئارزۇيىمىز
ئەمەلگە ئاشتى، كۆپ ئۆتمەي ئېلىمىزگە قايتىپ، مەڭگۈ بىللە

ياشايمىز.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ، دەرھال، مۇچۇڭكادلارغا جۇماۋنى هارۋا بىلەن سەنجۇ قەلئەسىگە ئاپىرىپ ياخشى دەم ئالدۇرۇشنى تاپىلىدى ــ دە، ئۆزى باشقا سەركەردىلەرنى باشلاپ، زۇلمەتلىك قەلئەدىن سېرىق بارگاھ شاھىنى تۇتۇشقا ئاتلاندى.

زۇلمەتلىك قەلئە ئۆڭكۈرىگە يوشۇرۇنغان سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ ئالىقاچان ھەيۋىسى تۈگىگەنىدى: «مەن سەلتەنەتلىك سېرىق بارگاھ شاھى بوگون ۋەتۋەرىكىم چىقىپ، 12 قەبىلەمنىڭ ھەممىسى يوقىغا چىقتى، قارىغاندا ھەممە نەرسە تۈگىگەن ئوخشايدۇ. مەن بىر ئادەم بۇ يەردە تۇرغانىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟! ئۇنىڭدىن چىقىپ تەسلىم بولسام، ھاياتىمنى ساقلاپ قېلىشىممۇ مۇمكىن» دەپ ئويلاپ ئۆڭكۈردىن چىقىۋېدى، دەل ئۇنى ئىزدەپ كەلگەن لىنىڭ قوشۇنلىرىغا ئۇچراپ قالدى، ئۇ قورقىنىدىن مىدىر ــ سىدىر قىلالماي، يوكونۇپ بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە گۇناھىنى تىلىدى.

بىرەيلەن ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى قىلىچ بىلەن چاپماقچى بولۇۋېدى، گېسېر ئۇنى توختىتىۋالدى:

— ئۇنىڭغا ئاسان بولۇپ قالىدۇ، بۇ قېرى ئوغرىغا ئۆزدىنى ئازراق كۆرسىتىپ، لىنىڭ ئېلىدىكى بالايىئاپەتكە ئۇچرىغان بارلىق باتۇرلار ئۇچۇن قىساس ئالايلى! — دېدى ــ دە، ئۇنى چەمبەرچاس باغلاپ، شەھەرگە يالاپ ئەپكېتىشكە بۇيرىدى. باشقا خور سەركەردىلىرى سېرىق بارگاھ شاھىنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى كۆرۇپ، بىر ــ بىرلەپ قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن، خورنىڭ مىليون كىشىلىك ئارمىيىسى پۇتۇنلەي يوقىتىلدى.

سېرىق بارگاھ شاھى شەرقىي دەرۋازا مەيدانىغا يالاپ ئاپىرىلغاندا، يەرگە تىزلانغان ھالدا باش ئۇرۇپ:

— مۇقەددەس شاھ! بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكىن! —

دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى. گالىگوڭچۇڭ باغلانغان ئارغامچىنى كەيىنگە تارتقان هالدا ۋارقىرىدى:

— مەيداندىكى ئەر - ئايال، قېرى - ياشلار ئاڭلاڭلار، ئېلىمىز لىڭ ئېلىدىكى گېسېر شاهىنىڭ ئىشلىرىغا ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن پۈتلىكاشاڭ بولغان بۇ بۇزۇق قوشۇن باشلاپ بېرىپ ئېلىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ، سانسىز باتۇرلىرىمىز ۋە پۇقرالىرىمىزنى ئۆلتۈرگەن، جۇكاڭچاماۋنى ۋەيران قىلىپ، ئالتۇن - كۈمۈش بايلىقلىرىمىزنى بۇلىۋالغان، خانىش جۇماۋنى بۇلاپ كېتىپ ئۆمۈر بويى هاقارەتلىمەكچى بولغان، ئۇ كەچۈرگۈسىز گۇناهقا پاتقان ئەبلەخ! ئۇنىڭ جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان، بۇگۈن جامائەت ئالدىدا جازالاپ، خەلقىنىڭ غەزىپىنى باسىمىز!

هەيۋىتى چەكسىز، غەزىپى قايناپ - تاشقان گېسېر شاه تەييارلانغان ئات ئېگىرىنى سېرىق بارگاه شاهىنىڭ دۈمبىسىگە قويدى - دە، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىپ، ئۇنى هەيدىگىنىچە شەرق، جەنۇب، غەرب، شىمال تەرەپلەرنىڭ هەرقايسىسىغا ئۈچ قېتىمدىن چاپتۇردى. جاهانغا پاتماي كەتكەن سېرىق بارگاه شاه ئەمدى تېرىقچىلىق هەيۋىتى ۋە ئەركىنلىكىدىنمۇ مەهرۇم بولۇپ، خۇددى بوراندا قوغلانغان هەرىدەك، تاسما قامچا بىلەن ئۇرۇلغان قېرى كالىغا ئوخشاپ قالغانىدى، يەنە تېخى ئۆلۈمدىن قۇتۇلماقچى بولاتتى. گېسېر ئەمدى يەنە سەۋر قىلالمىدى. خەنجىرىنى سۇغۇرۇۋالدى - دە، شۇ هامان سېرىق بارگاه شاهنى ئۆلتۈردى.

سېپىل راۋىقىغا ئۇۋا سالغان قۇرغۇي ئۇچۇپ كېلىپ قان ئىچىدە ياتقان سېرىق بارگاه شاهىنىڭ ئۈستىگە قوندى - دە، ئۇنىڭغا باشتىن - ئاخىرىغىچە سەپسېلىپ قارىدى - دە، سايرىغان هالدا ئۇنىڭ ئاداققي شەرمەندە ئاقىۋىتىنى كۆرۈپ ئاخىرى مۇرادىغا يەتكەندەك بولدى، ئۇ هاياجانلانغان هالدا گېسېر شاهنى ئۈچ قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن، خۇشاللىق بىلەن بىر قىچقىرغىنىچە

قانات قېقىپ ئەرشكە ئۇچۇپ كەتتى...

سەھەر، قۇياش ئۆزىنىڭ كۇمۇش نۇرلىرى ئارقىلىق ئۇ-رۇشتا ۋەيران بولغان زېمىننى پەپىلىمەكتە. پەقەت ئۇرۇش ئو-قىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىمىغان شاھزادە گارۋاۋۇنانىڭ ھويلىسىدا گۈزەل ۋە بەختلىك چېرۇنيىشى گېسىېرنىڭ قىزغىن قۇچاقلاشلىد-رىدىن ئايرىلىپ دادىسىنىڭ قېشىغا خۇشال يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭغا گېسىېرنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. بوۋاي بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرالماي تۇراتتى. چې-رۇنيىشى ئۇنىڭغا تاڭنېنىڭ گېسىېرنىڭ نامايەندىسى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. شاھزادە گارۋاۋۇنا ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىن، كۆڭلىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھۆرمەت قوزغالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، گېسىېر شاھ يەنە ياسكاما شەھىرىگە قايتىپ، ئەسىرگە چۈشكەن سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى جىناپە-تىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكى بويىچە بىر ـ بىرلەپ سەپكە تۇرغۇ-زۇپ، دوچىن قاتارلىق خور سەركەردىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ لىك ئېلىنىڭ ئۆچىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئالدى.

نۆۋەت شىنبامىرۇز كەلگەندە، گېسىېر ئۇنىڭ بويىندا ئېغىر تۆمۈر زەنجىرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ كەينىدە ھەرقاي-سى خور قەبىلىلىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىك باشلىقلىرى تۇراتتى، ئۇلار گۇناھىنى تىلەش سوۋغا ـ سالاملىرىنى تەييارلىغان بولۇپ، ماڭدامدا بىر باش ئۇراتتى. ئۇ تەسلىم بولغانلارغا ۋاكالىتەن ئىسىم ـ فامىلىسى ئىمزالانغان بىر گۇناھىنى تىلەش ئاق خادد-سىنى گېسىېر شاھنىڭ ئېتىنىڭ ئالدىغا قويدى ـ دە، ئاندىن گۇناھىنى تىلەپ يالۋۇردى.

گېسىېر شاھ بۇنى ئاڭلاپ، ئۇزاققىچە ئۈن ـ تىنسىز تۇردى، بىر ھازادىن كېيىن ھەققانىي ۋە ئاچچىق سۆزلەر ئارقى-لىق شىنبامىرۇزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدى:

ـــ سېنىڭ ئۆزۈڭنى ئاقلىشىڭ ھاجەتسىز، سېنىڭ

قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىڭ ماڭا بەش قولدەك ئايان!

شىنبامىر ۋز بۇنى ئاڭلاپ، كەيپىياتى چۈشكۈن هالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، گېسىر شاهقا قارىدى ـ دە، ئېگىلىپ ئۈچ قېتىم باش ئۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— شاهىم، ئاۋۋال بارلىق خور قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ تەسلىمىسىنى قوبۇل قىلغايسەن! ئۆزۈمگە كەلسەم، مېنى قىلمىشىمغا لايىق جازالا، مەن هېچكىمدىن ئاغرىنمايمەن!

شاه تەسلىم بولغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ هەقىقەتەن گۇناهسىزلىقىنى كۆرۈپ، شىنبامىر ۋزغا مۇنداق دېدى:

— ئۇنداق بولسا، مەن سوراپ باقاي: دەسلەپ خورلارلىڭ ئېلىگە تاجاۋۇز قىلغاندا كىم ئاۋانگارت بولغان؟ كىم ئارقا مۇداپىئەچى ئىدى؟ هوقۇقتىمۇ، كۈچىمۇ بولغان سەركەردىلەردىن بۇ يەردە قانچىسى بار؟ يوشۇرماي ياۋاشلىق بىلەن ئىقرار قىل! مەن ئۇلارنىڭ تەسلىمىسىنى هەرگىز قوبۇل قىلمايمەن!

شىنبامىر ۋز ئەينى ۋاقىتتىكى ئەهۋالنى قىلچە يوشۇرماي بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ بەردى.

گېسىر شاه ئۇنىڭ بايانىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆلۈمدىن قورقۇشتەك ئاجىزلىقنى قىلچە ئىپادىلىمەي، بەلكى گۇناهسىز پۇقرالارنىڭ ئامانلىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن قايىللىق هېسسىياتى قوزغالدى ـ دە، بىردىنلا ئۇنىڭ گۇناهىدىن كېچىش نىيىتىگە كەلدى. لېكىن، خەلق رايىنىڭ زادى قانداقلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، قاتتىق ئاۋازدا جاكارلىدى:

— ئەتە چۈشتە شىنبامىر ۋز ئۆلتۈرۈلىدۇ، خور قەبىلىلىرىدىكى بارلىق پۇقرالار تاماشا كۆرسۇن!

خور قەبىلىلىرىدىكى پۇقرالار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، كەينى ـ كەينىدىن كېلىپ، گېسىرنىڭ ئالدىدا تىزلانغان هالدا شىنبامىر ۋزنى ئۆلتۈرمەسلىكنى تىلەپ يىغا ـ زارە قىلىشتى.

گېسىر شاھ بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ:
— ئۇنداق بولسا، سىلەر پۇقرالارنىڭ ئەپۇ سوراۋاتقانلىقىڭ-لارنىڭ يۈز - خاتىرىسى ئۈچۈن، شىنبامىرۇز ئۆلتۈرۈلمەي، بەلكى جىنايەتچى قاتارىدا لىڭ ئېلىگە پالىنىپ نەزەربەنت قىلىن-دۇ، — دېدى.
كۆپچىلىك مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، باش ئۇرۇپ رەھ-مەت ئېيتىشتى. شادلىققا تولغان غەلىبە خۇشاللىقى ھەربىر لىڭ ئېلى باتۇرىنىڭ قەلبىدە يالقۇنلايتتى. شۇ كۈنى ھاۋا ئوچۇق ۋە ئىللىق ئىدى، ئۇلار شەھەر مەركىزىگە يىغىلىپ، چوڭ تەبرىك-لەش زىياپىتىنى ئۆتكۈزدى.
ئارامخۇدا كۇتولۇش ۋە داۋالىنىش ئارقىلىق خانىش جۇماۋ-نىڭ روھى ئۇرغۇپ، سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەنىدى. شۇ تاپتا ئۇ ھەسرەت - نادامەتتى ۋە قايناق ھېسسىياتىنى ناخشا بىلەن ئىپادىلىمەكتە ئىدى، ناخشىدىن كېيىن كۆز ياشلىرى يامغۇردەك قۇيۇلدى، مەيداندىكى باتۇرلارمۇ شادلىق ۋە ھەسرەتتىن كۆز ياشلىرىنى تۆكۈشتى.
گېسىر شاھ خۇددى يۈرىكىنى پىچاقتا تىلغاندەك، پارتلاش ئالدىدا تۇرغان ھېسسىيات تۇغىنى تەسلىكتە بېسىپ، خانىش جۇماۋنى ئۇلتۇرغۇزدى - دە، بىر چىنە قىزىق سۈتلۈك چاينى ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن تۇتتى. جۇماۋ سۈتلۈك چاينى بىر ئوتلاپ ئۇنىڭ تولىمۇ شېرىن ۋە تاتلىقلىقىنى، كۆڭلىگە بەكمۇ لەززەت بېغىشلىغانلىقىنى ھېس قىلدى.
گېسىر خانىش جۇماۋنىڭ ھەسرىتىنىڭ خۇشاللىققا ئايلى-نىپ، كەيپىياتىنىڭ جانلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەرقايسى خور قەبىلىلىرىدىكى ئاشلىق ئامبارلىرىنى ئېچىپ، ئاشلىق ۋە نەرسە - كېرەكلەر ئارقىلىق نامرات خور پۇقرالىرىنى قۇتقۇزۇش-قا بۇيرۇدى.
ئاندىن گېسىر قاماقتىكى شىنبامىرۇزنى چاقىرتىپ كې-

لىپ، ئىشلارنى جېكىلىگەندىن كېيىن، مۇنۇلارنى جاكارلىدى:
— لىڭ ئېلى سەركەردىسى دەنما ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇشلۇق خور ۋالىسى بولىدۇ، شىنبامىرۇزنىڭ لىڭ ئېلىگە تاجاۋۇز قىلىشى ئىلاجسىزلىقتىن بولغان، شۇنداقلا سەممىيلىك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىپادىسى بولغاچقا، ئۇنىڭغا خىزمەت كۆرسىتىپ گۇناھىنى يۇيۇش، خور ئېلىنى قوشۇمچە باشقۇرۇش ئارقىلىق خەلققە بەخت يارىتىش پۇرسىتى بېرىلسۇن!
غەلىبە بىلەن قايتىدىغان قۇتلۇق كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى، شۇ كۈنى تاڭ شەپىقى پارلىغان، زېمىن قىزىللىققا تولغانىدى. گېسېر شاھ خۇددى بالقىپ چىققان قۇياشتەك قىزىل توشقانقۇلاق ئاتقا مىنىپ، كۆپچىلىكنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاستا ـ ئاستا يۇرۇپ، ئۆز ئېلىگە قايتىش سەپىرىگە ئاتلاندى.
قىزچاق چېزۇنىيشى ئەسلىدە ئەرش قىزى بولۇپ، تەڭرى ئانىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن گېسېرنىڭ خور ئېلىنى بويسۇندۇرۇشىغا ياردەملىشىشكە كەلگەچكە، ئۇنىڭ گېسېر بىلەن لىڭ ئېلىگە قايتىشىغا بولمايتتى. ئەمدى ئۇ ئېغىر ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ بولغاچقا، ئەرشكە قايتىشى كېرەك ئىدى. گېسېر شاھ ئەسلىدە ئەرشتىن كەلگەن بولغاچقا، چېزۇنىيشىنى چۈشىنەتتى، كىم ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە پەقەت مۇشۇ خىل قىسمەتنىلا پۈتكەن؟ گېسېر شاھ چېزۇنىيشىنى پەقەتلا ئۇنتالمىدى، ھەتتا خور ئېلىدىن ئايرىلىش يولىدىمۇ ئۇنىڭ قانچە قېتىملاپ كەينىگە قايرىلىپ قارىغانلىقى نامەلۇم ئىدى!
شۇنىڭدىن كېيىن، گېسېر شاھ لىڭ ئېلىگە شەخسەن ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، يامان ئىشلارنى يوقىتىپ، پايدىلىق ئىشلارنى ئەۋج ئالدۇردى، قەلەم ئارقىلىق ئەلەمنى تىزگىنلەپ، غەيرەت بىلەن ئەلنى گۈللەندۇرۇشكە تىرىشتى. خور ـ لىڭ ئۇرۇشىدا تۆھپە قوشقان لىڭ ئېلى سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى بىر ـ بىرلەپ مۇكاپاتلىدى. ۋەتەن ئۈچۈن جېنىنى تەقدىم

قىلغان قەھرىمانلارنى بىر ـ بىرلەپ تارىخ بېتىگە پۈتۈپ، ھەيـ
كەللىرىنى ئورنىتىپ، ئەۋلادلار مـەڭگـۈ ئـەسلـەيـدىـغان
قىلدى… گېسېرنىڭ ھاكىمىيەتنى بۇنداق ئەخلاق ئارقىلىق باشـ
قۇرۇشى پۈتۈن مەملىكەت پۇقرالىرىنىڭ مەدھىيىسىگە سازاۋەر
بولدى. پارلاق لىلىڭ ئېلى ھەرقاچان ناخشا ـ ئۇسسۇل بىلەن
ئۆتتى؛ پايانسىز يايلاقنىڭ ھەممە يېرى ئاجايىپ گۈزەللىككە
تولدى.



## دۇنيادىكى ئون چوڭ ئېپوس

**شەرمەت باتۇر گېسىر شاھ**

**مىللىي قەھرىمان ماناس**

**رامەننىڭ نەتەرلىك سەرگۈزەشتلىرى**

**ئودىسسىۇسنىڭ دېڭىزدىكى نەتەرلىك كەچۈرمىشلىرى**

**ئىستېلاچى ئانېئاس**

**بۈيۈك بىرودۇ**

**نىبلۇڭىن پاجىئەسى**

**بېئوۋۇلفنىڭ يالماۋۇزنى بويسۇندۇرۇشى**

**ترويادىكى ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش**

**باتۇر شاھ جاڭغىر**

5

ISBN 7-228-09528-6

9 787228 095285 >

ISBN 7-228-09528-6

(民文) 单价:11.00 全套定价:110.00元